«جوڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物



4
2009

# 新疆文化

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498
07>
9 771008 649003

•XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى،
ئەدىب، ئۇستاز مۇھەررىر تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىددىن ئەپەندىنىڭ 75 ياشقا
تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا

## ئىتتىپاقلىق — كۈچ


مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرەيلى .... «خەلق گېزىتى» ئوبزورچىسى 2

بارچە مىللەت ئىتتىپاق.......... (كۈي نەزمىسى) ......... مۇھەممەت زۇنۇن 3

ئەل گۈللەر ئىناقلىقتىن.......... (« ») ........... ئىمىن ئەھمىدىي 3


## سەھرادىكى ھېكايە


قاغا بولۇپ قايتتى قارلىغاچ.......... (ھېكايە)..........نۇرمۇھەممەت توختى 4

سەھرالىق ئاتا ......... (پوۋېست) ...... ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 20

جىگدە قىسمىتى .......... (ھېكايە).......... ئابدۇلھەمىد ياسىن 40


## تەپەككۇر كۆزى


پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىش جەريانى ................ ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان 45

تەپەككۇر مېۋىلىرى ......................... ئابلاجان ئابلەت قاتارلىقلار 51


## «تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخنى قاقار»


سېرىكچىلىكتىن «نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئېشىكى»گىچە ...... ئابدۇشۈكۈر دولقۇن 60


## «ھاراق بىلەن دوستلاشتىڭ — ئەقىل بىلەن خوشلاشتىڭ»


ھاراق (3) ........ (ھېكايە) ........ ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 63


## ھەيرانباغ تەرمىلىرى


ئەقىل ئۆتەڭلىرىدە ........ مەھمۇتجان يانتاق قاتارلىقلار 69


## يۈرەكتىن يۈرەككە يول


ئەمادىن كەلگەن ئىلھام ......................... سى يۈ 75

جاھان ئەھلى بىر ئائىلە ......................... ساندرا. ج. بىن 76

«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»غا رەددىيە ........................ ئامارتيا سېن 77


مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە: ئۈزۈم پىشقاندا (ماي بوياق رەسىم). رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرەم كۆك


بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 58- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2009- يىل 4- سان
( ئومۇمىي 298- سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ
باشقارما دەرىجىلىك مەمۇرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە گۈزەل
سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىرى )



بارچە مىللەت ھۆر ئېلىمدە دوست - قېرىنداش تائەبەد
غايىمىز، تەقدىرىمىز بىر، چىن قېرىنداش تائەبەد

# مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرەيلى

## «خەلق گېزىتى» ئوبزورچىسى

ئۇرۇمچىدىكى «5 - ئىيۇل» ۋەقەسى خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى ناھايىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە جاراھەت قالدۇردى. لېكىن بۇ ۋەقە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر بۈيۈك ئائىلىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمدەملىك، ئىناقلىقتىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتالمايدۇ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىجىل - ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى ھەرگىز تەۋرىتەلمەيدۇ.

خەتەرلىك پەيتتە، ھەرمىللەت ئامما جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولدى. ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن قېرىنداشلىق مېھرى كىشىنى تەسىرلەندۈردى. ئۇرۇمچىدىكى « 5 - ئىيۇل »ۋەقەسىدە ھەر مىللەت كادىرلار ، ئامما كۆتۈلمىگەن بالا - قازا ئالدىدا قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىغا قول تۇتۇشۇپ قارشى تۇردى، ھەرمىللەت قېرىنداشلار بىر - بىرىنى قۇتقۇزدى، دوختۇر، سېسترالار يارىلانغان ھەرمىللەت ئاممىنى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قۇتقۇلدۇردى. شەھەر ئاھالىسى يارىلانغانلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن بەس - بەستە قان تەقدىم قىلدى ... قۇتقۇزۇۋېلىنغان بىر كىشى : ماڭا ھۇجۇم قىلغىنى يەتتە - سەككىز كىشى، لېكىن باشتىن ئاخىر ياردەم بەرگەنلەر 70 - 80 كىشى، دېدى. ھەر مىللەت ئامما مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تەسىرلىك سەھىپىسىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن پۈتتى. بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەرمىللەت قېرىنداشلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەمىنلىك، بەخت، ھاياتلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتى. مەملىكىتىمىز 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت . ھەرمىللەت خەلق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىرنىيەت - بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئىچكى - تاشقى خىرىس ۋە بېسىملارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم، مەدەنىيەت گۈللەنگەن، جەمئىيەت ئىناق، خەلق بەختىيار بولغان ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلاپ قالدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، ئورتاق گۈللىنىش، راۋاجلىنىش مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ساداسى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتە ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك. تارىخ ۋە رېئاللىق شۇنى كۆرسەتتىكى، دۆلەت بىرلىككە كېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشسا ئىش ئوڭ، ئەل ئىناق بولۇپ، ھەممە ئىش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىدۇ؛ دۆلەت بۆلۈنۈپ، مىللەتلەر ماجرالاشسا دۆلەت مۇنقەرز بولۇپ، خەلق بالايىئاپەتكە ئۇچرايدۇ. ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋەتەننى پارچىلايدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى، ئىززەت - ئابرۇيى ۋە شان - شەرىپىنى قەتئىي قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە شەرەپلىك بۇرچى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتە مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق رامكىسىدا، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە پەرقتە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىكى پەرقىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەتلىشى، ئۆگىنىشى، ھەمكارلىشىشى، ياردەملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەندىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

ئىتتىپاقلىق - كۈچ

پۇختا ئاساسقا ئىگە بولىدۇ، ئىناق جەمئىيەتنى ئورتاق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنىش غايىسى ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىدۇ.

بىز مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ھەممىسى تەقدىرداش، قەلبداشلىق ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئازسانلىق مىللەتلەرمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، دەيدىغان ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەرمىللەت كادىرلار، ئاممىنى مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان، ئورتاق گۈللەپ راۋاجلىنىۋاتقان ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئىغۋا تارقاتماي، ئىغۋاغا ئىشەنمەي، كۈشكۈرتۈش، قۇتراتقۇلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتكە قاتناشماي، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئاڭلىق قوغداشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ 2009-يىل 12-ئىيۇل تېلېگراممىسى)

# بارچە مىللەت ئىتتىپاق

(كۈي نەزمىسى)

## مۇھەممەت زۇنۇن

بارچە مىللەت ھۆر ئېلىمدە دوست-قېرىنداش تائەبەد،
غايىمىز، تەقدىرىمىز بىر، چىن قەلبداش تائەبەد.

قار-شۇۋرغانلىق سەپەردە ئەڭ خەتەر ئۆتكەل ئارا،
ھەرزامان ئەھدىگە سادىق يولدا يولداش تا ئەبەد.

چىڭ تۇتاشقان رىشتىمىز پايتەختىمىز بېيجىڭ بىلەن،
بىر نىشانغا توپلىنىپ بولدۇق ئۇيۇلتاش تائەبەد.

بۇ ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئېلىمدە ياشىندى دوستلۇق گۈلى،
مەڭگۈ ياشنار،پارتىيە بولغاچقا يولباش تائەبەد.

---

ئاپتور: پروفېسسور، ش ئۇ ئا ر كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

# ئەل گۈللەر ئىناقلىقتىن

### — «ئۇششاق» مۇقامى ئاساسىدىكى كۈي نەزمىسى

## ئىمىن ئەھمىدي

«مۇقەددىمە» ئاھاڭىدا

تۆكۈپ قان-تەر، يېڭىپ مۈشكۈل ئېرىشكەن بۇ گۈزەل دەۋران
بۈيۈك جۇڭخۇادىكى مىللەت، خەلق ۋىجدانىغا زىننەت.

«تەئەززە» ئاھاڭىدا

ئەل قەلبى، ۋەتەن قەلبى، ئەل بىر دىل گۈزەل دەۋران،
تەقدىرداش جىمى مىللەت ئۈملۈكتە ھايات جەۋلان.

تاغ-دەريا، شەھەر-قىشلاق ئايلاندى چىمەنزارغا،
رۇخسارى قۇياش گويا جەننەتتەك ئەزىز بوستان.

قار-يامغۇردا تەڭ ئۆسكەن، ھالاۋەتنى تەڭ كۆرگەن
پەرزەنتكە ئانا يۇرتنى گۈللەش مەڭگۈلۈك ئارمان.

تەڭ يېغلاپ، كۈلۈپ بىللە تاپتۇق بىر يېڭى تاڭنى،
كىم بۇزماق بولۇر بولسا قەدەمدە يەر بىلەن يەكسان.

«چوڭ سەلىقە» ئاھاڭىدا

قۇياش نۇرىدىن دەۋران ياسايمىز،
بىرلىك يولىدىن بوستان ياسايمىز.

تۆكۈلگەن قان-تەر ۋەتەننىڭ ئەجرى،
ئىتتىپاقلىقتىن ئوكيان ياسايمىز.

بوران -مالامەت پەرزەنتكە سىناق،
كەلگۈسى ئۈچۈن ئارمان ياسايمىز.

ئەلنى پارچىلاش كىملەرنىڭ ھەددى،
ئانا تۇپراقتا جەۋلان ياسايمىز.

جۇڭخۇا ئېلىمىز غالىبلار ئېلى،
غالىب قەدەمدە داستان ياسايمىز.

---

ئاپتور: پروفېسسور، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى(M2)



# قاغا بولۇپ قايتتى قارلىغاچ

(ھېكايە)

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1

ھۆرنىسا قايتىپ كەلدى. باھاردا جەنۇبتىن، كۈزدە شىمالدىن قايتقان قارلىغاچتەكلا قايتىپ كەلدى. ئەلۋەتتە ئۆزى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا خەۋىرى كەلدى. خۇددى ئاپرېلدا چىققان سېرىق بوران قارلىغاچنىڭ كېلىشىدىن ئۇچۇر بەرگەندەك. ھېلىقى تېلېفون دېگەن نېمە ھەرقانداق قايتقۇچى توغرىسىدا ئەنە شۇنداق ئالدىن ئالاھىدە خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى قاسىمئاخۇن سېكرېتارنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفوندىن دەسلەپ ھۆرنىسانىڭ قايتماقچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا، كېيىنرەك يولغا چىققانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. تارقالغان خەۋەر ئەلۋەتتە ئۇدۇل ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، بۇ قاتتىكى ياسىنئاخۇن دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئۇچۇپ كىرەتتى. دەسلەپكى خەۋەر كىرگەندىلا مىشىلداشقا باشلىغان مەرەمخان ئانىنىڭ يىغىسى كېيىنكى خەۋەر كىرگەندە يامغۇر- يېشىنغا ئايلاندى. قايسى ئانا توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ باققان قىزىنى سېغىنمىسۇن؟ بەش يىللىق جۇدالىققا بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ئانىنىڭ كۆز ئالدىدا ئالتۇن چاچ، پىروزە كۆز، سېرىق سەبدىنىڭ غۇنچىسىدەك يۇمران ۋە گۈزەل بىر سىيما خىرە- شىرە گەۋدىلەندى. بەش يىل، بەش يىلنىڭ چاڭ- توزانلىرى قىزىنىڭ سۈرىتىنى ئۆچۈرگەن، كۆزلىرىدىن ئۇچۇرغانىدى. ساقلىنىپ قالغىنى پەقەت سېرىق سەبدىنىڭ

**سەھرادىكى ھېكايە**

غۇنچىسى. ئېچىلاي- ئېچىلاي دەپ قالغان كاۋا چېچىكى. ھۆرنىسا راستىنلا كاۋا چېچىكىگە ئوخشايتتى. كاۋا چېچىكىنىڭ پىلەكتىن ئايرىلىپ چىققان ئۇزۇن بىغىشى تال چىۋىقتەك ئىنچىكە ۋە ئېگىز بويىغا، سېرىق چېچىكى ئالتۇن چاچلىرىغا ئوخشايتتى. «سېرىق ئاسلىنىم، سەبدە گۈلۈم» دەپ ئەركىلىتەتتى ھەممىلىرى ئۇنى كىچىكىدە. «سېرىقنىڭ ئىچى يامان دېگەن گەپ بار، مانا ئەمدى مەھەللىمىزدىمۇ ئوت قۇيرۇقتىن بىرى پەيدا بولدى» دېيىشكەن قوشنىلار بەش يىلچە بۇرۇن. مۇئەللىملىرى بولسا: «شەھەرگىلا يارىشىدىغان قىز بۇ، ھازىرقى مودىنىڭ دەل ئۆزى، چاچلىرىنى بويىتىشنىڭ، گىرىمخانىلارغا قاتراشنىڭ ھاجىتى يوق» دېيىشكەن مەكتەپنىڭ سەنئەت كۆرژۈكىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگەن ھۆرنىسا توغرىسىدا. ئاشۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ھېلى ئاڭلىغاندەكلا ياددا تۇرۇپتۇ. مانا ئەمدى يەنە ئەسلەپ قېلىۋىدى، مەرەمخان ئانىمۇ بىرە ھەيران بوپقالدى. دېمىسىمۇ سېرىق ئەت، سېرىق چاچ گۈزەلنىڭ قارا چاچ، قارا كۆز ئانىدىن تۇغۇلۇشى ئادەمنى تەئەججۈپلەندۈرمەي قالمايتتى. بۇنى قارا كاۋا ئۇرۇقىنىڭ سېرىق چېچەكلىگىنىگە ئوخشىتىشقا بولاتتى. مېكىياندەك ياۋاش ۋە غەمكىن ئانىدىن زىلۋا، ئېگىز بوي، شوخ ۋە يامان قىزنىڭ تۇغۇلۇشىنىمۇ شۇنداقراق سۈپەتلەشكە توغرا كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە تەئەججۈپكە ئورۇن يوق ئىدى. ھۆرنىسانىڭ مەيلى تەققى- تۇرقى، كۆز، رەڭگىرويى بولسۇن دادىسىغا تارتقان، ئۇنىڭ سېرىق چاچلىرى، سېرىققا مايىل ئەتلىرى بەئەينى ياسىن دېھقاننىڭ قايتا نۇسخىلىنىشى ئىدى. مىس سىمدەك سېرىق ساقال، سېرىق بۇرۇت ئاتىنىڭمۇ چاچلىرى سېرىقتىن ئۆتۈپ تورۇق كۆرۈنەتتى. قۇياش نۇرىدا بولسا ھەتتا قىزىل كۆرۈنەتتى. «قىز دادىسىغا تارتار» دېگەن

مانا شۇ ئىدى...

ئەنە شۇ سېرىق سەبدە، كاۋا چېچىكى، سېرىق ئالتۇن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. خەۋەر مىرەمخان ئانىنى راسا يىغلاتتى، بىئارام قىلدى ۋە غەم- ئەندىشىگە سالدى. بۇ خەۋەرنى سىم ساقالغا قانداق يەتكۈزگىلى بولسۇن؟ ئاڭلاپ قالسا نېمە ئىشلار بوپكېتەر؟ نېمە ئىشلار بوپكېتىدىغانلىقىنى ياراتقۇچىدىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيتتى. مەرەمخان ئانا پەقەت پەرەز قىلاتتى. ئاشۇ پەرەزلىرى ئۇنى غەم گۈلخانىدىن ئېلىپ ئەندىشە تونۇرلىرىغا تاشلايتتى. غەم قىيانىدىن سۈزۈپ ئەندىشە توپانىغا غەرق قىلاتتى. بىغۇۋۇل ئانا ئەنسىرەشتىن ئۆزگە نېمە قىلالىسۇن؟ ئۇ پەقەت «ئى قۇدرەتلىك ئىگەم، قىزىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!» دەپ تېۋىناتتى ھەردائىم. ئولتۇرسا- قوپسا- جايىنامازدىمۇ، قازان بېشى، ئېتىز- ئېرىقتىمۇ تىلىغا، دىلىغا ئاشۇ تىلەك جايىز ئىدى. قىزىنىڭ ساق- سالامەت، تىنچ- ئامان بولۇشىنىلا تىلەيتتى. قايتىپ كەلمىسكەن دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى بەزىدە. ئەمما ئوتتەك كۆرگۈسى كېلىپ تۇرغانلىقىنىمۇ سېزەتتى. كۆزى ئىشىكتە، يىراقتىن كېلىدىغان تىۋىشكە قۇلاق سالاتتى. ئەمما ھۆرنىسانىڭ كېلىشى كېچىكىپ كەتتى.

## 2

ئاھ بالام، جان قوزام، غۇنچە گۈلۈم قەيەردىسەن؟ مۇساپىر بولدۇڭمۇ؟ تېنەپ- تەمتىرىدىڭمۇ؟ سوغۇقتا توڭۇپ، ئىسسىقتا كۆيدۈڭمۇ؟ ئاچ- زېرىن قالدىڭمۇ؟...

ھۆرنىسا كەتكەن دەسلەپكى چاغلاردا ئاتا قەلبى چېقىلغان ئەينەكتەك پارە- پارە بولدى، ئانا قەلبى قازاندا ئېرىگەن قوي مېيىدەك سۇ بولدى. بىچارە مەزلۇمە چۈجىسىنى سارغا ئالدۇرۇپ قويغان مېكىيانىدەك رۇكۇلداپ، قاسىمئاخۇن سېكرېتارنىڭ دەرۋازىسىدىن كېتەلمەيتتى. «تېلېفون كەلدىمۇ؟ قاچان تېلېفون كېلەر؟ بۇ يەردىن تېلېفون بېرىپ باقساق بولماسمۇ؟» قەلبىنىڭ ئىلتىجالىرى ئوت ئىدى. تونۇردىكى ئوتتەك، ئورماندىكى يانغىندەك لاۋۇلدايتتى. بالا دەردى! ئاھ، بالا دەردىگە نېمە يەتسۇن؟ ئىشق دەردى بالا دەردىنىڭ ئالدىدا ئۇچقۇنچە، مال- دۇنيا دەردى بالا دەردىگە سېلىشتۇرغاندا، دېڭىزدىكى تامچە...

ئاتا بارغانسېرى جىمغۇرلىشىپ كەتتى. تەگسىز، غەملىك خىياللارغا غەرق بولغاندەك كۆرۈنەتتى. «تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ». ئۇ، يالغۇز قالغان چاغلاردا چىشىنى چىشىغا بېسىپ ياشايتتى، كۆكسىگە گۈپۈلدىتىپ ئۇراتتى. «قارا يۈز- مەن، ئىككىلا ئالەمدە قارا يۈزمەن، سېنى مۇساپىرلىق ئوتىغا، جاپا- مۇشەققەت ئوتىغا ئىتتىرگەن قارا يۈزمەن...» دەپ ئاھ ئۇراتتى ئىچىدە. قوشنا خوتۇنلار ئارىسىدا تارقالغان سېسىق مىش- مىش ئاتىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن مەرەمخان ئانىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئاندىن يېرىم- يارتا ھالەتتە ئاتىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. «قىزىنى سېتىپتۇ، قىزىنىڭ بىر يىللىقىنى سەككىز مىڭ كويغا سېتىپتۇ...» ھۇ، ئاغزىدىن پوق ئاقىدىغان سېسىق خوتۇنلار، ئەمدى تېپىشمىغان ئاشۇ گېپىڭ

قالغانمۇ؟ ئاتا غىدىقلىنىپ ئېتىرەتتىمۇ، ئاشۇنداقراق ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى تەن ئالمايمۇ تۇرالمايتتى. ئۆزىنى «قارا يۈزمەن» دەپ ئەيىبلەپ يۈرۈشىدىكى سەۋەبمۇ شۇ ئىدى. ئاھ، يوقسۇزلۇق! قولى قىسقا بوپقالمىغان بولسا شۇنىڭغا ماقۇل بولاتتىمۇ؟ جاندىن ئەزىز قىزىنى، گۈلدىن گۈزەل جانجىگىرىنى ئوتقا ئىتتىرەتتىمۇ؟ يەر- ئېتىزى ئۇنچىۋالامۇ ئاز ئەمەس، ئىشلىسىمۇ ھېچكىمنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. تۆككەن تەر، قىلغان ئەجرىمۇ ھېچكىمنىڭكىدىن كەم ئەمەس. ئەمما باشقىلارنىڭ قوۋۇرغىسىغا ياغ قونىدىيۇ، ئۇنىڭكىگە قونمىدى. باشقىلارنىڭ بۇرۇتى مايلاشتىيۇ، ئۇنىڭ مايلاشمىدى. ئازراق ماي تەپچىگەندەيدىيۇ. لېكىن ئۇنى ئاشۇ كېسەل دېگەن زۇلۇك شۈمۈپ كەتتى. دەم تارتقان ئەجدىھادەك سۈمۈرۈپ كەتتى. جاپاكەش، بىچارە مەزلۇمەگە كېسەل چاپلاشقانىدى. جىنەك تۈيدۈرمەي، رودىپايدەك مەھكەم چاپلاشقانىدى. بىرەر يىلچە قورسىقىنى مۇجۇپ، ئىنجىقلاپ، بەل- پۇتىنى كۆتۈرەلمەي ۋايجانلاپ يۈردى. ئېتىزدىن، قازان بېشىدىن قالمىدىيۇ، لېكىن بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. قومۇشتەك ئورۇقلاپ، ئۆششۈك تەگكەندەك سارغىيىپ كەتتى. قۇلاق ئاڭلىغان، كۆز كۆرگەن زىماتلار كار قىلمىدى. ئويمەھەللىدىكى تېۋىپ ئاخۇنۇمنىڭ دورىلىرىمۇ كار قىلمىدى. بىچارە مەزلۇمە ئېرىنىڭ چىرايىغا پات- پات قاراپ قوياتتى. ئاشۇ قاراشتا بىر خىل تەلمۈرۈش، ئىلتىجا، يېلىنىش بار ئىدى. ئاتا بۇ خىل قاراشنى چۈشىنىدىغان يەردە ئىدى. خوتۇنىسىز قېلىش- باشقا بىر گەپ، ئورنىنى تولدۇرغىلى بولار، بالىلار ئانىسىز قالسا ئورنىنى تولدۇرغىلى بولارمۇ؟ چوڭ ئوغۇل ھەسەننىڭ قولى ئەمدىلا ئىشقا تېگىپ، ئېتىز- ئېرىققا قارىشالايدىغان بولدى. ھۆرنىسا ئەمدىلا تولۇقسىزنى پۈتتۈردى، گۈلنىسا بىلەن ھۆسەن تېخىچە ئوقۇۋاتىدۇ. ھۆرنىسانىڭ يەنە ئوقۇغۇسى بار ئىدى، ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ تەلمۈرەتتى. لېكىن...

يانچۇقتا پۇل بولمىغان بىلەن ئېغىلدا قوي- كالا تۇرۇپتۇ، ساتسا پۇل دېگەن شۇ. ئەمما قايسىسىغا خەجلەش كېرەك؟ ئېغراپ يۈرگەن خوتۇن ئۈچۈنمۇ ياكى سەنئەت مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بار قىز ئۈچۈنمۇ؟ ئۇزاق ئويلانغان ئاتا قارارىنى ئېلان قىلدى. بالىلار دەرھال قوشۇلدى. ھۆرنىسامۇ جان دەپ قوشۇلدى. «ئانامنى داۋالتايلى، مەن ئوقۇماي، كېيىن، كېيىن... گۈلنىسانى ئوقۇتارمىز...» ئۇ ئەنە شۇنداق ئىپادە بىلدۈردى. ئىپادە بىلدۈرۈۋاتقاندىكى تىترەڭگۈ، ھەسرەتلىك ئاۋاز ئاتىنىڭ گېلىنى بوغدى. چاقان كۆزلىرىگە لىققىدە ياش تولدۇردى. ئاتا يانغا قارىۋالدى. ئۇ چۈشىنەتتى، قىزى ئۆمۈرلۈك ئارزۇسىدىن، ئىستىقبالىدىن كېچىۋاتاتتى، ئانا ئۈچۈن، ئانا ئۈچۈن! ھەي ي، بۇ بەلكىم كېيىن... خۇدايىم بىزگىمۇ بېرەر، مەكتەپكە تاپشۇرغىدەك پۇل بولسىلا...

ئەمما ئاتا سەل كېيىنرەك ئاشۇ ئامراق قىزىنىڭ ئىستىقبال رېلىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى، ھۆرنىسامۇ چۈشەندى. ئانىنىڭ كېسىلى ئۇستىدىن چىقىرىلغان دىئاگنوز تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولدى. باليىاتقۇدا ئۆسمە! گەرچە يامان

سۈپەتلىك بولمىسىمۇ دەرھال ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىكەن. ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكەندىلا ساقىيىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدىكەن. بىچارە مەرھەمخاننى توپتوغرا 45 كۈن كېسەلخانىدا ياتقۇزۇشقا توغرا كەلدى. تولىمۇ ئۇزۇن 45 كۈن! ئەنسىزلىك، ئۈمىد، يەنە ئەنسىزلىك ئالمىشىپ تۇرغان 45 كۈن! ئاشۇ 45 كۈن ھەممىنى سۈمۈرۈپ كەتتى. قوتاندىكى قوي- كالىلارنى پاك- پاكىز سۈمۈرۈپ كەتتى؛ كاتەكتىكى توخۇ- ئۆردەكلەرنى، ئېشىنچا ئاشلىق ۋە گۈلە- قاقلارنىمۇ سۈمۈرۈپ كەتتى. ساتار - ساتقۇلۇقتىن ھېچنېمە قالمىغاندا بايلارنى ئىزدەشكە توغرا كەلدى. «تېۋىپ ۋە باي يوق يۇرتتىن كۆچۈپ كېتىڭلار» دېگەنىكەن ھۆكۈما تۇردىھاجىم. «كۆكقۇم»دا بايلار بار ئىدى. كونا بايلارمۇ، يېڭى بېيىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلاردىن ئالغان قەرز 18 مىڭ يۈەنگە يەتكەندە ئانا كېسەلخانىدىن چىقتى. خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر. پۇل كەتكەن بولسىمۇ سالامەتلىك قايتىپ كەلدى. ئاتا ئۈچۈن خوتۇن، باللار ئۈچۈن ئانا قايتىپ كەلدى. ئەمما...

قەرزدارنىڭ بېشىدا ئوت كۆيىدۇ. ئالقىنىدا، ئېغىزىدا، تىنىقىدا ئوت كۆيىدۇ؛ ئوڭىدىمۇ، سولىدىمۇ، ئالدىدىمۇ، كەينىدىمۇ، ئۈستىدىمۇ، ئاستىدىمۇ كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ؛ يولدىمۇ، مەسچىتتىمۇ، تويدىمۇ، ھازىدىمۇ كۆيدۈرىدۇ. ياسىن دېھقان يامان چاغدا ئەسقاتقان باي يۇرتداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقىدىغان بوپقالدى. ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئەنسىرەپ، ئوتقا دەسسەپ، ئوتنى تۇتۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تەشكىلىنىڭ ئالىبىر دىرېكتور - خوجايىنلار بىلەن توختام تۈزۈپ، ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى دېڭىز بويىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر قۇلىقىغا كىردى. «مەدىكارچىلىق، كىشىنىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇش- قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇنداق كۈنلەرگە گىرىپتار بولۇشتىن خۇدا ساقلىسۇن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئارقىدىنلا «چاكارلىق ئەمەسكەنغۇ بۇ، سېكرېتارنىڭ دېيىشىچە، زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان گەپكەن، ھۈنەرمۇ ئۆگىنىدىكەن، كىرىممۇ ئوبدانىكەن. ھەر ئايدا ئۆيگە پۇلمۇ ئەۋەتەلەيدىكەن. ھەسەننى ئەۋەتسەممىكىن؟» دەپ يۇمشاپ قالدى. ئېتىز- ئېرىقنىڭ ئىشىغا ئۆزى يېتىشەلەيتتى، كۆپرەك تەر تۆكسىلا ھەسەننىڭ يوقلۇقى چانمايتتى. ئەگەر ھەسەن ئۇ تەرەپتىن ئايمۇ ئاي پۇل ئەۋەتەلىسە، قەرز سۈيلەپ كەلگۈچىلەر ئالدىدا مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىشتىن، ئۆپكىدەك قىزىرىپ، زەپەدەك سارغىيىشتىن قۇتۇلۇپمۇ قالاتتى. بىر يېرىم يىل قەرزدارلىق ئازابىنى تارتقان ئاتا ئويان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئوغلىنى ئاشۇ تەرەپكە ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، بىتەلەي تېزەك تەرگىلى چىقسا، ئېشەكنىڭ سۇغا تېزەكلىگەنلىكىنى كىم كۆرمىگەن؟ بىتەلەي پاختەككە چالما ئاتسا، قاچان سۇغا چۈشمەي قالمىغان؟ كەنت سېكرېتارى ئالدىدا مەلۇم بولدىكى، دېڭىز بويىدىكى زاۋۇتلارغا ئەۋەتىلىدىغانلارنىڭمۇ شەرتى بار ئىكەن، ھەسەن بولمايدىكەن، ھۆرنىسا بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ئەمما كەنتكە چۈشۈرۈپ بېرىلگەن تۆت سان توشۇپ بوپتۇ. ئەمدى ھەسەننى ئەمەس، ھۆرنىسانى ئەكەلسىمۇ ئامال يوقكەن... چالمىسى سۇغا چۈشۈش دېگەن مانا شۇ ئىدى. تۇخۇمى چېقىلىش دېگەنمۇ شۇ ئىدى. ياسىن دېھقاننىڭ ئاخشامدىن بېرىقى تۇخۇمدىن چۈجە، چۈجىدىن ئۈنلاپ تۇخۇم، ئۈنلاپ تۇخۇمدىن يۈزلەپ چۈجە، يۈزلەپ چۈجىدىن ئۈنمىڭلاپ تۇخۇم چىقارماقچى بولغان خىياللىرى تۇخۇمنىڭ چېقىلىشى بىلەن يوققا چىققانىدى. ئوت يەنە لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئۇ، قەرز ئىگىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ خۇپتەن ئۈچۈن مەسچىتكىمۇ چىقماي قويدى. يۈرىكى ئەنسىزلىنىپلا تۇراتتى. كېچىككىنە يات تىۋىش ئاڭلانسىلا يۈرىكى ناغرا چالغاندەك دۈپۈلدەپ كېتەتتى. ئەمما قورقۇش، ئەنسىرەش بىلەن دەرۋازىنىڭ قېقىلىشىنى توسۇپ قالغىلى بولسا؟ دەرۋازا راستىنلا قېقىلدى. خېلىلا كەچتە، ھېچ نەگە قېچىپ كەتكىلى بولمايدىغان چاغدا قېقىلدى. ئەمما ئاستىدىن تاپاننى، ئۈستىدىن چوققىنى كۆيدۈرۈپ كىرىپ كەلگىنى قەرز ئىگىلىرىدىن بىرەرسى ئەمەس، بەلكى ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى قوشنا، ئۇقات كەنتنىڭ سېكرېتارى قاسىمئاخۇن بولۇپ چىقتى. يۈرەك بىزە جايىغا چۈشكەندەك بولدى. لېكىن تولۇق چۈشمىدى. ۋەھكى، قاسىمئاخۇن سېكرېتار بىرەر بايغا ۋاكالىتەن قەرز سۈيلەپ كەلگەن بولسا!؟

ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي مەلۇم بولدىكى، قاسىمئاخۇن سېكرېتار ۋاكالىتەن قەرز سۈيلەپ كەلگۈچى ئەمەس ئىكەن. ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى، ئامەت باشلاپ كەلگۈچى، تەڭقىسلىقنى يەڭگىللەتكۈچى ئىكەن. بۇ ئۆيدىكى ئوتتىن، غەمدىن، تەڭقىسلىقتىن خەۋەردار بۇ قوشنا، ئاتىنىڭ مۇشۇ ئىككى- ئۈچ كۈندىن بېرىقى خىياللىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەن. شۇڭا ئامەت باشلاپ كەپتۇ. لېكىن يەنىلا ھەسەن بولمايدىكەن، سېرىقۋاش ھۆرنىسا بولىدىكەن. ئۇقات كەنتىگىمۇ بەش سان بېرىلگەنىكەن، ئۈچىنى تېپىپتۇ، ئىككىسىنى تاپالماپتۇ. يۇقىرى چۈشۈرۈپ بەرگەن ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا، قانداق سېكرېتارلىق بۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىغۇسى بار ئىكەن، قانداق ئورۇنداش كېرەك؟ چوڭىنى كىچىكلىتىپ، كىچىكنى چوڭايتىپ ئەۋەتىشنىڭ ئامالى يوقتە. ساقچىخانىنىڭ كومپيۇتېر دېگەن نېمىسىدە ھەممە ئېنىق تۇرسا، قانداق كۆز يۇمغىلى بولسۇن؟ ئۇلار ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن ئويان ئويلاپ چارە، بۇيان ئويلاپ ئامال ئىزدەپتۇ. ئاخىرى قوشنا كەنتلەردىن قىز ياللاپ بولسىمۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپتۇ. قەدەم تەشرىپ قىلىشى شۇ ۋەجىدىن ئىكەن. ئالتۇنۋاشنى سورايدىكەن. ھۆرنىسا قاسىمئاخۇن سېكرېتارلارنىڭ ئەزاسى بولۇپ دېڭىز بويىغا بېرىپ بەرسىلا، كەنت مالىيىسىدىن سەككىز مىڭ سوم ياللاش ھەققى بېرىلىدىكەن. زاۋۇتلاردا ئىشلەپ تاپقىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ بولىدىكەن... ياسىنئاخۇن ئاتا گاڭگىراپ قالدى، گاڭگىراش ئىچىدە بىر تالاي ھېساب ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا نەقمۇ نەق سەككىزمىڭ سوم- ئىككى كەم بىر توقماق

پۇل تۇراتتى. ئالدىرىغان قەرز ئىگىلىرىگە بېرىۋەتكىلى بولىدىغان، تەپتىشلىكتىن چىققىلى بولىدىغان سەككىز مىڭ سوم تۇراتتى. يەنە زاۋۇتتا ئىشلەپ، ئېشىنىپ ھەر ئايدا ئۆيگە ئەۋەتىدىغان مىڭ سوممۇ تۇراتتى. بۇ، بىر يىل ئىچىدىلا ھەممە قەرزدىن خالاس بولۇش دېگەن گەپ ئىدى. بۇنى راستىنلا ئامەت دېمەي نېمە دېگۈلۈك؟ ئەمما ئاتىنىڭ قىزىنى ئەۋەتكۈسى يوق ئىدى. قىز بالا ئىشلەمچىلىككە چىقىپتۇ دېگەننى كىم ئاڭلىغان؟ «كۆكقوم» يۇرت بولۇپ تا ھازىرغىچە سىرتقا چىقىدىغان ئىشلەمچىلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق. بۇرۇنلاردا يىرىقى ئەنجان، يېقىنى ئىلىخو تەرەپلەرگە چىقاتتى. ئاقسۇ- كۇچا تەرەپتىن ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھازىرمۇ شۇنداق، پۇل تاپقۇسى كەلسىلا ئاقسۇ- كۇچاغا، توقسۇ- شايارغا چاپىدۇ. ئەمما «كۆكقوم»دا تا ھازىرغىچە ھېچكىم پالانىنىڭ خوتۇن- قىزلىرى ئىشلەمچىلىككە چىقىپتۇ، دەپ ئاڭلىغىنىمۇ يوق. خوتۇن- قىز دېگەن ئۆينىڭ ئادىمى، ئۆيپىتىنى ساقلاپ، شەرم- ھايا بىلەن ئۆيدە ئولتۇرۇشى كېرەك. ئىشلىسىمۇ ھويلا- ئارامدىلا ئىشلىشى، ئوچاق بېشى بىلەن باغ- ۋارانىڭلا ئىشىنى قىلىشى كېرەك. سىرتلارغا چىقىپ، يۇرت ئاتلاپ، مۇساپىر بولۇپ، پۇلنىڭ كەينىدىن چېپىش ئۇلارغا ياراشمايدۇ... ئاتا مانا مۇشۇنداق ئويلايتتى. شۇ سەۋەبتىن قىزىنى ئەۋەتكۈسى يوق ئىدى. كۆڭلىدە ئەنئەنە بىلەن پۇل، ھايا بىلەن قەرز ئېلىشىۋاتاتتى. بىرى «ھاي- ھاي!» دەپ يول توسسا، بىرى قىزىقتۇراتتى ۋە قىستايتتى. ئۇ، قاسىمئاخۇن سېكرېتارغا كۆڭلىدىكىنىڭ ئازراق ئۇچىنى چىقىرىۋىدى، قاسىمئاخۇن سېكرېتار شۇنداق چىڭ قائىدە- نەزەرىيىلەر بىلەن سۆزلەپ كەتتىكى، ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە، ئەر- خوتۇنلارنىڭ باراۋەرلىكىگە، شەھەرلەردە ھەممە سودا- سېتىقتا خوتۇن- قىزلار ئارقىلىق پۇل تېپىشنىڭ ئاسانلىقلىرىغا چېتىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە يەنە «نەلەردە قالغان كاللا سىلىدىكى؟ تېخىچە ھەزرىتى سۇلتانىمدىكى داشقازاندا ئۇماچ قايىنىتىپ يۈرەمالا؟» دېگەندەك ئەيىبلەشلەرمۇ، «18 مىڭ سوم قەرزنى بەش مو كېۋەزگە تايىنىپلا تۆلىمەكچىمۇ؟ قەرز ئىگىلىرى ئالدىدا نەچچە يىل سارغىيىپ يۈرگىلىرى بارمۇ سىلىنىڭ» دېگەندەك قىستاشلارمۇ بار ئىدى. ئاتا تەڭقىسلىقتا قالدى. يۈكۈنۈپ، ئىككى قولىنى تىزىغا قويغان پېتى ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى. لامپۇچكىنىڭ نۇرىدا پارقىراپ كەتكەن سىم ساقاللىرى بىلىنەر- بىلىنمەس تىترىگەندەكمۇ قىلاتتى. ئەمما بۇنداق ئولتۇرۇۋېرىشكىمۇ بولمايتتى، پۇل تاپسۇن، قەرزلەردىن قۇتۇلسۇن دەپ كەلگەن قاسىمئاخۇن سېكرېتارنىڭ ياخشى كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر نېمە دېيىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئاخىرى قىز بالىنى يات يۇرتلارغا ئىشلەمچىلىككە ئەۋەتىشنىڭ تولىمۇ چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۆيدىكىلەر بىلەن تولۇق مەسلىھەتلەشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. قاسىمئاخۇن سېكرېتار يەنە بىر ھازا نەسىھەت قىلىپ، ئەتە جاۋاب ئېلىشقا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتتى.

ياسىن دېھقاننىڭ ئۆيدىكى «مەسلىھەت» بىر كېچە- بىر كۈندۈز داۋاملاشتى. ئەمەلىيەتتە ئاتا بولغۇچى بىر كېچە- بىر كۈندۈز قاپىقىنى تۈرۈپ، ھومىيىپ ئولتۇرۇپ چىقتى، ئانا بىر كېچە- بىر كۈندۈز مىشىلداپ يوشۇرۇن يىغلىدى. سىڭىللىرىمۇ يىغلىدى. ئىككىلىنىش، ئەنسىرەش، قورقۇش ئۇلارغا بىر كېچە- بىر كۈندۈز ھەمراھ بولدى. ئىككىنچى كۈنى، يېڭى بىر كېچە، يەنى يېڭى بىر كۈن باشلانغان چاغدا، قاسىمئاخۇن سېكرېتار جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن كىرگەن چاغدا ئاتا «مەسلىھەت»نىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى: بارىدىغان بولدى! «مەسلىھەت»نىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاپ ئانا يەنە مىشىلداپ يىغلىدى. ھۆرنىسامۇ يىغلىغان بولسا كېرەك، دولىسى تىترەپ كەتتى. ئاتا ھۆركىرىدى: «نېمىگە يىغلايسەن؟ مۇشۇنداق چاغدا ئەسقىتار دېمىسەك، نېمىگە باقتۇق ئۇنى...» ھۆركىرەش ئانىغا قارىتىلغانىدى. ئانا دەرھال كونىراپ كەتكەن چاقماق گۈللۈك ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى كۆزىگە ئاپاردى. خورازنىڭ بوغۇزلىنىشى— مايمۇننى ئەلۋەتتە قورقىتالايدۇ. سېرىق يايلىق ئورۇق مايمۇنمۇ ھىلھىلە ياغلىقىنى تارتىپ يۈزلىرىنى ياپتى.

— ئۇنى بىرەرسى ھاپ قىلىپ يۇتۇۋەتمەس، بىر يىل دېگەنمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، بارسا كەلمەس يولغا كېتىۋاتمايدىغۇ ئۇ...— ئاتا يەنە قوشۇپ قويدى.

— يىغلايدىغان ھېچ ئىش يوق بۇ يەردە. بىر يىل ئىچىدە قەرزلەردىن پاك- پاكىز قۇتۇلىسىلەر، ھۆرنىسا جاھان كۆرىدۇ، ھۈنەر ئۆگىنىدۇ. يىغلايدىغان ھېچ ئىش يوق بۇ يەردە...— سۆز قاتتى قاسىمئاخۇن سېكرېتار.

ئاشۇ مەسلىھەت بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى ھۆرنىسا كەتتى. ئاتا بىلەن ئانا ئۇنى شەھەرگىچە ئۇزىتىپ باردى. ھەر قايسى يېزىدىن كەلگەن قىزلار ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتقان چاغدا، ھۆرنىسا ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ باغرىغا ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى، كۆزلىرىدىن تارام- تارام ياش تۆكۈلدى. ئاتىنىڭ كۆزلىرىمۇ نەملىشىپ، بوغۇزى ئېچىشتى، ئارقىدىن بىر تامچە ياش قىزىل كوس مەڭزىنى بويلاپ سىم ساقاللىرىغا دومىلاپ چۈشتى. ئەگەر ئاشۇ تامچە- تامچە ياشنىڭ قۇلىقى بولغان بولسا، ئۇلار ھۆرنىسا ئېيتقان: «دادا، خاتىرجەم بولۇڭ، جىق پۇلغا ئىشلەپ كېلىمەن، چوقۇم جىق پۇل تېپىپ كېلىمەن» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغان بولاتتى.

## 3

ئاشۇ چاغدا كەتكەن ھۆرنىسا مانا ئەمدى قايتىپ كېلىۋاتاتتى. توپتوغرا بەش يىلدىن كېيىن، تولىمۇ ئۇزۇن، تالاي ئەنسىرەش، سېغىنىش، مىش- مىشقا، نەپرەت ۋە غەزەپكە تولغان بەش يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. مۇشۇ بەش يىل ياسىنئاخۇن ئاتىنىڭ قىزىنى سېغىنىشنى نەپرەتكە، قىزىدىن ئەنسىرەشنى غەزەپكە ئايلاندۇرۇپ ئۆلگۈرگەنىدى. بۇنداق 180 گرادۇسلۇق ئۆزگىرىشكە بەش يىل ئۈزۈلدۈرمەي تارقىلىپ تۇرغان مىش- مىش گەپلەر سەۋەبچى ئىدى. ئەلۋەتتە بۇلارنى ئېنىقراق قىلىپ پىتنە- پاسات دېيىشكە بولاتتى. بەش يىل توقۇلغان پىتنە- پاساتلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ھەممىنى

ئۆلگەن ئادەم خۇددى مىڭلىغان ئۆمۈچۈك تور يايغان كونا غارغا كىرىپ قالغاندەك بولاتتى. ئاتا كېيىنكى تۆت يىلنى ئەنە شۇ كونا غاردا ئۆتكۈزدى. هاندەك، ھەسەتخوردەك ئۇرۇق ئۆمۈچۈكلەر توقۇغان مۇدھىش تورلارغا چىرمىلىپ ئۆتكۈزدى. ئۇ ئاشۇ تورلاردىن قۇتۇلماقچى بولاتتىيۇ، چىرمىلىپ قالغان بىچارە چىۋىندەك قۇتۇلالمايتتى. تورغا چىرمىلىپ قالغان سېرىق ھەرىدەك غەزەپلىنەتتىيۇ، تورلارنى ئۈزۈۋېتەلمەيتتى. يېقىنلا كەلگەن ئۆمۈچۈك ئۇنى ئاستا- ئاستا، بىر چىشلەم- بىر چىشلەمدىن يەۋاتاتتى. ئۆمۈچۈكلەر ئۇنىڭ قەلبىنى، ۋۇجۇدىنى، ئەسەبلىرىنى زەھەرلىگەن، جاينامازدا ئولتۇرۇپ «ئى ئاللاھ، نېمە گۇناھ سادىر قىلدىم؟ مېنى شەرمەندە قىلىش بىلەن جازالىغۇدەك نېمە گۇناھ سادىر قىلدىم؟» دەپ نالە قىلىپ يىغلىغۇدەك، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ، قارا ئارقانى بويىنغا سېلىپ توۋا قىلىپ پەرياد ئۇرغۇدەك زەھەرلىگەنىدى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا زەھەر ئاقاتتى. ئىسسىق قانلىرىدا زەھەر كۆۋەجەيتتى. ئەگەر شۇ كۈنلەردە ھۆرنىسا- لەنەتگەردى سېرىق هايمۇن قايتىپ كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ، قىزنى پالتا بىلەن چېپىپ تاشلىغان، كۆزنى مىت قىلماستىن قارا تۇپراققا كۆمۈپ تاشلىغان بولاتتى. نامى بۇلغانغان، ئابرۇيى يەرگە ئۇرۇلغان ئاتا نەپرىتىنى، ئاچچىقىنى، غەزىپىنى كىمنىڭ ئۈستىگە تۆكسۇن؟ دەردىنى كىمدىن ئالسۇن؟... بىچارە مەزلۇمە، بىچارە مەرەمخان ئانا ھەممىگە چىدىدى. «قىزىڭنى قانداق تەربىيىلىگەن سەن؟ قىزىڭنى قانداق چوڭ قىلغان سەن؟ شەرم- هايا، ئىپپەت- نومۇس دېگەنلەرنى تاپىلىمىغانمۇ ئۇنىڭغا؟...» ئۈستىگە تۆكۈلگەن يۇندىدەك سېسىق، زەھەردەك ئاچچىق ئاھانەتلەرگە، ھەتتا ئۇر- تېپىكلەرگە چىدىدى. بىچارىنىڭ ھەر دائىمقىدەك مىشلداپ، ئۈنسىز يىغلاشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئاچچىقى يامان ئېرىگە: «ئۇنى ئەۋەتكەن ئۆزلىرى، ئۇنى پۇل تېپىشقا ئەۋەتكەن ئۆزلىرى...» دېيەلىسۇنمۇ؟ تاكاللىشالىسۇنمۇ؟ تاكاللاشسا، جاۋابى تېخىمۇ زەھەردەك تىل- هاقارەت بولاتتى. تېخىمۇ قوپال ئۇر- تېپىك بولاتتى. مۇھىمى، ئۆرپ- ئادەتتە ئەرگە تىل ياندۇرۇش يوق ئىدى. تىل ياندۇرسا بولمايتتى. چىداش كېرەك ئىدى. مىشلداپ يىغلاپ تۇرۇپ بولسىمۇ چىداش كېرەك ئىدى.

ھۆرنىسا كەتكەن دەسلەپكى ئايلاردىكى ئىشلار ھېلىمۇ ئۇلارنىڭ ئېسىدە. ئاتا سېغىنىش ئوتىدا، ئانا ئەنسىرەش ئوتىدا كۆيۈپ ئۆتكۈزگەن بەش ئايدىن كېيىن ھۆرنىسا ئەۋەتكەن مىڭ سوم پۇل يېتىپ كەلدى. بەش ۋاراق قەغەزگە تولدۇرۇپ يازغان سالام خەتمۇ يېتىپ كەلدى. ئاشۇ چاغدىكى خۇشاللىقنى بىر دېمەڭ، مىڭ دەڭ! ئۇ، خېتىدە چوڭ شەھەردىكى بەش ئايلىق تۇرمۇشىنى تەپسىلي يازغانىدى. دىرېكتورنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشلىرىنى، ئىشداش- ئۇستازلىرىنىڭ خەۋەر ئېلىشلىرىنى، هۇنەر ئۆگىنىشلىرىنى، چوڭ شەھەرنىڭ گۈزەللىكلىرىنى، ھەيۋەتلىكىنى، ئاۋاتلىقىنى، پاراۋانلىقىنى يازغان. يەنە ئۆزىنىڭ چوڭ شەھەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن سېتىۋالغان كىيىم- كېچەكلىرى، زىبۇ- زىننەتلىرى، ھەتتا ئۇپا- ئەڭلىكلىرى توغرىسىدىمۇ يازغانىدى. بۇلارنى ھېسابات خاتىرىسى ئىكەن، بىچارە قىزىمىز بىزگە ھېساب بېرىۋېتىپتۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالغان ئۇلار. ھۆرنىسا ئۆزىدىن ئەنسىرىمەسلىكنى قايتا- قايتا تاپىلىغان، ئۆزىنىڭ ھەر قانداق ئىشتا بوش كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتكەنىدى. خېتىنىڭ ئاخىرىدا بۇ قېتىم كۆپ پۇل ئەۋەتەلمىگەنلىكىنى، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىپ ئەۋەتىدىغانلىقىنى قايتا- قايتا ئۇقتۇرغانىدى...

ھۆرنىسانىڭ ئەۋەتكىنى سالام خەت ئەمەس، باھار قارلىغىچى ئىدى. زېمىستانىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىغۇچى، باھار ئىللىقلىقىدىن خەۋەر بەرگۈچى، ئەنسىزلىكنى قوغلاپ، خاتىرجەملىك بەخش ئەتكۈچى قارلىغاچ ئىدى. ئۆي خۇشاللىققا تولدى. ئاتىنىڭ سېغىنىشلىرى پەسەيگەندەك، ئانىنىڭ ئەنسىرەشلىرى بەرھەم تاپقاندەك بولدى. ئاھ، بالىسىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن سۆيۈنمەيدىغان ئاتا- ئانا بولسۇنمۇ؟ هاي- هاي، قارىسىلا، بىزنىڭ سېرىق ئاسلان يارايدۇ. ئەسقېتىپ قالدى دېسىلە، بەك ئەسقاتتى جۇمۇ، بىزنىڭ ھۆرنىسا...

بىر يىل توشقان، ھۆرنىسا قايتىپ كېلىشى كېرەك بولغان چاغلاردىكى ئىشلارمۇ ئۇلارنىڭ ئېسىدە. بىللە كەتكەن قىزلاردىن بىر قانچىسى قايتىپ كەلدى، ھۆرنىسا قايتىپ كەلمىدى. لېكىن ھۆرنىسا توغرىسىدىكى مىش- مىش گەپلەر يېتىپ كەلدى، «كۆكقۇم»نى قاپلاپ كەتتى. قوشنىلارنىڭ قۇلىقىغا، ئۇرۇق- تۇغقانلارنىڭ قۇلىقىغا، مەرەمخان ئانىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. يېتىپ بارمىغان قۇلاق قالمىدى. بىرلا، ئاتىنىڭ قۇلىقىغا يەتمىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا مەڭگۈ يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى، ھېچكىممۇ يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئاتا تېخىچە «ئەنە قايتىپ كېلىدۇ، مانا قايتىپ كېلىدۇ، بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر قاتارىدا كەلمىسە ئىككىنچى، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەر بىلەن بىللە كېلىدۇ. بىر يىل تۇردى، بىر يىل ئىشلىدى ئەمەسمۇ. بەلكىم ھېساب- كىتابنى ئۈزۈپ بولالمىغاندۇ، باشلىق ۋە ئۇستىلىرى بىلەن خوشلىشىپ بولالمىغاندۇ...» دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەڭگە- كېلىنلەرنىڭ، قوشنا خوتۇنلارنىڭ، ھەتتا ئەل- جامائەتنىڭمۇ ئۆزىگە خۇددى ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغان ساراڭغا باققاندەك غەلىتە بىر نەزەردە قاراپ يۈرۈشكەنلىكىنىمۇ سېزىپ يۈرەتتى. ئاشۇ نەزەرلەردە مەسخىرە، ئەيىبلەش، ھەيرانلىق قاتارلىقلارمۇ باردەك تۇيۇلاتتى. ئاتىنىڭ بۇنداق نەزەرلەرگە دۇچ كەلگەندە، كىيىم- كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، نومۇسلۇق يەرلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان- قالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن چاغلىرىمۇ بولدى، ئەمما ھېچنېمىنى سېزەلمىدى. ئۇ ئاشۇ نەزەرلەرنىڭ ھۆرنىسانىڭ سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمىدى، بۇنداق ئويلاپمۇ باقمىدى. نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق ئويلىغۇدەك؟ ئۇ تېخىچە تاتلىق، گۈزەل خىياللاردا ئىدى.

مانا مۇشۇ كۈنلەردە «كۆكقۇم»دىكى كەنتلەرگە بۇ يىللىق ئىشلەمچى قىزلارنى ئەۋەتىش ۋەزىپىسى يەنە چۈشۈپ قالدى.

ۋەزىپە ئورۇندالمىسا بولمايتتى. ۋەزىپىنى ئورۇنداش نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىدى. ياسىن دېھقاننىڭ قوشنىسى قىزىنىڭ مېھرىگە چىدىيالماي، نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كادىرلار بىلەن تىركىشىپ قالدى. خېلى چېگىغا چىقىشتى. تام قوشنا ئەمەسمۇ، بۇ غەلۋىلەر ياسىنئاخۇن ئاتىنىڭ قۇلىقىغا ئوڭايلا ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، سىڭىنىش پىراقى ئادەمنى ھېچنېمە قىلىۋېتەلمەيدىكەن، بىر يىللىق جۇدالىققا چىدىغىلى بولىدىكەن. بىر يىللىق ئەۋەتمىز دېگەنگىمۇ چېگىغا چىقىشامدۇ؟ نېمە دەپ ئىت- مۈشۈك بولۇشقۇلۇق؟ ياقا سىقىشىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ياڭاقنىڭ تاشقا تەڭ كەلگىنىنى كىم كۆرگەن؟ ئاتا ئۇزۇن يىللىق قوشنىسىغا ئازراق نەسىھەت قىلدى، مەسلىھەت بەردى. كادىرلار كېتىپ، ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بولغان شۇ پاراڭدا چىشى قوشنا نېمە دەپ تىل سوزدى دېمەمسىز؟

— ھۆرنىسا سىرىتقى كوچىغا چىقارغانلىرى يەتمەي، ئەمدى بىزنىڭ قىزىمىزنىمۇ بۇلغىماقچىمۇ؟ بەك ئەۋەتكىلىرى كېپكەتكەن بولسا، گۈلنىسانى ئەۋەتسىلە يەنە، ئانىسىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتسىلە ئىككى قىزى بىلەن قوشۇلۇپ شوپاڭخانا ئاچار ئۇ يەردە. قىزلىرىمىزنىڭ نامىنى تىلغا ئالغۇچى بولمىسىلا سىلى. قاراپ تۇرۇپ دېگەن گېپىنى، مەسلىھەتمىش تېخى. قىزلىرىنى باقالماي كوچىغا چىقارغۇچە نومۇس قىلسىلىچۇ ئاشۇ ساقاللىرى بىلەن...

«ئارىچىغا ئالتە تاياق» دېگەن مانا شۇ ئىدى. ياسىن دېھقان كاللىسىغا ئارقىمۇ ئارقا ئالتە تاياق تەگكەندەك گاڭگىراپ قالدى. گاڭگىراش ئىچىدىمۇ چىشى قوشنىسىنىڭ سۆزىدىكى ھىڭدەك سېسىق تەنە سېزىلىپ تۇراتتى، بۇلغاش دېگىنى نېمىسى؟ كىم كوچىغا چىقىپتۇ؟ ھۆرنىسا كوچىغا چىقىپتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئېڭى نېمىندۇر تۇيغاندەك بولدى، بىردىن سەگەكلەشتى. ئۇنى بەكرەك سەگەكلەشتۈرگىنى ئىمامئاخۇنۇمنىڭ ناماز خۇپتەندىن كېيىنكى تەبلىغى بولدى. قانۇنلۇق بەلگىلىمە بويىچە 15مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمىگەن ئاشۇ تەبلىغدە ئىمامئاخۇنۇم مۇقەددەس كىتابلاردىن خوتۇن- قىزلارنىڭ شەرم- ھاياسى، ئىپپەت- نومۇسى، قىزلارنىڭ ئاتا- ئانا بويىنىدىكى قەرزى، ئۇلارنى ھايالىق تەربىيىلەشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى كەلتۈردى. ئارقىدىن ئەلگەككە چىقارتسا ئەرگە تېگىپ كەتكەن قىزنى مىسال كەلتۈرۈپ، قىز بالىلارنى قانداق تەربىيىلەش، قانداق باشقۇرۇش توغرىسىدا توختالدى. مىسالدا كەلتۈرۈلگىنى ھەربىر ئاتا بولغۇچى ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز، نومۇستىن ئۆلۈپ كەتكۇدەك ئېغىر گەپلەر ئىدى. بەلكىم بۇلارنى ئىمامئاخۇنۇم مەقسەتلىك دېمىگەندۇ، گەپكە ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دېگەندۇ. لېكىن ياسىنئاخۇن ئاتىغا خۇددى ھېلىقى چىشى قوشنىسىدىن ئاڭلىغان تەنىلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. گەپنىڭ ئىچىدە گەپ باردەك، ھەممە گەپ ھۆرنىسا توغرىسىدا دېيىلىۋاتقاندەك، ئۆزىگە قارىتىلغاندەك تۇيۇلدى. خۇپتەندىن قايتقان ئاتا ئۆيگە كېلىپلا مەرەم خوتۇننى قىستاققا ئالدى:

— ئېيتە، ھۆرنىسا توغرىسىدىكى نېمە گەپلەر ئۇ؟

بىچارە مەزلۇمە بەرىبىر بىر كۈنى مۇشۇنداق سوراقنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ھودۇقۇپ كەتتى. ئارقىدىن مىشىلداپ تۇرۇپ:

— ئىشەنمەيمەن، ھەممىسى ئۆسەك گەپلەر، مېنىڭ قىزىم ئۇنداق قىز ئەمەس...— دەپ ئېسەدىدى.

— ئېيت دەيمەن، نېمە گەپ ئۇ؟ ئېيت...— ئاتا بىچارە خوتۇنىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى،— ئېيت، ئېيت دەيمەن...— دەپ سىلكىشلەيتتى ئۇ.

— ھۆرنىسا پوق يېگەنمىش...

— نېمە دېدىڭ، نېمە دېدىڭ؟

— قورسىقى دومبىيىپ چىققانمىش، خىجىللىقتىن قايتىپ كېلەلمىگەنمىش...

چاقماق چېقىلدى، يېشىل نۇر ۋاللىداپ ئۆتۈپ كەتتى، زېمىن تىترەيتتى. يىقىلغان بىنالار، ئۆرۈلگەن تاغلار، سۇنغان دەرەخلەر قاراسلاپ ئاۋاز چىقاردى، ئاسمان قىڭغايدى، ھەممە نەرسە پىرقىراۋاتاتتى. ئاتا كۈچلۈك قوللىرىنىڭ ئايالىنىڭ ياقىسىدىن قانداق ئاجراپ كەتكەنلىكىنى تۇيمىدى. «ھەممىسى يالغان، پىتنىخورلار توقۇغان مىش- مىش، ھەرگىز ئىشەنمىسىلە...» دېگەن سۆزلەرنىمۇ ئاڭلىمىدى. ئۇ، ھوشىدىن كەتكەن، ئارقىسىغا داراڭگىدە ئۇچۇپ چۈشكەنىدى. ئايالىنىڭ، يۈگۈرۈپ كىرگەن گۈلنىسانىڭ يۆلەشتۈرۈشلىرىدىن، ئاغزىغا سۇ تېمىتىشلىرىدىن، يۈزىگە سۇ سېپىشلىرىدىن، سىم بۇرۇتلىرىنىڭ ئۈستىنى قاتتىق چىمداشلىرىدىن كېيىن ھوشىغا كەلگەن ئاتىنىڭ مېڭىسىدىكى تۇنجى پىكىر: «ھۆرنىسانى بوغۇزلاپ تاشلايمەن، قىز بالا شۇنداق بولىدىغان بولسا، گۈلنىسانىمۇ بوغۇزلاپ تاشلايمەن» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئۇ، گۈلنىسانىڭ قوللىرىنى سىلكىشلەپ ئىتتىرىۋەتتى. ئايالىنىمۇ سىلكىشلەپ ئىتتىرىۋەتتى ۋە بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. سىلكىنىپ، بوغۇلۇپ يىغلىۋەتتى... ئاتا شۇ كېچە قارا ئارقانى تورۇستىكى بالاغا باغلاپ، ھالقىسىنى بويىنىغا سېلىپ تاڭ ئاتقۇچە نالە قىلىپ، ئەپۇ تىلەپ، توۋا قىلىپ چىقتى. ئۇ، ياراتقۇچى بىلىپ- بىلمەي، ئاڭلىق- ئاڭسىز، ئىختىيارىي ياكى بىئختىيار ئۆتكۈزگەن بىرەر گۇناھىم ئۈچۈن مېنى شەرمەندە قىلىش بىلەن جازالاۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئائىلىنىڭ، جەمەتىنىڭ، ئەۋلادلىرىنىڭ، ھەتتا كەنت- مەھەللىنىڭمۇ نامى بۇلغانغان، ئۇلارنى ئاشۇ ھۆرنىسا دېگەن سېرىق ئالۋاستى بۇلغىغانىدى. بۇنداق شەرمەندىچىلىك «كۆككۇم»دىكى قايسى كەنت، قايسى مەھەللىدە كۆرۈلۈپ باققان؟ «كۆككۇم» يۇرت بولۇپ قايسى ئۆيدىن ئاڭلانغان؟ ئەمدى يۇرتداشلارنىڭ، ئەل- جامائەتنىڭ يۈزىگە قانداق قارىغۇلۇق؟ نى ئات، نى نومۇس، ئونبەش- يىگىرمە كۈندىن بېرى ئاشۇ شەرمەندىچىلىكتىن بىخەۋەر- خىرامان يۈرگىنىمنى مېنىڭ! ئەل- جامائەت نېمە دەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ خىجىلچىلىقنى بىلمەيدىغان شەرمەندە دېيىشمىگەنمىدۇ، ۋاي بېشىم، ۋاي بېشىم، ۋاي نومۇس...

ئاتىنىڭ كېچىدىن بېرى ئېسىلىپ ـ چىڭقىلىپ چىققان بېشى ئەمدى لۇقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىغانىدى. شەرقىي ئۇپۇق سۇزۇلۇشكە باشلىغان چاغدا بىردىنلا بۇرنى قاناپ كەتتى. بۇرنىدىن ئىسسىق بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ سىرغىغانلىقنى سېزىپ، ئۇلگۇرۇپ بارغان قولى قىپقىزىل قانغا بويالدى. يەنە بىر قولى بىلەن قارا ئارقانىڭ ھالقىسنى بويىنىدىن چىقىرىپ پالتۇكقا سوزۇلدى. بۇرنىدىن چىققان قان تامچىلاپ ـ چىپىلداپ ئەمەس، شىرىلداپ ئاقاتتى، توختاي دېمەيتتى. سىم بۇرۇتلىرى قانغا بويالدى، ئەمدى ئاق ئارىلاشقا باشلىغان كەكە ساقىلىمۇ قانغا بويالدى. سىرتتىن ناماز بامداتقا تاھارەت ئېلىپ كىرگەن مەرەم خوتۇن ئېرىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، بىردىن ھودۇقۇپ كەتتى: «نېمە بولدى؟ ۋاي خۇدايىم، نېمە بولدى ئۆزلىرىگە؟» ئۇ دەرھال سۇلياۋ داسنى ئەكېلىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى، ئەمدى قان داسقا ئېقىشقا باشلىدى. داسنىڭ تېگىنى بىردەمدىلا قىزىللىق باستى. ھەسەن بىلەن گۈلنسا يېتىپ كىرىشتى. ئۇلار ئالدىراش ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان، ناماز بامدات ئۈچۈن تەرەددۇت قىلىشىۋاتاتتى. ئانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىرىشكەنىدى. گۈلنسا نەدىندۇر بىر ئۇچ پاختا تېپىپ، كومۇلەكلەپ ئاتىسىنىڭ بۇرنىغا تىقتى. قان ھايالشمايلا يەنە بىر بۇرنىدىن ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ بۇرنىغىمۇ پاختا تىقىلدى، قان توختىغاندەك بولدى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئاتىسىنىڭ ئېغىزىدىن جىگەر پارچىسىدەك ئۇيۇل ـ ئۇيۇل قان چۈشتى. بۇ، قاننىڭ توختىمىغانلىقىنى چۈشەندۇرەتتى. ئاتىنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرىگە، ئىگىچە ـ سىڭىللىرىگە خەۋەر بېرىلدى. ئۆي تۇغقانلار بىلەن تولدى. كۆپىنىڭ بىلىدىغىنىمۇ كۆپ، قۇلاق ئاڭلىغان زىمىتلار قىلىنىپ باقتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرىنىڭ ئۇدۇلى، سىم بۇرۇتلارنىڭ ئۇستى ئۇزۇنغىچە مەھكەم بېسىپ تۇرۇلدى، قان توختىمىدى. داس ئالماشتۇرۇلدى، كېيىنكى داسمۇ يېرىم بولدى. مەھەللە دوقمۇشىدىكى دۇكانچىنىڭ توڭلاتقۇسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن مۇز پارچىسى پېشانىسىگە تېڭىلدى. خۇداغا شۈكۈر، قان توختىدى. ئەمما بىرەر سائەتلەردىن كېيىن يەنە قاناپ كەتتى، يەنە مۇز تېڭىلدى. چاقىرىپ كېلىنگەن كەنت دوختۇرى دورىلانغان داكىنى كاللەكلەپ بۇرۇنىڭ ئىچى ـ كاۋاكلىرىغىچە كەپلىدى، قانداقتۇر بىر ئاق تابلېتكىلارنى ئىچكۈزدى. «قان بېسىمى ھەددىدىن ئارتۇق ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى بۇ» دەپ كوتۇلدايتتى ئۇ. قان بولسا تۇرۇپ توختىغاندەك قىلسا، بىر دەمدىن كېيىن يەنە ئېقىشقا باشلايتتى. ئاتىنىڭ مىسرەڭ چىرايى سۇزۇلگەن خوندەكتەك ئاقىرىپ كەتتى. قوللىرى، لەۋلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى، پۇتلىرى سوغۇق ئىدى. مەرەم خوتۇننىڭ، گۈلنسانىڭ، ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ كۆزلىرى ياش، يۇرەكلەر ئېقىشقا باشلىغانىدى. ئاھ، بىچارە، مۇشۇنداقلا كېتىپ قالارمۇ؟ تېخى ئەللىككە بارماي تۇرۇپ ــ ھەسەننى ئۆيلىمەي تۇرۇپ... «توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرۈر، يىگىتنى نومۇس» دېگەنلىرى شۇ ئىكەندە، ۋاي بىچارە، ۋاي بىچارە...

ئەمما ئاتىنىڭ كۆرىدىغانلىرى يەنە بار ئىكەن، رىزقى تېخى تۈگىمىگەنىكەن. كەچكە يېقىن چاقىرىپ چىقىلغان ئۇيمەھەللىك تېۋىپ ئاخۇنۇم: «كۆڭلى قاتتىق رەنجىپتۇ، روھىي زەربىگە ئۇچراپتۇ. بۇرنىنىڭ قاناپ كېتىشى شۇنىڭدىن. سېرىق كالىنىڭ ئىسسىق تېزىكىنى پېشانىسىگە تېڭىڭلار، خۇدا شىپالىق بەرسە قان توختايدۇ. ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى. قوتاندىكى سېرىق كاللار ئالدىنقى يىلى سېتىۋېتىلگەن بىلەن قوشنىلارنىڭ قوتىنىدىن يەنە سېرىق كالا تېپىلاتتى. ھەسەن قۇرداشلىرىنىڭكىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىككى سېرىق كالىنى ھەلەپ بىلەن تويغۇزۇپ، ھويلىدا خېلى ئۇزۇن ھەيدەپ يۇردى. كاللار ئاخىرى تېزەكلىدى. تېۋىپ ئاخۇنۇمنىڭ دېگىنى بويىچە داكا بىلەن ئاتىنىڭ پېشانىسىگە تېڭىلدى. ئاشۇ ئىسسىق تېزەك مەنپەئەت قىلدىمۇ، خۇداغا شۈكۈر، تۈن تەڭدىن ئاشقاندا قان ئاستا ـ ئاستا توختىدى. تاڭدىمۇ، ئەتىسىمۇ قانىمىدى. ئەمما «قان ــ جان» دېيىشكەنلىرى راست ئىكەن. ئېغىر دەرىجىدە قانسىرىغان ئاتا ئەمدى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، تاھارەت سۇندۇرۇشقىمۇ تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. ئىشتىھاسى تارتىلغان، ھېچنېمە يېگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ئاشۇ ھالەتتە بىرەر ئايچە ياتتى. ئىشتىھاسىز، ماغدۇرسىز بولسىمۇ، كۆڭلىدە نەپرەت، قەلبىدە غەزەپ دولقۇنلايتتى. ئەگەر ئاشۇ كۈنلەردە ھۆرنىسا قايتىپ كېپقالغان بولسا، ماغدۇرسىزلىقىغا قارىماي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغان، قولىغا پالتىنى ئالغان بولاتتى. ئەمما ئاشۇ بىر ئاي ئىچىدىمۇ ھۆرنىسا قايتىپ كەلمىدى. ئۆزى كەلمىگەن بولسىمۇ خېتى كەلدى. ھۆرنىسا خېتىدە ئالدىنقى بىر يىلدا جىق پۇل تاپالمىغانلىقىنى، پۇل تېپىشنىڭ ئېپى ـ جېپىنى ئەمدى بىلىپ كەلگەندە قايتقۇسى كەلمىگەنلىكىنى، يەنە بىر يىل ئىشلەپ جىق پۇل تېپىپ قايتىدىغانلىقىنى يازغانىدى. بۇنداق گەپلەرگە كىم ئىشەنسۇن؟ خەتنى بىماغدۇر، لايدەك ئېزىلىپ ياتقان ئاتىغا كۆرسىتىشمىدى. كونا يارىغا تۇز سەپكەندەك بوپقالمىسۇن، يارىنىڭ قاقچىنى تاتىلاشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلاشتى. ئەمما ئاتىنىڭ ئالدىدا ھۆرنىسانىڭ گېپىنى مەڭگۇ چىقارماسلىقمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاتىنىڭ كېسىلى بوھران مەزگىلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى گۈلە ـ قاق سودىسى ئۈچۈن دېڭىز بويى تەرەپلەرگە ماڭىدىغان بوپقالدى. يېقىندىن بېرى يانپېشىغا پىچاق ئېسىپ يۇرىدىغان ھەسەنمۇ بىللە بارىمەن دەپ قوپتى. ئەلۋەتتە بۇ گەپلەرنى ئاتىنىڭ سەمىگە سالماي بولمايتتى. ھەسەن ئاتىسىغا:

ــ تاغامنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ياردەملىشىمەن، ھۆرنىسانىمۇ ئىزدەيمەن، ــ دېدى.

ــ مېنىڭ ئۇنداق قىزىم يوق، ئىزدىمە! ــ دېدى ئاتا ئوغلىغا قارىماي تۇرۇپ. ئۇنىڭ قاپاقلىرىنىڭ تۇرۇلگەنلىكى ئۆزلىكىدىن مەلۇم ئىدى.

ــ نېمىشقا ئىزدىمەيمىز؟ خەقلەر توخۇ، كەپتەر، ئىت ـ مۇشۈكى يوقاپ كەتسىمۇ ئىزدىشىدۇ. پۇتۇنسۇرۇك، بېجىرىم بىر ئادەم يوقاپ كەتسە ئىزدىمەيمىزمۇ؟ ئىزدەيمەن. ئەگەر ھېلىقى گەپلەر راست بولىدىغان بولسا، ئاشۇ يەردىلا بوغۇزلاپ تاشلايمەن. راست بولمىسا، ياندۇرۇپ كېلىپ گەپ تاپقۇچىلارنىڭ

كۆزىگە كۆرستىمەن...

— ئىختىيارىڭ، ئەمما ئەمدى مېنىڭ ئۇنداق قىزىم يوق...

ئاشۇ گەپلەر بولۇپ ئىككى ئايچە ئۆتكەندە، ئاتا ماغدۇرىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرغان، لېكىن ئەل- جامائەتنىڭ يۈزىگە قاراشتىن نومۇس قىلىپ ھېچكىمگە كۆرۈنەلمەي يۈرگەن كۈنلەردە ھەسەن قايتىپ كەلدى. ئاتا ئۇنىڭدىن نېمە ئىشلارنى قىلىپ كەلگەنلىكىنى سوراپمۇ قويمىدى. ئەمما مەرەمخان ئانا سورىماي تۇرالسۇنمۇ؟

— ھۆرنىسانى تاپتىڭمۇ؟— دەپ سورىدى ئانا ئوغلىنى ئاشخانا ئۆيگە تارتىپ.

— تاپالمىدىم، ئەمما دېرىكىنى ئالدىم، مېنىڭ ئەمدى ئۇنداق سىڭلىم يوق...— جاۋاب بەردى ھەسەن ئانىسىنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ. ئانىنىڭ جىددىيلەشكەن، نېمىندۇر بىلىشكە تەقەززا بولغان ۋۇجۇدىدىن ئەنسىرەش، سېغىنىش ۋە يەنە نېمىلەردۇر بالقىپ تۇراتتى. ئانىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويغۇسى كەلمىگەن ھەسەن چوڭ شەھەردە كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئىشى ئوڭدىن كەپتۇ. تاغىسى بىر نېمىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ھۆرنىسا تۇرغان شەھەرگە ئۇدۇل بارىدىغان ۋاگون ئىجارىگە ئاپتۇ. ئۇزلىرى يولۇچىلار پويىزىدا يېتىپ بېرىپ بولغان، يۈك باسقان ۋاگوننىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان دەسلەپكى كۈنلەردىلا ھۆرنىسانىڭ دېرىكىنى ئاپتۇ. ئۇلار تاماق يېگىلى بارغان ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ھۆرنىسانى بىلىدىكەن، ھەممە گەپنى شۇ كىشى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھەسەن بىلەن تاغىسى ھۆرنىسانىڭ ئىسمىنى چىقىرا- چىقارمايلا:

— ھېلىقى ئېگىز بوي، ئالتۇن چاچلىق قىزمۇ؟ دەم ئېلىش كۈنلىرى بۇ يەرگە لەگمەن سېغىنىپ كېلەتتى. تىرىشچان قىز ئۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوجايىن. ھەسەنلەر ئاشۇ قىزنى ئىزدەپ كېلىشكەنلىرىنى بايان قىلىپتۇ.

— ئەمدى كۆرۈشەلمەيسىلەر، يىل ئاخىرىغىچە كۆرۈشكىلى بولمايدۇ. ئۇ، «گۈلىستانىي مۇئەللەق» (空中花园)كە كىرىپ كەتتى،— دەپتۇ خوجايىن.

ھەسەنلەر نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپتۇكى، «گۈلىستانىي مۇئەللەق» دېگىنى چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى بەش يۇلتۇزلۇق كاتتا مېھمانساراي ئىكەن، بىناسىنىڭ ئۆزىلا 48 قەۋەت ئىكەن. ئېگىزلىكى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدىكەن. ئىچى گۈلزارۇ- گۈلىستانغا ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، ھەربىر ئايرىمخانىسىنىڭ بىر كېچىلىكى نەچچە مىڭ سوم، ھەتتا نەچچە ئونمىڭ سوم ئىكەن. ئۇ يەردە يىراق- يىراقلاردىن كەلگەن كاتتا زاتلار، بايۋەچچىلەر، بەگزادىلەر يايراپ، جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرىدىكەن. ھەممە ئىش قەتئىي مەخپىي، ئالاھىدە قاتتىق قوغدىلىدىكەن. ھۆرنىسا ئەنە شۇ يەردە خىزمەت قىلىدىكەن، ئىش ھەققى بەكمۇ يۇقىرىمىش. قاملاشمىغان يېرى شۇ ئىكەنكى، ئۇ يەردە خىزمەت قىلغانلار بىر يىل ئۆتۈپ، توختام مۇددىتى توشقاندىلا سىرتقا چىقالايدىكەن. ھەسەنلەر ھۆرنىسانىڭ ئۇ يەردە نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى سوراشتۇرۇپتۇ. خوجايىن:

— ئۇنىڭ ئىچىدە خىزمەت تۈرى كۆپ. بىر مېھمان ئۈچۈن بەش ئادەم خىزمەت قىلغانچىلىك قىلىشىدۇ. ياتاق بۆلۈمى، قىمارخانا بۆلۈمى ۋە رېستورانلاردا كۈتكۈچى بولۇش، ناخشىچى بولۇش، تانسىخانىلاردا ھەمراھ بولۇش، يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناش، ئايرىمخانىلاردا ھەمراھ بولۇش، ئۇۋۇلاش- تۇتۇپ قويۇش، پۇتىنى يۇيۇپ، تىرنىقىنى ئېلىشقىچە ھەممە خىزمەت تۈرى بار. ھەممىنى قىلىدىغانغا ئادەم بار. مەن ئۇ يەرگە يېقىندىن بېرى بارمىدىم، ھۆرنىسانىڭ كونكرېت نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھەمراھ بولۇش، يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناش دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپلا ھەسەننىڭ قويۇقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتىپتۇ، قولى غىلاپتىكى پىچىقىنىڭ دەستىسىگە بىئىختىيار سوزۇلۇپتۇ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن خوجايىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ:

— سىلەر ھۆرنىسانىڭ نېمىسى؟ ئۇنى نېمىگە ئىزدەپ كەلگەنتىڭلار؟

ھەسەنلەر ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. يۇرتتا تارقالغان مىش- مىش گەپلەرنىڭمۇ ئازراق ئۇچىنى چىقىرىپتۇ. شۇندا خوجايىن:

— ھەممىسى يالغان. ئۇنى پات- پات كۆرۈپ تۇرغان مەن ئۇنداق ئىشنى سەزمىدىم. يۈزى تۆۋەن ھايالىق قىز ئۇ. زاۋۇتنىڭمۇ قاتتىق تۈزۈملىرى بار. نەدە ئۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويسۇن؟ ئۇ ماڭا بىر قېتىم ئائىلىسىدە ئېغىر قىيىنچىلىق بارلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدا قايتىماي يېڭى ئىش ئىزدىشى پۈتۈنلەي پۇل ئۈچۈن. «گۈلىستانىي مۇئەللەق»تىن خىزمەت تاپالىشى بولسا، بۇنى ئامەت دېيىش كېرەك. بەلكىم ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرى، تالى مەجنۇنتەك ئەۋرىشىم فىگۇرىسى رول ئوينىغاندۇ. ۋە بەلكىم ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغانلىقى، بىر يىل ئىچىدە بۇ يەرچە تىلنى راۋان سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالغانلىقى سەۋەب بولغاندۇ. بۇنى راستىنلا ئامەت دېيىش كېرەك. مىڭلىغان- ئونمىڭلىغان قىز- يىگىت كۆز تىكىدىغان جاي ئۇ. ئەمما ئۇلار چۈشىدە كۆرىدىيۇ، ئۇ يەردە ئىشلەشكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بۇ، راستىنلا ھۆرنىسانىڭ ئامىتى. نېمىگە خاپا بولىسىلەر. ئۇ، ئۇ يەردە زاۋۇتتىكىدىن ئون ھەسسە جىق پۇل تاپالايدۇ. جىق پۇل تاپقاندا ئاتا- ئانىسىنى بېقىش ئۈچۈن يۇرتقا قايتىدۇ. بۇ يەردە خاپا بولغۇدەك، ئاچچىقلانغۇدەك ھېچ ئىش يوق...— دەپ چۈشەنچە بېرىپتۇ. گەرچە خوجايىن «گۈلىستانىي مۇئەللەق» ئالاھىدە ھوقۇق بىلەن قاتتىق قوغدىلىدۇ، ئۇ يەرگە ھەتتا ساقچىلارمۇ كىرەلمەيدۇ دېگەن بولسىمۇ، ھەسەن يەنىلا نەچچە كۈن ئاشۇ كاتتا مېھمانسارايىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ، ئىچىگە كىرىۋېلىشقا پۇرسەت ئىزدەپتۇ. ئەگەر ئىچىگە كىرىۋالغان بولسا، يا يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھۆرنىسانى بوغۇزلىۋېتىدىكەن، يا ئاق خالات كىيىپ كۈتكۈچىلىك قىلىۋاتقان ھۆرنىسانى تارتىپ- سۆرەپ قايتۇرۇپ كېلىدىكەن. ۋەھالەنكى، توك كالتىكى تۇتقان سۈرلۈك

قوغدىغۇچىلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلالماپتۇ. مېھمانسارايىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىش تۇگۇل توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدىغان ئىشىكىگىمۇ يېقىن يولىيالماپتۇ. ئاخىرى يۇرتقا قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ...

ناتىۋان ئانىنىڭ كۆزى، يۈرىكى، ۋۇجۇدى ئېقىۋاتاتتى. مەڭزى، زىنىقى، ياڭىقى، كۆكسى ھۆل بوپكەتكەن. ئاشۇ ئېقىشىدا ئۇ ھېلىلا ئاپتاپقا يايغان كۆڭلەكتەك قۇرۇپ، قاقشال كەبىي ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. قولى ھۆل كۆكسىدە، ئېغىزى بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى: «ۋاي قىزىم، ۋاي قىزىم، ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغان قىزىم...»

ھۆرنىسا قايتىپ كەلمىگەن دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىشلار ئەنە شۇ، ئۇندىن كېيىنكى ئىشلارمۇ ئۇلارنىڭ ئېسىدە. ھۆرنىسا قايتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ توغرىسىدىكى مىش- مىشلارنى توختاتمىدى. بىرلىرى: «ھۆرنىسا سېرىق جالاپ بوپكېتىپتۇ. ئالتۇن چاچلىق پەرەڭ قىز دېگەن سالاھىيەت بىلەن بايۋەچچىلەرنى كۇتۇپ يۈرەرمىش. تېخى يېنىدا يالغان پاسپورتى بارمىش» دېيىشسە، يەنە بىردە، «داڭلىق ئۇسسۇلچىغا ئايلانغانمىش، يۇمۇلاق شىرەنىڭ ئۈستىگە قىپيالىڭاچ چىقىپ، بەللىرىنى ئېگىپ، ساغرىسىنى تولغاپ، كۆكسىنى لىغىلدىتىپ ‹سېرىق ھەرە ئۇسسۇلى›نى ئوينارمىش. بەگزادىلەر ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈش ئۈچۈن بەك يىراقلاردىن كېلەرمىش» دېيىشەتتى. بۇنداق گەپلەر بىردەمنىڭ ئىچىدە «كۆكقۇم»دىكى ھەممە كەنتكە پۇر كېتەتتى. ھەممە خوتۇن، ھەتتا ئەرلەرمۇ بىر- بىرىگە تەقەززالىق بىلەن يەتكۈزۈشەتتى. تاتلىق- تاتلىق غەيۋەتلەرنى قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ پاكلىقلىرىدىن، ئۆز خوتۇن- قىزلىرىنىڭ ھايالىقلىقىدىن پەخىرلىنىشەتتى. بۇ چاغلاردا ئەل- جامائەتتىن قېچىپ يالغۇز يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان، يەردىن ئۈستۈن باقمايدىغان ياسىنئاخۇن ئاتا ھۆرنىسانى كۆڭلىدىن تامامەن چىقىرىۋەتكەن، تولۇق ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكەنىدى. بىرە- بىرە ئېسىگە كېپقالسا نومۇستىن، نەپرەتتىن، غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتەتتى. كۆڭلى دەرد- ئەلەمدىن، ھەسرەت- نادامەتتىن يېرىم بولاتتى. ئەمما ئاشۇلارغا قوشۇلۇپ قەلبىنىڭ تىرەن يېرىدىكى بىر تۇيغۇنىمۇ سېزىپ قالاتتى. بۇ، مەڭگۇ ئۆڭمەس، مەڭگۇ ئۆچمەس ئاتىلىق مېھرى ئىدى. قىزىغا ئامراق بولمىغان ئاتا بارمۇ؟ ئىككى قولى بىلەن ئاسمانغا ئېتىپ قايتا تۇتۇۋالغاندا قاھ- قاھلاپ كۈلگىنى، بوينىغا مىندۈرۈپ «تۆگە تايلاق» ئەتكەندە كىچىككىنە قوللىرى بىلەن كۆزىنى توسۇۋالغىنى، ئىشتىن يانغاندا كىيىملىرىنى قاققىنى، ئەركىلەپ تۇرۇپ قوللىرىغا سۇ بەرگىنى، سۇنايلىنىپ ياتقاندا بەللىرىنى تۇتۇپ قويغىنى ئاشۇ قىزىغۇ. ئۇنى- بۇنى تەلەپ قىلىشىمۇ، دومسىيىۋېلىشىمۇ، گۈلدەك ئېچىلىپ كۈلۈشىمۇ، قەنتتەك، ناۋاتتەك، ھەسەلدەك تاتلىق ئاشۇ قىزىغۇ. ئۇيماقتەك ئاغزىنى ئاتىسىنىڭ يىرىك مەڭزىگە يېقىپ سۆيۈپ قويغىنى ئاشۇ قىزىغۇ... ئېتىزدا، جاڭگالدا، بازاردا تۇرۇپ قىزىنى سېغىنغىنى، قىزىدىن ئەنسىرىگىنى، قىزىنى ياد ئەتكىنى مۇشۇ ئاتىغۇ. كىچىككىنە ئىسمىداپ (قىزىپ) قالسا، كىچىككىنە ساقسىز بوپقالسا ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلانغىنى، پايپېتەك بولغىنى مۇشۇ ئاتىغۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ رىزقىنى ئىزدەپ قەھرىتاندا سوغۇقتىن، تومۇزدا ئىسسىقتىن قورقماي چېپىپ يۈرگىنى مۇشۇ ئاتىغۇ. ئاھ، ئاشۇ مەڭگۈلۈك تۇيغۇ، مەڭگۈلۈك مېھرنى ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسا؟ ئاتا قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئاشۇ تۇيغۇنى ھەر قېتىم سەزگەندە «ئىست، ئىست، ئىست!» دەپ نادامەت چېكەتتى. ئەقىدىسى ئۈچۈن، مېھرى ئۈچۈن، ئۈمىد- ئارمانلىرى ئۈچۈن نادامەت چېكەتتى. تۇرۇپ- تۇرۇپ ھۆرنىسانى ئىزدەپ ئاشۇ يىراق شەھەرگە بارغۇسى، قىزىنى باغرىغا باسقۇسى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشنى ئەپۇ قىلىۋېتىپ، يېتىلەپ قايتۇرۇپ كەلگۈسى كېلىپمۇ قالاتتى. ئەمما ئاتىنىڭ ئېڭىدا ھېسسىياتتىن ئەقىل، ھەۋەستىن ئىرادە، مېھردىن ئېتىقاد، پايدىدىن نام- ئابرۇي، يېڭىلىقتىن ئەنئەنە، مودىدىن ئادەت ئۈستۈن ئورۇندا ئىدى. ئالدىنقىلىرىدىن كېيىنكىلىرى كۈچلۈك ئىدى. ئاشۇ ئۈستۈنلۈك، ئاشۇ كۈچلۈكلۈك ئۇنىڭ قەلبىگە ئالماس تامغىسىنى مەڭگۈلۈك بېسىۋەتكەن، تامغىنىڭ يۈزىدىكى «نومۇس- ئار» دېگەن خەت ئۇنى نومۇس- ئاردىن مەڭگۈ قېچىشقا ئۈندەپ تۇراتتى. نومۇس- ئاردىن قاچمايدىغىنى ئادەم ئەمەس، بەلكى ھايۋان دەپ ھۆكۈم قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەقلى، ئادەم ئىكەنسەن، نام- شەرىپىڭنى جان بېرىپ بولسىمۇ قوغدىشىڭ كېرەك دەپ ئۈندەيتتى. ئىرادىسى، ئۇنىڭ ئېتىقاد ۋە ئۆرپ- ئادىتى ئۆزىنى نومۇسقا قويغان، شەرمەندە قىلغان قىزىنى كەچۈرۈشكە يول قويمايتتى. ئۇنداق پەرزەنتنى مەڭگۈلۈك ئۇنتۇپ كېتىشكە ئۈندەپ تۇراتتى. ياسىنئاخۇن ئاتا كېيىنكى ئۈچ يىلدا ئاشۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپلا كۈن ئۆتكۈزدى، كۆپ چاغدا ھۆرنىسانى ئۇنتۇپمۇ كەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ھۆرنىسا توغرىسىدىكى مىش- مىشلار كېلىشتىن توختىغان، ئۇنى «كۆكقۇم»مۇ ئۇنتۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇرۇق- تۇغقانلار، قولۇم- قوشنىلار، كوت- كوت خوتۇنلارمۇ ئۇنتۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق قىلىش، ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنى بىر ئايال— توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان، پەپىلەپ، سۆيۈپ- سىيپاپ چوڭ قىلغان بىر ئايال ئۇنتۇيالىسۇنمۇ؟ ئانىلىق سۈپىتى بىلەنمۇ، ئايالىق سالاھىيىتى بىلەنمۇ ئۇنتۇيالمايتتى. ئايال دېگەننىڭ ئېڭىدا ھېلىقى مەڭگۈلۈك تۇيغۇلارنىڭ ئورنى تامامەن ئەكسىچە ئىدى. ئالدىنقىلىرى كېيىنكىلىرىدىن كۈچلۈك ئىدى. ئەنە شۇ كۈچلۈكلۈك مەرھەمخان ئانا قەلبىدە ھۆرنىساغا مەڭگۈلۈك ئورۇن ھازىرلىغان، ئۇ، قىزىنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئولتۇرسا- قوپسا ھۆرنىسانى ئەسلەيتتى، سېغىناتتى، كۆرگۈسى، باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى. ئەمما مىشلداشتىن ئۆزگە ئامالى يوق ئىدى. كېسەلچان، بىقۇۋۋەت بىچارە يىراق يۇرتلارغا قىزىنى ئىزدەپ بارالىسۇنمۇ؟ ھەيھات، ھۆرنىسانىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئەمما ئانا خۇش بولۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى يېڭى ئەنسىزلىك باستى: بوغۇزلاپ- چانىۋېتىشەرمۇ؟ ئۇرۇپ-

چىقىۋېتىشەرمۇ؟ خورلاپ- ئازابلىشارمۇ؟...

## 4

ھۆرنىسا قايتىپ كەلدى. تۇپتوغرا بەش يىلدىن كېيىن، راسا چىڭقى چۈشتە تۇغۇلغان ئۆيىگە — چوڭ بولغان ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى. تۇپىلىق يولدىن پىكاپنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى، سوزۇپ- سوزۇپ چالغان سىگنالى ئاڭلانغان چاغدا، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ھويلىدا— تال بوستاننىڭ سايىسىدا ئىدى. چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن جەم بولۇشقان، مەرەمخان ئانا قازاندىكى ئۆگرىنى قاچىلارغا ئۇسۇۋاتاتتى. «كىمنىڭ ماشىنىسى ئىكەنە بىزنىڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىغان؟» بەش كاللىدا ئوخشاش بىر سوئال پەيدا بولدى. لېكىن ئۇلار بىر- بىرىگە قارىشىشقا، بىر- بىرىدىن سوراشقا ئۈلگۈرمىدى. قىيا ئوچۇق دەرۋازىدىن پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدىكى ئايال كادىرغا، شەھەردىن كېلىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مۇئەللىمەگە ئوخشايدىغان بىر قىز كىرىپ كەلدى. نە ئوخشىسۇن؟ ئېگىز بوي، تولغان بەدەن، سەنئەت بىلەن تولۇقلىغان پۇلۇقتەك بۇدرە باش، قەلەمدەك چىقىرىلغان ئەگمە قاش، لاكلانغان كىرپىك، قىزىل ئالمىدەك، جىنەستىدەك قىزارتىلغان يۈز ۋە لەۋ، قىسقا يەڭ، تار قىزىل كوفتىدىن بۆرتۈپ چىققان ئىككى چوققا، ئۇ يەر- بۇ يېرى ئاقىرىپ كەتكەن پادىچى شىمىغا پاتماي قالغان يوتا ۋە ساغرا، بىر غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئېگىز پاشنىلىق ئاق تۇپلەي... بۇنداق مودىنى «كۆككۇم» تېخى كۆرۈپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. كىرگۈچىنى ھېچكىم تونۇمىدى. ياق، كۆزلەر تونۇمىغان بىلەن كۆڭۈللەر تونۇدى. ياغلىقسىزمۇ، كۆڭلەكسىزمۇ تونۇۋېرەتتى كۆڭۈل دېگەن. مەرەمخان ئانىنىڭ قولىدىكى چۆمۈچ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ئىنتىلدىيۇ، ھوميىپ تۇرغان ئېرىگە، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىۋاتقان ھەسەنگە قاراپ توختاپ قالدى. شۇ گەزدە نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. تىنىقلار توختىغان، شامال توختىغان، تال بوستاندىكى ياپراقلار تەۋرىنىشتىن توختىغان، دەمدەرلەر ئۈنلەشتىن توختىغانىدى، يۈرەك سوقۇشتىن، قانلار ئېقىشتىنمۇ توختىغاندەك تۇيۇلاتتى. ھويلىدىكىلەرمۇ، سىرتتىن كىرگۈچىمۇ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. تاكىسىنىڭ تاقىر باش شوپۇرى چامادانلارنى، سومكىلارنى ئەكىرىپ ئۈلگۈردى. قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قالغانلارنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن تاقىر بېشىنى سىلىدى ۋە «ئىش چىقىپ قالسا ھېلى بەرگەن نومۇرغا تېلېفون قىلارسىز» دەپ خوشلىشىشقىمۇ ئۈلگۈردى. ئەمما قاققان قوزۇقلار مىدىرلىمىدى، مىدىرلايدىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇ مىدىرلىمايمۇ تۇرالمايتتى.

— ئانا!— دەپ مەرىدى قىز. سادا قايتمىدى.

— دادا!— دەپ بوزلىدى قىز. جاۋاب يانمىدى.

— مەن سىلەرنىڭ قىزىڭلار، مەن ھۆرنىسا!— دەپ ھۆۋلىدى قىز. ئاۋازىدىن يىغا- زار، نالە- پەرياد ياڭراپ كەتتى. ئەمما يەنىلا ئەكس سادا قايتمىدى. تۇپلەينىڭ ئېگىز پاشنىسى ھويلىنىڭ يۇمشاق ۋە نەم تۇپىسىغا پېتىپ كېتىپ، قىڭغىر بولدىمۇ؟ قىز سىنتۇرۇلۇپ يىقىلدى، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئىككى قولى تۇپراقنى قامااللىدى. كۆزلىرىدە ئىلتىجا، ئاشۇ ھالدىتە ئۇ ئانىسىدىن، ئاكىسىدىن، كۆكتىن، يەردىن كەچۈرۈم سوراۋاتقانغا ئوخشايتتى. «ئاھ خۇدا، ئى قۇدرەتلىك ئىگەم، رەھىمتىك، مەرھەمەتلىك ئاللاھچە ئىگەم، مۇشۇ قىزنى، مۇشۇ بىچارىنى، مۇشۇ ناتىۋاننى بىر قېتىم كەچۈرۈۋەتكىلى بولماسمۇ؟ رەھمەت، رەھىم- شەپقەت ئاتا قىل، ئىگەم، ئاتىنىڭ كۆكسى- قارنىنى كەڭ قىل، ئاكىنىڭ كۆكسى- قارنىنى كەڭ قىل، ئى قۇدرەتلىك ئىگەم»

ھۆرنىسا تېخىچە «ئانا!، دادا!» دەپ زارلايتتى. «مەن سىلەرنىڭ قىزىڭلار، مەن سىلەرنىڭ قىزىڭلار...» دەپ نالە قىلاتتى. ئاتا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا يان ئەگۈندىن باغقا كىرىپ كەتتى. ئاسما غىلاپتىكى ئەگرى پىچاقنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتقان ھەسەنمۇ غايىب بولدى. ئانا بىردىن ئۆزىنى قىزىغا ئېتىپ ھۇ تارتىپ يىغا سالدى. قىزنى، جىگەر پارىسىنى، يۈرىكىنىڭ پارچىسىنى باغرىغا باستى. كۆك توپا ئۈستىگە تىزلىنىشقان ئانا- بالا بىر- بىرىنىڭ باغرىغا كىرىپ كەتتى، بىر- بىرىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى، بىر- بىرىنىڭ كۆز يېشىغا چۆكۈپ كەتتى. قىزنىڭ يىغىسى سوقچى قوزىنىڭ مەرىشىدەك، ئانىنىڭ يىغىسى چىشى بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىدەك ئېچىنىشلىق ئىدى، كەپتەرنىڭ بۇقۇلدىشى، دەمدەرنىڭ ھۇ تارتىشى ئاڭلانماي قالدى. ھويلا يىغا- زارغا تولدى، «كۆككۇم»، بەلكى ئالەم يىغا- زارغا تولدى...

ۋىسالنىڭ مۇزىكىسى مۇشۇ ئىدى. ئايرىلىش- جۇدالىقنىڭ مۇزىكىسىمۇ مۇشۇ يىغا ئىدى. ئىنسان تۆرىلىپ، جاھان دۇنيا بولۇپ توختىمىغان، يىغىدىن مۇڭ، مۇڭدىن يىغا تۆرىلىپ ئالەم بىلەن تەڭ ياشاپ كەلگەن مۇزىكا مۇشۇ ئىدى. ئاھ، ئۇنىڭ مەنىسىنى قايسى ئەللامە يېشىپ بېرەلىسۇن؟ ئۇنىڭ بايانىنى قايسى زۇۋانداز كامالىغا يەتكۈزەلىسۇن؟ ئەي يىغا، سەن ئاپىرىدە بولۇپ بۈگۈنكىدەك كۆپ كۆز يېشى تۆكۈلگەنمۇ؟ ئەي كۆز يېشى، سەن كەشىپ قىلىنىپ بۈگۈنكىدەك مۇڭلۇق يىغىنى، ئېچىنىشلىق يىغىنى، ھەسرەتلىك يىغىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئاڭلا، بۈگۈنكى يىغا- زارغا، ۋىسال مۇزىكىسىغا، ۋىسال كۆز يېشىغا تىك چوققىدىن قاراپ تۇرغان ئىسسىق قۇياش، بوش ئېسىپ تۇرغان سالقىن شامال، بالكوندىكى ئۈنلەشتىن توختىغان دەمدەرلەر شاھىت بولدى. قۇياش سوۋۇپ كەتمەسمىكىن؟ شامال قېتىپ قالماسمىكىن؟ دەمدەرلەر مەڭگۈگە گاچا بوپقالماسمىكىن؟ گۈلنىسا بىلەن ھۆسەننىڭ سەبىي كۆزلىرىمۇ شاھىت بولدى. گۈلنىسانىڭ كۆزلىرىمۇ ياش يۇقى، ئۇ ئاچىسىنى قۇچاقلىمىدى. ئاچىسىغا، ئانىسىغا قوشۇلۇپ بوزلىمىدى. ئۇ گويا گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈنلا تۇرغۇزۇپ قويۇلغاندەك ھۆشىيىپ قاراپ تۇراتتى.

باغنىڭ شورىسىدىن چىقىپ نەگىدۇر غايىب بولغان ياسىنئاخۇن ئاتا كەچتە ئۆيگە قايتمىدى، ھەسەنمۇ قايتمىدى. ھويلا ۋە ئايۋان- سارايلار ئانا- بالىغا، يىغا- زارغا، مۇڭ ۋە

پىچىرلىشىشقا بىكارلاپ بېرىلگەنىدى. بىكارلاپ بېرىلگەندەكلا تۇيۇلاتتى. ئانا- بالا بىر كېچە- بىر كۈندۈز مۇڭدىشىپ چىقتى، پىچىرلىشىپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە يىغلىشىپ چىقتى.

— نەدىمۇ قورساق كۆتۈرگەن بولاي؟ مەن ھېلىمۇ قىز پېتى. ھېچكىم بىلەن كارىۋاتقا چىقمىسام يا مەن؟...— دەپ يىغلايتتى ھۆرنىسا پىچىرلاپ تۇرۇپ. سۆزلىرىگە تۇرۇپ- تۇرۇپ باشقا تىل سۆزلىرى ئارىلىشاتتى. تۇرۇپ دەۋاتقان گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلاپمۇ قالاتتى. ئۇنىڭ باشقا تىلدا جۈملە تۈزۈپ، ئاندىن ئانا تىلغا تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزگىلى بولاتتى.

— ياق، بالام، گەپ بۇ يەردە ئەمەس. سېنىڭ ئېپپەتلىك ياكى ئەمەسلىكىڭنى ئىسپاتلاپ يۈرۈشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئاشۇنداق گەپ- سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىلا ئاتاڭنىڭ، ئاكاڭنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇشقا يېتەرلىك. ئايال كىشى دېگەن شور پېشانە كېلىدۇ، بالام. ئۇنىڭغا چەكلىمە جىق. ئۇنداق ئىشلارنى قىلسىڭمۇ ئەسلا بولمايدۇ، ئاشۇنداق ئۇسەك گەپلەر چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان قەدەمنى باسسىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق ئىشلارنى قىلغانلارغۇ مەڭگۈ كەچۈرۈلمەيدۇ، ئۈستىدە ئاشۇنداق گەپ- سۆز چىققانلارمۇ مەڭگۈ كەچۈرۈلمەيدۇ، ئېرىشەلمەيدۇ. بىر قېتىم ياغ ئالغان قاپاقنىڭ نامى مەڭگۈ «ياغلىق قاپاق»... سېنىڭ نامىڭ بۇلغاندى. ئاتا- ئاناڭنىڭ، ئەجداد- ئەۋلادىڭنىڭ، ئۇرۇق- جەمەتىڭنىڭ نامىنىمۇ بۇلغىدىڭ. ئاشۇ تۇنجى يىلى ۋەزىپىنى تۈگىتىپلا نېمىشقىمۇ قايتىپ كەلمىگەنسەن؟ قايسى شەيتان ئازدۇرۇپ ئاشۇ يەرلەردە تۇتۇپ قالغاندۇ سېنى...— مىشىلداپ تۇرۇپ پىچىرلايتتى ئانا.

— ئۇسسۇل ئوينىغان بولسام، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئوينىدىم. كۆپ، ناھايىتى كۆپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنغۇ دادام مېنى ئۇ تەرەپكە. قىپيالىڭاچ بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ دېگەنلىرى يالغان. ئۇنداق ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار باشقا، ئۇلار مەندىنمۇ كۆپ پۇل تاپىدۇ...

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، بالام. شۇنىمۇ ئۇقمايدىكەنسەنە. ئايال كىشى دېگەننىڭ ھەممە يېرى ئەۋرەت، قوللىرى ۋە يۈزىدىن باشقا ھەممە يېرى ئەۋرەت. ئۇ يەرلەرنى ئەر خەقكە كۆرسىتىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟ قارىغىنا كىيىملىرىڭگە، شۇمۇ كىيىم بولدىمۇ؟ بىلەكلىرىڭ قولتۇقۇڭغىچە يالىڭاچ، كۆكسۈڭ، ساغرىڭ مانا مەن دەپ پۇسكىيىپ تۇرسا، شۇنىمۇ كىيىم دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنىڭ يالىڭاچلىقتىن نېمە پەرقى؟

— شەھەرلەردە ھەممە ئادەم مۇشۇنداق كىيىنىدۇ. خەق مۇشۇنداق كىيىنسە بولىدىكەنۇ، مەن بۇنداق يۈرسەم نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

— خەق يالىڭاچ يۈرسە ئۆزىنىڭ ئىشى. ئەمما بىز يالىڭاچ يۈرسەك بولمايدۇ، بىلەمسەن؟ بىز كىمنىڭ ئۈممىتى؟ كىمنىڭ ئەۋلادى؟ ئادەت- ئەنئەنىمىز قانداق؟ بىزنىڭ ئۆز ئەخلاق- مىزانىمىز، ئۆز ئۆرپ- ئادىتىمىز بار، بالام. ئۆز يولىمىز، ئۆز مەنزىلىمىز بار، بالام. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلساق بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن چەتنىسەك بولمايدۇ. ئەگەر ئاكاڭ ئىزدەپ بارغاندا مۇشۇ ھالىتىڭدە كۆرگەن بولسا سېنى چوقۇم بوغۇزلىۋېتىپ كەلگەن بولاتتى. بۇنداق كىيىنگىنىڭنى ئاتاڭمۇ، ئاكاڭمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. يۇرت- مەھەللىمۇ، ئەل- جامائەتمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇلار ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئاينىپ كېتىشىنى قانداق قوبۇل قىلالىسۇن؟

— ئاكامنىڭ ئىزدەپ بارغىنىنى بىر يىلدىن كېيىن ئاڭلىدىم. پىچاق كۆتۈرۈپ يۈرگىنىنى بىلىپ، قورقۇپ كېلەلمىدىم.

— سېنىڭ توغراڭدىكى ئاشۇ گەپلەر ئاڭلانغان چاغدا ئالەم مالەم بوپكەتتى. ئاتاڭ ئىزا- نومۇستىن ئاغرىپ يېقىلدى. ئاكاڭ كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي قالدى. ئەگەر شۇ كۈنلەردە قايتىپ كېلىۋالغان بولساڭ ياكى ئىزدەپ بارغاندا سېنى تېپىۋېلىشقان بولسا، سېنى ھازىرقىدەك كۆرۈپ ئولتۇرۇشۇم يوق گەپ ئىدى. ئاتا دېگەننى، ئاكا دېگەننى چۈشىنەمسەن؟ ئۇلار ھەممىگە چىدايدۇ، پەقەت خوتۇن- قىزلىرىنىڭ، قىز قېرىنداشلىرىنىڭ شەرمەندە قىلمىشىغا چىدىمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادا خوتۇن- قىزلىرىنىڭ ئېپپىتىدىن مۇھىم نەرسە يوق...

— دادام ئاشۇ يالغان - ياۋىداقلارغا ئىشىنىپ، مېنى راستىنلا كەچۈرمەسمۇ؟

— ھېلى ئېيتتىمغۇ ساڭا، ئۇ گەپلەرنىڭ راست- يالغانلىقى بىلەن ھېچكىم ھېسابلاشمايدۇ. ئاشۇنداق گەپلەرنىڭ تارقالغانلىقى، بەش يىلغىچە قايتمىغانلىقىڭ، كىيىم- كۆرۈنۈشلىرىڭنىڭ ئۆزىلا سەندىن نەپرەتلىنىشكە يېتەرلىك. ئەمدى بۇ ئۆيدە تۇرالمايسەن، بالام. مەنمۇ ساڭا قانات يېيىشقا ئاجىز. ھازىر ئۇنىڭ ئاچچىقى بىر ئاز يېنىپ قالغان چاغ. سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىكى، ئۇرۇپ- چەيلىمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بىر- ئىككى كۈندىن كېيىنلا سېنى قوغلاپ چىقىرىشىدۇ. شور پېشانە بالام، نېمىشقىمۇ قىز تۇغۇلۇپ قالغانسەن؟...

— مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم، ئەمما چىدىمىدىم. دادامنى، سېنى كۆرگۈم كېلىپ چىدىمىدىم. پۇل تاپقانسېرى چىدىماي قالدىم. ھەرنېمە بولسىمۇ سىلەرنى بىر قېتىم كۆرۈۋالدىم. ئەمدى نېمە بولسا مەيلى...

ئانا پىچىرلايتتى، قىز پىچىرلايتتى. ئانا يىغلايتتى، قىز يىغلايتتى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ھۆرنىسا يىغلاپ سومكا- چامادانلىرىنى ئاچتى. سوۋغاتلىقلارنى تۆكتى. ئاتىغا، ئانىغا، ھەسەنگە، گۈلنىساغا، ھۈسەنگە ئاتالغان سوۋغاتلار بار ئىدى.

— بۇ نەرسىلىرىڭنى يىغىشتۇر. يۈزۈڭگە ئېتىشقاندا خورلىنىپ قالىسەن. سېنى كۆرۈشتىن، چىرايىڭغا قاراشتىنمۇ نومۇس قىلغان ئادەم سوۋغاتلىرىڭنى قوبۇل قىلاتتىمۇ؟ يىغىشتۇر ئۇ نەرسىلىرىڭنى، مەنمۇ قوبۇل قىلالمايمەن. سېنىڭ سوۋغاتلىرىڭنى ئالغان مېنىمۇ قوغلاپ چىقىرىشىدۇ ئۇلار...

ئاخشاممۇ، بۈگۈنمۇ ئۆيگە قايتمىغان ئاتىسىنى شامغا يېقىن ئېتىزلىقتىكى ساتمىدىن تاپتى گۈلنىسا. ئاتا كىچىك قىزىنى كۆرۈپ ئۈندىمىدى، قاش- قاپاقلىرىدىن يەنىلا مۇز يېغىپ تۇراتتى. گۈلنىسامۇ ئۈندەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ، داستىخانغا چىگىپ ئاپارغان نان بىلەن ھۆل ئۈزۈمنى

ئۈندىمەستىن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويدىدە، ئاتىسى ئېتىزلىقتىن يۈلۈپ، تاغارغا قاچىلاپ قويغان ئوت- چۆپنى يۇدۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— ئاناڭغا ئېيت، ئۆيدىن يوقاتسۇن ئاۋۇ بىر نېمىنى!

گۈلنىسانىڭ ئارقىسىدىن ئاڭلاندى قوپال ئاۋاز. گۈلنىسادىن ئانىغا، ئانىدىن خېلىلا يۇمشىتىپ ھۆرنىساغا يەتكۈزۈلگەن ئاشۇ گەپ ھۆرنىسانى يەنە بىر ئاخشام يىغلىتىپ چىقتى. ئەمما ئەتىسى ۋاقىچە ئويغانغان ھۆرنىسانىڭ چىرايىدىن باشقا بىر ئالامەت، دائىم ئاتىسىنىڭ چىرايىدا پارلاپ تۇرىدىغان جاھىلانە بىر ئالامەت ئەكس ئېتىپ قوپتى. ئۇ خېلىلا تەمكىندەك كۆرۈنەتتى. باشقا بىر چامادانىنى ئېچىپ، ئۇزۇنغىچە ئالدىرىماي كىيىم خىللىدى. ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك، تار ۋە ئۇزۇن، ئىككى يېنىدا چېكى بار جۇيازا كىيدى، ئىزمىلىرىنى گېلىغىچە ئەتتى. لېكىن بىلەكلىرى ئوچۇق قالدى. بېشىغا ئاق رەڭلىك شارپىنى ئارتىلدۇرۇپ، ئۇزۇن ۋە مارالنىڭكىدەك گۈزەل بوينىغا ئورىدى. كۆزىگە كەرەشنۋاي رەڭلىك كۆزەينەك تاقىدى. پۇتىغا پايپاقسىز ئېگىز پاشنىلىق، تاسمىلىق قارا خۇرۇم باسنوشكا كىيدى. خېنە ياققان پۇت تىرناقلىرى باسنوشكىنىڭ ئۈچىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ گىرىم قىلمايلا ئۆزىگە ئازراق ئەتىر چاچتى. ئۇ، شۇ تۇرقىدا 1930- يىللارنىڭ كىنولىرىدىكى نازىنىنلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ھەربىر قەدەم ئالسا، جويازىنىڭ چېكى ئېچىلىپ، قاشتېشىدەك سۈزۈك پاچاقلىرى ساغرىسىغىچە غىل- پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇ بىر قولىدا قۇلۇپلىنىدىغان كىچىك چامادان، يەنە بىر قولىدا كىچىككىنە، قىپقىزىل يانفوننى قۇلاقلىرىغا تۇتقىنىچە ھويلىغا چىققاندا، ئانا بولغۇچى يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىقتىن قوزۇقتەك قېتىپ قالدى، ئارقىسىدىن ياقىسىنى چىشلىدى. ئۇ، قىزىغا مىختەك قادىلىپ قالغان، «مۇشۇ قىزنى مەن تۇغقانمۇ؟ ماڭا كۆڭلەك كىيىپ بەرگىنى، ياغلىق ئارتىپ بەرگىنى ئىكەندە ئۇنىڭ» دەپ ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئانا «نەگە ماڭدىڭ؟» دەپ سورىمىدى، قىزىمۇ نەگە ماڭغىنىنى ئېيتمىدى. دەرۋازا ئالدىدا توختىغان تاكسىنىڭ سىگنالى بىلەن چىقىپ كەتكەن قىز چۈشكە يېقىن قايتىپ كەلدى. قولىدا يەنىلا ھېلىقى كىچىك، قۇلۇپلىنىدىغان چامادان بار ئىدى. ئۇ، ئانىسىغا ئەمەس، گۈلنىساغا— سىڭلىسىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— دادامنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟

— ئاخشام ئېتىزلىقتا قالغان، بۈگۈنمۇ شۇ يەردىدۇ بەلكىم.

— مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارامسەن؟

— ماقۇل،— گۈلنىسا خېلىلا ئېچىلىپ جاۋاب بەردى. بۇ، ئاخشام زورلاپ تۇتقۇزۇپ قويۇلغان يۇرۇش- يۇرۇش كىيىم ۋە زىبۇ- زىننەتلەرنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئانا چىقىپ كېتىۋاتقان ئىككى قىزنى كۆزەتكەچ ئويلىدى: «ئاھ، قىز بالا، قىز بالا دېگەن كىيىم بىلەن كۆكلەپ، كىيىم بىلەن چېچەكلەيدۇ. كىيىم ئۈچۈن ياشاپ، كىيىم ئۈچۈن...»

ئاچا- سىڭىل ئېتىزلىققا يېتىپ بارغاندا، ياسىنئاخۇن ئاتا ئېچىلاي- ئېچىلاي دەپ قالغان كېۋەزلىكتىكى ساتمىدا ھۆشىيىپ ئولتۇراتتى. ھەسەن كېۋەزلىكتىكى ئوت- چۆپلەرنى يۇلۇۋاتاتتى. ئاتا يېقىنلاشقان قىزىغا قاراپمۇ قويمىدى.

— دادا!— دەپ چاقىردى ھۆرنىسا. ئۈندىمىدى. ھۆرنىسا ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ چامادانىنى ئالدىغا قويدى ۋە قۇلۇپنى ئېچىۋېتىپ:

— دادا، ئۆزلىرى مېنى پۇل تېپىشقا ئەۋەتكەنتىلە. مانا مەن پۇل ئېلىپ كەلدىم. تاپشۇرغانلىرىنى...

ھۆرنىسانىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئاتا ئورنىدىن سەكرەپ قوپتى، ئاقسېرىق چىرايى قانسىراتقان ئۆپكىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى:

— يوقال، سېسىق پۇلۇڭ بىلەن قوشۇلۇپ يوقال!— قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى ئاتا ۋە بار كۈچى بىلەن چامادانىنى تەپتى. ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەن چامادان چاچراپ ھۆرنىسانىڭ بېشىغا تەگدى ۋە ئىچىدىكى باغلام- باغلام يۈز كويلۇق پۇللار تەرەپ- تەرەپكە چېچىلدى. بەزىلىرى كېۋەزلىككىچە ئۇچۇپ كەتتى. پۇل خېلىلا جىق، تراكتور سېتىۋېلىشقا، پىكاپ سېتىۋېلىشقا، يەنە 50 مو، 100 مو يەر سېتىۋېلىشقا يەتكۈدەك جىق ئىدى. بۇنچىۋالا جىق پۇلنى كۆرۈپ گۈلنىسانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ھۆرنىسا بولسا تېخىچە «دادا، پۇل تاپقاندىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدىم، يۈزلىرىنى چۈشۈرگىدەك ھېچ ئىش قىلمىدىم...» دەپ زارلايتتى يۇم- يۇم يىغلاپ تۇرۇپ.

— يوقال، سەندەك قىزىم يوق! — دەپ ھۆركىرەيتتى ئاتا.

— مېنى ئۆزلىرى ئەۋەتكەن، ئاتا. ئۆزلىرى...— تاكاللىشاتتى ھۆرنىسا.

ھەسەن يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ھۇ داپىيۈز، دادامغا ۋارقىرىغۇدەك بولدۇڭمۇ تېخى؟!

ئۇنىڭ زەرب بىلەن تەپكەن پۇتى ھۆرنىسانىڭ زاڭقىغا تەگدى. تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھۆرنىسا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى، توپا- تۇپراققا مىلىنىپ كەتتى. كەرەشنۋاي رەڭلىك كۆزەينىكى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى.

— ھۇ داپشاق، ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام سېنى. قەيېرىڭ ئادەمگە ئوخشايدۇ سېنىڭ؟ سېنىڭ دەستىڭدىن بۇ يۇرت ھارام بولدىغۇ بىزگە! ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام...

ھەسەن يانپېشىدىكى غىلاپلىق پىچىقنى ھەدەپ تارتاتتى، تۈگمىسى ئېچىلمىغان غىلاپتىن پىچاق چىقمايتتى. جىلە بولغان ھەسەن ئەمدى ھۆرنىسانى دەسسەپ- چەيلەشكە باشلىدى. ھۆرنىسا توپا- تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتتى، بۇرنىدىن قان كەتتى. لېكىن ئۇ ئەمدى يىغىسىنى توختاتقانىدى.

— داسى ۋو، ئۆلتۈرۈۋەت ئاكا مېنى، ئۆلتۈرۈۋەت. سىلەردىن ئايرىلىپ ياشىغۇچە ئۆلۈپلا تۈگىشەي مەن...

ۋارقىرايتتى ئۇ. قوشنا تاختىدىكى كېۋەزلىكلەردىن قوشنىلارنىڭ باشلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يىراقتىكى لاپاس- ساتمىلاردا ئۇخلاۋاتقانلارمۇ دالدىدىن چىقىشتى. ياسىن دېھقاننىڭ ئېتىزىدا ئويىنىلىۋاتقان مۇت تىياتىرنى كۆرمەي ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايتتى. ئۆيدە قالغانلارغا، قوشنىلارغا ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ

سۆزلەپ بېرىدىغان تىياتىر ئىدى بۇ. شۇ ئەسنادا ئاتا بولغۇچى «قول سۇنسا يەتكۈدەك ئىگىز-پەس يەتكىدەك ئېگىزدە» دېگەن تەمسىلنى ئەسكە ئالغان بولسا كېرەك، ئەمدىلا پىچىقنى غىلاپتىن چىقارغان ئوغلىنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى:

ــ قولۇڭنى بۇلغىما پاسكىنىنىڭ قېنى بىلەن. قوشنىلار تاماشا كۆرۈۋاتىدۇ. يۈر، كېتەيلى...

ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئاتا دېگەن ئاتا ئىدى. قەھرى- غەزەپ يالقۇنى ئىچىدىمۇ، ئۆچ- نەپرەت دولقۇنى ئىچىدىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايتتى. ياخشى ئىتتەك ئۆلۈكنى كۆرسەتمەسلىك قولىدىن كېلەتتى. ئۇ، ھەسەننى تارتقۇشلاپ ئېلىپ كەتتى. ئېتىزلىقنىڭ بېشىدىكى قۇرۇق ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن يۈرۈپ، نەگىدۇر غايىب بولدى...

توپا- تۇمانغا كۆمۈلۈپ، ئېغىز- بۇرنىدىن، يۈز- كۆزلىرىدىن ئاققان قانغا مىلىنىپ كەتكەن ھۆرنىسا ئۇزۇنغىچە يىغلاپ ياتتى. ئانىسى ئېمىتمىگەن ئاسلاندەك مىياڭلاپ، ئانىسى تاشلاپ كەتكەن باچكىدەك چىكىلداپ يىغلاپ كەتتى. بەھرى ئوكياندىكى كىتتەك ھۇ تارتىپ، تاغدا ئويغانغان دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلىدى. يىغىسى ئىچ- ئىچىدىن، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقاتتى. ئاتا- ئانىسى تىرىك تۇرۇپ ئاتا- ئانا مېھرىدىن ئايرىلىپ قالغان باللار مانا ــ مۇشۇنداق يىغلايتتى. بەش يىل كېچە- كۈندۈز ئاتىسىنى سېغىنغان، بېشىنى سىلاپ قويۇشىنى، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇشىنى ئارزۇلىغان قىزلار مانا مۇشۇنداق يىغلايتتى. يىغلا ئاپئىقىم، يىغلا، يىغلا سېرىق گۈلۈم، يىغلا، ئېرىشەلمىگەن ئاتا مېھرى ئۈچۈن، ئېرىشەلمىگەن ئاكا مېھرى ئۈچۈن مانا شۇنداق يىغلاش كېرەك. يەرگە ئۆرۈلگەن مېھىر ئۈچۈن، يەرگە ئۆرۈلگەن ئەقىدە ئۈچۈن مانا شۇنداق يىغلاش كېرەك...

گۈلنىسا ئاچىسىنىڭ ئايىغىدا بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى. نە بەزلەشكە تىل، نە يۆلەشكە قول سوزسۇن؟ ئۇ، نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان، نە ئاچىسىغا تەسەللى بېرىشنى، نە ئاتا- ئاكىسىغا قوشۇلۇپ ئەيىبلەشنى بىلمەيتتى. ئاچىسىنىڭ گۇناھ- سەۋەنلىرىنى چۈشەنمىگەندەك، ئاتا- ئاكىسىنىڭ غەزەپلىنىشىنىمۇ چۈشەنمەيتتى. پەقەت نېمىنىدۇر ھېس قىلاتتى. ئائىلىنىڭ قولاشمايۋاتقانلىقىنى، ئائىلىدە جېدەل چىققانلىقىنىلا بىلەتتى. ئۇ، ئۇزۇن چىت كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە چېچىلىپ، توپا- تۇمانغا كۆمۈلۈپ كەتكەن باغلام- باغلام پۇللارنى تەردى ۋە ھېلىقى كىچىك چامادانغا سالدى. كۆپكۆك، كۆك ياغاقتەك غوزىلىغان قويۇق كېۋەز مايسىلىرىنى قايرىپ، ئۇ يەرگە ئۇچۇپ چۈشكەن باغلاملارنىمۇ تېپىپ چىقتى. ئاندىن ئاچىسىغا مۇراجىئەت قىلدى:

ــ قوپ، كېتەيلى، ئېغىز- بۇرنۇڭدىكى قانلارنى يۇيمىساق بولماس...

شۇندىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئاتا بىلەن ھەسەن يەنىلا ئۆيگە قايتمىدى. ھۆرنىسامۇ تالا- تۈزگە چىقمىدى. ئەمما ئۇلارسىزمۇ «كۆككۇم» ۋاڭىلداپ كەتكەندى. «كۆككۇم»لۇقلار كېۋەزلىكتىكى ھەسەل ھەرىلىرىدەك، تاللىقتىكى سېرىق ھەرىلەردەك ۋاڭىلدىشاتتى. ئاشۇ كۈنى تاكسىدىن چۈشۈپ بېشىنى ئارغىماقتەك قاڭقايتىپ، تاقىلداپ دەسسەپ بازاردىكى بانكىغا كىرىپ كەتكەن ھۆرنىسانى كۆرگەنلەر ياقا چىشلەپ تۇرۇپ، قوشنىلىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايتتى: «تۇۋا خۇدايىم، تۇۋا. كىيگەن كىيىملىرىنى كۆرسىلە. ساغرىلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاتايىتەن چاك چىقىرىپ قويغىنىنى كۆرسىلە. سېۋەتتەك بېشىنى، سېرىق كۈچا كۆرپىسىدەك قىلىۋالغان چېچىنى كۆرسىلە. تۇۋا خۇدايىم، قىزلىرىمىزنى كوچىغا چىقىپ قېلىشتىن ساقلا، ئىلاھىم، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا...» يېزىلىق بانكىنىڭ ئىشىك- دېرىزىلىرىدىن ئۇچۇپ چىققان ۋاژ- ۋاژ جاكارلايتتى: «ناھايىتى جىق پۇل تېپىپ كەپتۇ. ئامانەت كارتىسىنى كومپيۇتېرغا سېلىپلا، ئاغزىمىزنى ھاڭدەك ئېچىپ قالدۇق. تاس قالدى بانكىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكىلى. ئۇ تەرەپلەردە سېرىق چاچ جالاپلارنىڭ باھاسى بەك يۇقىرىمىش، بىر كېچىدىلا نەچچە مىڭ سوم تاپارمىش...» ئاشۇ كۈنى يىراقتىن قارىغانلار ۋاژىلدايتتى: «ئاكا- سىڭىللار پۇل تالىشىپ ئىت- مۈشۈكتەك تىللاشتى، ياقا سىقىپ، پىچاق كۆتۈرۈشتى...»، «ياقەي، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. ھېلىقى شاپاقچى ياسىنكامنىڭ يۈزىگە پۇللارنى ئېتىپ: ئاله، سەن تويمىغان پۇل مۇشۇ دەپ ۋارقىرىدى. ياسىنكامنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە چىدىمىغان ھەسەن ئۇ پۇلۇقنىڭ گېلىدىن سىقىپ، ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى»، «ھېلىقى بىر نېمە شۇنداق جاۋۇلداپ ۋە ئاغزى بىزەپكەنكى، ياسىنكام بىلەن ھەسەن تەڭ كېلەلمەي قېچىپ كەتتى...»

«كۆككۇم» ئەنە شۇنداق ۋاژىلدايتتى. ۋاژىلداشلارنىڭ كۈچ- قۇدرىتى شۇنداق زور، شۇنداق دەھشەتلىك ئىدىكى، ھەممە تەرەپنى توسۇپ، ھېچكىمنى ئۆتكۈزمىدى. نە ھۆرنىسانىڭ تاغا- ھاممىلىرى ھاردۇق سوراپ كېلەلىسۇن، نە قوشنىلىرى يوقلاپ كىرەلىسۇن؟ ھاردۇق سوراش چىللاقلىرىدىنغۇ ئەسلا ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىشىك- دەرۋازىسىغا ھېچكىم يولىمىدى. ۋابا پەيدا بولغان ئۆيدىن قاچقاندەكلا قېچىشتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ھېچكىم بارالمايدىغان يېگانە ئارالغا ئوخشاپ قالدى. قارىغاندا، ھۆرنىسانىڭ كاساپىتىدىن بۇ ئائىلە ئەمدى ئەل- جامائەتتىن، ئۇرۇق- تۇغقانلاردىن، قولۇم- قوشنىلاردىن تولۇق ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، مەڭگۈگە جۇدا بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما ئۇنداق بولۇپمۇ كەتمىدى. ھۆرنىسا قايتىپ كەلگەننىڭ تۆتىنچى كۈنى ــ كېۋەزلىكتىكى جېدەلنىڭ ئەتىسى كەچكە يېقىن يېزىلىق پارتكومدىكى ۋاڭ شۇجى ھۆرنىسادىن ھاردۇق سوراپ كەلدى. ئۇنى قاسىمئاخۇن سېكرېتار باشلاپ كەلگەنىدى. قاسىمئاخۇن سېكرېتار ھۆرنىساغا باشتىن- ئاخىرى ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ۋاڭ شۇجى مەرھۇم خوتۇنىدىن مەرھۇم خوتۇنىنىڭ زۇۋانىدا ھال سوراپ، ھۆرنىسادىن ئۆزىنىڭ زۇۋانىدا ھاردۇق سورىدى. يۈزىدىكى كۆك ۋە تۇمشۇقىدىكى ئىششىق تېخى يانمىغان ھۆرنىسا بىلەن ۋاڭ شۇجى شۇنداق قىزغىن كالدىرلىشىپ كەتتىكى، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى نە چاي

كۆتۈرۈپ كىرگەن ئانا، نە قاسىمئاخۇن سېكرېتار ئۇقالسۇن؟ پەقەت كالدىرلاشلار، قىزغىنلىقنىلا ھېس قىلىشتى. ۋاڭ شۈجى قايتىدىغان چېغىدا مەرەمخان خوتۇننىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ: «ياكىشى، ياكىشى كىز چوڭ كېپىسىز. پۇل تاپالايدىگەن كىز چوڭ كېپىسىز، رەخمەيتى» دېدى ئانىنىڭ تىلىدا. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇ دەپ، نېمىلەرنىدۇ تاپىلىماقچى بولغان بولىسىمۇ، ئاشۇ تىلدا راسا قاملاشتۇرالمايۋاتقانلىقىدىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا، قول پۇلاڭلىتىپلا خوشلاشتى.

ۋاڭ شۈجى كېلىپ كەتكەننىڭ ئەتىسى يېزىلىق ساقچىخانىدىكىلەر ھۆرنىسادىن ھال سوراپ كەلدى ۋە ھەسەننى ئېتىزلىقتىن تېپىپ بىللە ئېلىپ كەتتى. ئارقىدىنلا يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە خوتۇن- قىزلارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قوغداش ئىشخانىسىدىكىلەر ھال سوراپ كەلدى. ئۇلار مەرەمخان خوتۇن بىلەنمۇ، ئېتىزلىقتىن تاپقان ياسىن دېھقان بىلەنمۇ ئۇزۇن سۆزلەشتى. لېكىن ئۇلارنى ئەكەتمىدى. قارىغاندا ھۆرنىسادىن ھاردۇق سوراپ كېلىدىغانلار يۇقىرىقىلار بىلەنلا توختاپ قالمايدىغاندەك قىلاتتى. ھاردۇق سوراپ كېلىشلەردىن ھۆرنىسانىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغاندەكمۇ قىلاتتى. لېكىن ئەمدى گۈلنىسا ئاۋارىچىلىققا قالغانىدى. ئۇ، مەكتەپتىن قايتقان ھۆسەن بىلەن بىللە ئېشەكنى ھارۋىغا قېتىپ، «پىچاق كۆتۈرۈپ جېدەل چىقىرىش، خوتۇن- قىزلارنى ئۇرۇپ خورلاش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى» بىلەن 15 كۈنلۈك توختىتىپ قويۇلغان ئاكىسىغا يوتقان- كۆرپە ۋە نان ئاپىرىپ بېرىپ كەلدى. ئېتىزدىن قايتمىغان دادىسىغا كەچكە يېقىن نان ئاپاردى ۋە «ئاناڭغا ئېيت، ئاۋۇ بىر نېمىنى ئۆيدىن يوقاتسۇن» دېگەن قوپال ئاۋازنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ قايتتى. ئۆيدە بولسا ياۋاش ئانىسىنىڭ چىشى بۆرىدەك غالجىرلىشىپ: «كەت، نەگە كەتسەڭ كەت، سېنىڭ ئۆز ئاكاڭنى سولىتىۋېتىشىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن. بۇنداقمۇ رەزىللىشىپ كەتكەن بارمۇ؟ كەت!» دەپ ۋارقىراپ- جارقىراشلىرىغا شاھىت بولدى. «مەن سولىتىۋەتمىدىم، مەن ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمىدىم» دەپ يىغلاۋاتقان ھۆرنىساغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ سومكا- چامادانلىرىنى تاكسىغا بېسىشىپ بەردى. ئاشۇ ئىشلار ئاياغلاشقاندا ۋاقىت خۇپتەندىن ئۆتكەن، جاھان قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىغا غەرق بولغانىدى. ھېرىپ كەتكەن گۈلنىسا تېزلا ئۇيقۇ دەرياسىغا چۆكتى. ئۇنىڭ قانداق چۈش كۆرىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

## 5

ھۆرنىسا كەتتى. قايتىپ كېلىپ ھەپتە ئۆتمەيلا يەنە كەتتى. تۇغۇلغان ئۆيدىن، چوڭ بولغان ھويلىسىدىن، تالاي مېھىر- شەپقەتكە ئېرىشكەن، ئەمدى قوغلانغان يەردىن كەتتى. بىر كۆزى ئارقىدا، ئارقىسىغا قاراپ- قاراپ، ھەسرەتلىك ئۇھ تارتقان پېتى كەتتى. كۆزلىرى، مەڭزى، زىنىقى ياش پېتى كەتتى. ئۇ بەك يىراقلارغا، مەڭگۈ كەلمەسلىككە كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بولمىسا، «خوش، ئانا، خوش، ئەمدى غانجۇغىدا كۆرۈشەرمىز» دەرمىدى؟ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكەرمىدى؟ ئەمما ئىككى- ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھۆرنىسا «كۆكقۇم»دىن كەتمەپتۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانىسىدا يېتىپ- قوپۇپ، ئالدىراش بىر ئىشلارنى بېجىرىۋاتقانمىش. ۋاڭ شۈجى ئاتىدارچىلىق قىلىپ ھەممە ئىشنى يۈرۈشتۈرۈپ بېرىۋاتقانمىش... سەككىز- ئون كۈندىن كېيىن خەۋەر بولدىكى، ھۆرنىسا ئاشۇ يىللىرى ئېچىلغان قۇم بويىدىكى بوزلۇقتىن سەكسەن مو يەر سېتىۋالغانمىش، ئۇ يەرگە مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى قويۇپ، باغ بەرپا قىلماقچىمىش، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانماقچىمىش. ۋاڭ شۈجى ئاشۇ بوزلۇققا قاتار- قاتار سېلىنغان، لېكىن تېخى ھېچكىم كۆچۈپ كىرمىگەن يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەردىن بىر يۈرۈشنى ھۆرنىساغا بۆيرۈپ بەرگەنمىش. ھازىر ھۆرنىسا ئاشۇ ئۆيىنى ياساپ يۈرەرمىش...

بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. نەدىدۇر بىر يەردىكى ئادىمەتچىلىكتىن قايتقان ئانا ھارۋا بىلەن بوزلۇقنىڭ نېرىسىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يىراقتىكى يالغۇز ئۆي ئالدىدا قانداقتۇر بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن قىزىنى كۆردى. شۇنچە يىراقتىنمۇ تونۇدى، كۆزى بىلەن ئەمەس بەلكى دىلى بىلەن تونۇدى. تونۇدىيۇ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. گېلىنى يىغا بوغدى. «بىچارە، شورلۇقۇم، دېھقانچىلىقنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىغا چىدىيالارسەنمۇ؟ نازۇك قوللىرىڭ كەتمەننى كۆتۈرەلەرمۇ؟» دەپ ئاھ ئۇردى ئانا ئىچىدە. قىزىنىڭ ئانا يۇرت مېھرىدىن كېچەلمىگەنلىكىنى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردىن كېتەلمىگەنلىكىنى چۈشەندى. ئادەمسىز بوزدا جىنەدەك يالغۇزلۇقىنى ئويلاپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— نېمىگە يىغلايسەن؟— دەپ ھۆركىرىدى ئېشەكنىڭ باشۋېغىنى مەھكەم تۇتۇپ ھارۋىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ياسىن دېھقان،— ساراڭدەك يىغلاۋېرىدىكەنسەن، يىغلاۋەرسەڭ كۆزۈڭ تۇتۇلۇپ قالامدۇ سېنىڭ.

مەرەمخان ئانا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، ئەمما ئېرىگە ھېچنېمە دېمىدى. «ئاۋۇ يەردە ھۆرنىسا تۇرىدۇ» دېيەلىسۇنمۇ؟ ئاتىنىڭ ئالدىدا ھۆرنىسانىڭ گېپىنى چىقىرىشقا قەتئىي بولمايتتى. ئۇ، ھۆرنىسا ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتى، بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ھەتتا شۇ كۈنىمۇ «كەتتىمۇ؟» دەپ سوراپمۇ قويمىغان ئاتا ئۈچۈن ئەمدى بۇ دۇنيادا ئۇنداق ئادەم يوق ئىدى. ۋەھكى، ياسىن دېھقان بىلىشنى خالىمىسىمۇ ۋە بىلمىسىمۇ ئۇنىڭ چوڭ قىزى يەنىلا بۇ دۇنيادا، مۇشۇ ماكاندا ياشاپ يۈرەتتى. ھۆرنىسا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ كۈنى ئۆزىنىڭ نېمىشقىدۇر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇشۇ ياققا تارتىشىدىغانلىقىنى، تۇپراق ۋە يىلتىزلىرىنىڭ، ئۆتمۈش ۋە ئەستىلىكلىرىنىڭ، ئارزۇ ۋە ئارمانلىرىنىڭ مۇشۇ ماكاندا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ بۇ يۇرتنى مۇنداقلا ئاتىسىغا، ئاكىسىغا، ئانىسىغا قېيداپلا تاشلاپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ھەم چۈشەندى. كەتكۈسى يوقلۇقىنى چۈشەنگەنىكەن، تۇرۇپ قېلىشنىڭ، يىلتىز تارتىشنىڭ ئامالىنى

قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ، ۋاڭ شۇجىنى ئىزدەپ باردى. كېيىنكى ئىشلار مەرەم خوتۇننىڭ قۇلىقىغا يەتكەن مىش ـ مىشلار بىلەن بىردەك ئىدى. ھۆرنىسا تاقىرباش شوپۇرنىڭ تاكسىسىدا شەھەرگە بىر قانچە قېتىم قاتراپ، ھېلىقى يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆيگە جايلىشىۋالدى. ئۇنىڭغىچە ۋاڭ شۇجى خېلى يىراقتىن سىم تارتقۇزۇپ، توك ئەكەلتۈرۈپ بەردى. ئىشكىنىڭ ئالدىغا ـ يەرلەرنىڭ بېشىغىلا باسما قۇدۇق قاتقۇرۇپ، ئىچىملىك سۇنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەمدى بۇ يەردە ياشاشقا، ئىشلەشكە بولاتتى. لېكىن ئۇ سېتىۋالغان يەرلەر ھازىرچە بىكار ئەمەس ئىدى. كېۋەز ئېچىلىشقا باشلىغان، يېشىللىقىنىڭ ئىچىدە مىڭلىغان چىراغ يېنىپ، مىڭلىغان كۆز كۆلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. يەرنى ئىجارىگە تېرىۋاتقانلار پاختىلىرىنى يىغىپ بولغۇچە، ئېتىزلارنى بىكارلاپ بەرگۈچە كۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭغىچە ئالدىرىسا ئىككى يېرىم ئاي، ئالدىرىمىسا ئۈچ ئاي ۋاقىت بار ئىدى. ئۇنىڭغىچە ئۆزىنى كۆزنىڭ ئاپتىپىغا سېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقتە. ھۆرنىسا شەھەرگە كەتتى ۋە شۇ كەتكەنچە كەچ كۈزدە، كۈزلۈك كۆچەت قويۇش پەيتىنىڭ ئالدىدىراق قارا قوڭغۇزدەك پارقىراق، قارا قوڭغۇزدەك چىرايلىق پىكاپنى ھەيدەپ «كۆكقۇم»نىڭ كوچىلىرىدا پەيدا بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ شوپۇرلۇق مەكتىپىدە ئوقۇپ، پىكاپ سېتىۋېلىپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشتى. ئۇ، پىكاپنى ھەيدەپ كېۋەز شادىلىرىنى يىغدىغانغا ئىشلەمچى، يەر ئاغدۇرىدىغانغا تراكتورچى ئىزدەپ يۈرەتتى. كۆپ ئۆتمەي قايسىبىر كۆچەتخانىنىڭ يوغان ماشىنىسى كۆچەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. باغنىڭ ئالدىدىن سىزىلغان خەرىتە بويىچە يوللار، ئېرىقلار، كۆلچەكلەر ئېلىنىپ، ئىستىراھەت شىپائى، كۆزىتىش شىپائى چىقىرىدىغانغا يەر قالدۇرۇپ تەييارلانغانىدى. كۆچەتلەر رەت ـ رېتى، تۈر ـ سورتى بويىچە تىكىلدى. باغ ئەتراپىغا قويۇق قىلىپ جىگدە ۋە ئازغان كۆچىتى سالدۇردى. بۇ ھەم قوغداش ئۈچۈن، ھەم كۆكەرتىپ، قۇم ـ بوراننى توسۇش ئۈچۈن ئىدى... ئىش ئاز ئەمەس ئىدى. قىز بالا دېگەن ھەرقانچە قەيسەر ۋە ئىشچان بولغان ھالەتتىمۇ بۇنچە كۆپ ئىشنى قانداق قىلىپ تۈگەتسۇن؟ ھۆرنىسا ياردەمچىگە، ئىشلەمچىگە موھتاج ئىدى. ياللاشقا پۇلىمۇ بار ئىدى. لېكىن «كۆكقۇم»دىن تاپقان ئىشلەمچىلەر بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ئىشلەپلا يوق بوپكېتەتتى، قايتا ئىزدەپ بارسا، يوقلاڭ باھانىلەرنى كۆرسىتىپ كېلىشكە ئۇنىمايتتى. ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بېرىمەن دېگەنگىمۇ ئۇنىمايتتى. پەقەت بىرلا ئادەم ـــ سادىق گاچا ئىش ئاياغلاشقۇچە كەتمەي ئىشلىدى. چىرايى قورقۇنچلۇق، زۇۋانسىز بولسىمۇ، غەرەز ئۇقتۇرغىلى بولىدىغان، بۇيرۇغان ئىشنى ئاخىرىغىچە قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۆيىمۇ ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. شۇ بىر كىشىلا ھۆرنىسانىڭ ياخشى ياردەمچىسى بوپقالدى. لېكىن بۇ بىر ئادەم بىلەنلا 80 مو يەرنىڭ ئىشنى تۈگەتكىلى بولسۇنمۇ؟ ھۆرنىساغا كۆپ چاغدا شەھەردىن ـــ مەدىكار بازىرىدىن ئىشلەمچى ئەكېلىشكە توغرا كەلدى. بۇنداقتا ئېشكىدىن توقۇمى قىممەت بوپكېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ھەر ھالدا يەر تۈگۈلىگىچە باغنىڭ

دەسلەپكى ئىشلىرى ئاياغلاشتۇرۇلدى. ئەمدى يەنە ئالەم ئىللىپ، پاختەك گۇگۇلاپ، كۆچەتلەر بىخ سۈرگىچە ئىش يوق ئىدى. ھۆرنىسا باغقا بىر قىش قاراپ قويۇشنى سادىق گاچىغا ھۆددىگە بېرىپ، يەنە شەھەرگە كەتتى. شەھەردە بىر قىش باغۋەنچىلىك كۇرسىدا ئوقۇدى ۋە باش باھاردا يەنە پىكاپنى ھەيدەپ «كۆكقۇم»دا پەيدا بولدى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭغا باغۋەنچىلىكتىنمۇ نېسىۋە بېرىلگەنىكەن، كۆچەتلەرنىڭ يۈزدىن توقسىنى تۇتقان، كۆكلەپ بىخ چىقارغانىدى. ھەتتا بەزىسى يۆتكەپ سېلىنغانلىقىنى تۇيمىغاندەك تۇنجى يىلىلا چېچەك كۆرسەتكەنىدى. ھۆرنىسانىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى ۋە باغۋەنچىلىك كۇرسىدا ئۆگەنگىنى بويىچە باغنى پەرۋىش قىلىشقا كىرىشتى. قىلىن، مەزمۇت رەختتە تىكىلگەن كۆك رەڭلىك ئىش كىيىمى كىيگەن، بېشىغا كەڭ گىرۋەكلىك شلەپە قوندۇرغان ھۆرنىسانى ھەردائىم باغدا كۆرگىلى بولاتتى. كۆكلىمىگەن كۆچەتلەرنىڭ ئورنىغا تولۇقلاش ئېغىر ئىش ئەمەس ئىدى. سادىق گاچا بىلەن ئىككىسىلا ئورۇنداپ كېتەلەيتتى. ئەمما ئۇ كۆچەتلەر ئارىسىدىكى بوش يەرلەرنى تېرىماقچى بولغاندا، چاتاق چىقتى. يازلىق بۇغداي تېرىشقا يول قويۇلمايدىكەن، سەۋەبى، سۇ يېتىشمەيدىكەن. كۈزدىكى ئوسسىغا يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىسىلا بولىدىكەن. ھۆرنىسا ئەلھۇكمىللىلا دەپ كېۋەز تېرىماقچى بولۇۋىدى، يوپۇق يېپىش ماشىنىسى بار تراكتورچى كېلىشكە ئۇنىمىدى. ئىش ھەققىنى يۇقىرى بېرىمەن دېسىمۇ كېلىشكە ئۇنىمىدى. نېمە دېدى دېمەمسىز؟ «ئۆيۈمنى بۇزۇپ، باللىرىمنى يېتىم قىلغۇم يوق مېنىڭ» دېدى. ھۆرنىسا ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئەمما بەل قويۇۋېتىشكە بولمايتتى. ئۇ، سادىق گاچا بىلەن بىللە تىرمىشىپ يۈرۈپ 15 ـــ 20 مو يەرگە كەتمەن بىلەن چۆنەك تارتىپ، قول بىلەن يوپۇق ياپتى. باشقا يەرلىرى ئاق قالدى. يالتىراق يېپىلغان ئاشۇ ئازراق يەرگە كېۋەز تېرىسىمۇ، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىسىمۇ بولاتتى. ئاپرېلنىڭ بېشىدا «چېچەك سۈيى» كەلگەندە، يېڭى كۆچەتلەرنى سۇغۇرۇشقا سۇ بېرىشمىدى، ماينىڭ ئاخىرىدا بۇغداينىڭ «دان سۈيى» كەلگەندىمۇ سۇ بېرىشمىدى. تۈزۈم ـ پرىنسىپ شۇنداقمۇ ياكى باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىشىۋاتامدۇ؟ ئۇققىلى بولمايتتى. يېزىلىق سۇ پونكىتىدىكى باش مىراپ سۇ تەلەپ قىلىپ بارغان ھۆرنىساغا: «كۈزگى بۇغدايدىن باشقىغا سۇ بېرىلمەيدۇ، خېنىم. تومۇ ۋاقتى دېگەن جىرىملىققا ئېقىپ كەتكەن تامچە سۇ ئۈچۈنمۇ ھەسسىلەپ جەرىمانە ئېلىنىدىغان چاغ» دەپ جاۋاب بەردى. ئىككىنچى قېتىم بارغاندا: «ماشىنىلىرىڭغا باك بېكىتىپ، سازلىقتىن سۇ توشۇپ سۇغۇرسىلا» دەپ سوغۇق ئېيتتى. ئەمما سۇ باشقىلارنىڭ جىرىملىقلىرىغىمۇ ئېقىۋاتاتتى. يەنە بارغان ھۆرنىساغا ساقىلىغا ئاق سانجىلغان، دادىسى قورامىدىكى مىراپ: «بۇ يەرگە كېلىۋەرمىسلە، بىزنى خوتۇن ـ باللىرىمىز بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرغىلى قويسىلا» دېدى ئىزا تارتماي. ھۆرنىسا تراكتورچى بىلەن سۆزلەشكەن چاغدىكىدەكلا ھاڭ ـ تاڭ قالدى. نېمىندۇر ھېس قىلغاندەك، نېمىندۇر چۈشەنگەندەك بولدى. ئۆزىنى يىراقتىن، كۆرۈنمەس ئەمما قورقۇنچلۇق بىر تورنىڭ

چىرماپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندى. ئەسلىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە يالىنىشتىن يالتىيىشلىرىدا، ئىتتىزىغا يولۇماسلىقلىرىدا، ئۈچرىشىپ قالغاندىمۇ تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتىشلىرىدە ئاشۇ تور رول ئويناۋاتقانىكەندە؛ ئاشۇ تور كىشىلەرنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرمايۋاتقانىكەندە؛ ئاشۇ تور... ھۆرنىسانىڭ كۆز ئالدىغا ئۆتكەن سەككىز-توققۇز ئايدىن بېرىكى جىندەك يالغۇز ياشىغانلىقى كەلدى. ئۇنى ھەتتا ئانىسى بىلەن گۈلنىسامۇ يوقلىمىغانىدى. 20 ياشتىن ئېشىپ قالغان قىز نېمىنى ئويلايدۇ؟ كۆزدە شوپۇرلۇق كۇرسىدا، قىشتا باغۋەنچىلىك كۇرسىدا تونۇشقان بىر-ئىككى يىگىتمۇ كۆپ ئۆتمەي ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقانىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىمۇ ئاشۇ تور يېقىنلاشتۇرمىغانىكەندە، مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتكەنىكەندە! تور ھەتتا شەھەرگىچە يېيىلغان، ھۆرنىسا نەگە بارسا شۇ يەردە قورشاپ تۇرغانىكەندە...

ھۆرنىسا چۈشەندى. «كۆكقۇم»دىن ئىشلەمچى تاپالمىسا، شەھەردىن ئەكەلسە بولاتتى. يەرلىرىگە سۇ بېرىشمىسە ۋاڭ شۈجىنى ئىزدىسە ھەل بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ۋاڭ شۈجىنىڭمۇ ھېلىقى تورغا ئامالى يوق ئىدى. كۆرۈنمەس، ئۆمۈچۈكنىڭ توردەك قېلىن، شامالمۇ ئۆتكۈزمەس تور... سادىق گاچا بىلەنلا ئۆتكەن كۈنلەرنى كۈن دېگىلى بولامدۇ؟ يالغۇز، جىندەك ياشىغىلى بولامدۇ بۇ دۇنيادا؟ پۇل تاپقىنىڭنىڭ، باغ بەرپا قىلغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ يا پۇللارنى بۇزۇپ-چېچىپ خەجلىگىلى بالا، يا باغدا يايرىغىلى دوست-ياران بولمىسا؟!

نام بۇلغىنىش دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، نام بۇلغىنىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەمدى چۈشەنگەن ھۆرنىسا بۇقۇلداپ، ئۆكسۈپ، ئىچ-ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلىدى. يەكلىنىش، چەتكە قېقىلىش، خورلىنىش ئازابىدىن يىغلىدى. ئەمما تېخى بۇ يەكلەشلەر، خورلاشلار خېلىلا مەخپىي، سەزدۈرمىگەن ھالەتتە ئىدى. چىداپ تۇرغىلى بولاتتى. كىشىلەرگە كۆپ ئارىلاشمىسىلا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپ-سۆز، سوغۇق مۇئامىلە ۋە نەپرەتلىك قاراشلاردىن يىراق تۇرغىلى بولاتتى. ئەمما ئاشۇ ئاخىرقى كۈنى، بېغىنى بويلاپ قاشا ئورنىدا تىكىلگەن جىگدە ۋە ئازغانلارنى تەكشۈرۈپ كېتىۋاتقان ھۆرنىسا 20 ـ 30 مېتىر يىراقلىقتا، ئۆز ئېتىزلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئەر-ئايال يەر قوشنىسىغا مۇنداقلا قاراپ قويدى. بىئىختىيار، مۇددىئاسىزلا قاراپ قويدى، بۇنى لەپپىدە كۆزى چۈشۈش دېسىمۇ بولاتتى. كۆز دېگەن ئاشۇنداق ئۇچرىغانلا نەرسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان نېمە ئىدى. گۈلگىمۇ، گەندىگىمۇ چۈشەتتى، دەرەخكىمۇ، ھايۋانغىمۇ، ئۇچار قاناتقىمۇ، ئادەمگىمۇ چۈشەتتى. ئۇنىڭ چۈشۈشلىرىنى توسۇش ئۈچۈن يۇمۇۋېلىش، مەھكەم يۇمۇۋېلىش كېرەك ئىدى. ۋەھكى، ئېتىزدىكى ئوتتۇغۇل-دوتتۇغۇل يەردە مېڭىۋاتقاندا يۇمۇۋېلىش مۇمكىن بولسا؟ ھۆرنىسانىڭ زەڭگەر كۆزلىرى يەر قوشنىلىرىغا مۇنداقلا چۈشۈۋىدى، يۈز-كۆزلىرىنى ياغلىق بىلەن چۈمكىۋالغان ئايال قوشنا شۇ زامات تىل سالدى ۋە كېۋەزلەرنى چەيلەپ، ھۆرنىساغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى:

— ھۇ، يۈزى قېلىن جالاپ، نېمىگە قارايسەن؟ ... بارمىكەن بۇ يەردە؟ ھۇ، ... غا تويمىغان شەرمەندە، نومۇسنى بىلمەيدىغان بۇزۇق...

ئايالنىڭ ئاغزىدىن يوق-سۈيدۈك ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. ئېرىنىڭ «ھاي!» دېگەنلىرىگە قۇلاق سالىدىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى. ھۆرنىسا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي بۈتتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئاران-ئارانلا:

— نېمە قىلدىم مەن سىلىگە؟ نېمە قىپتىمەن؟ — دېيەلىدى.

— ئېرىمگە قاش ئېتىپ تۇرۇپ يەنە نېمە قىپتىمەن دەيسەنغۇ جالاپ؟ نېمە قىلساڭ بولاتتى؟ ئەمدى ئۆيۈمگە كىرىپ ... كېرىپ، كالچىيىپ ياتساڭ بولاتتىمۇ؟ ھۇ داپيۈز، ھەممە ئەرنى بۇلغاپ يۈرگەن چۈۋۈق سېۋەت، كونا كەش...

زىرائەتلەرنى دەسسەپ، ئېغىزىدىن ئىت-مۈشۈك تۆكۈپ كېلىۋاتقان ئايال يېتىشىۋالغۇچە توختىغان بولسا، ھۆرنىسانىڭ كۆرگۈلۈكى بار ئىدى. ئايال چاچقان تۈپىدا كۆمۈلۈپ كېتىشى، ياكى بۇدرە قىلىنغان ئالتۇن چاچلىرى يۇلۇنۇپ، يۈزلىرىگىچە تاتىلىنىپ بوپقېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھۆرنىسا يالماۋۇزدەك ئەلپازدىكى ھاياسىز خوتۇنغا تەڭ كېلەلمەسلىكىنى بىلىپ قاچتى، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئۆيى تەرەپكە تېز-تېز قەدەم تاشلىدى ۋە ئارقىدىن يۈگۈردى. ھېلىقى خوتۇننىڭ چاڭگىلداپ تىللىغان ئاۋازى تاكى ئۇ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، ئىشىكنى تاقىغۇچە ئاڭلىنىپ تۇردى...

ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىغان ھۆرنىسا يەنە تۆكۈلۈپ كەتتى، بۇقۇلداپ-بوغۇلۇشلىرىدىن كارىۋات سىلكىنەتتى، ياستۇق ھۆل بوپكەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلغان ئۆي، ئۆسۈپ چوڭ بولغان مەھەللە ھارام بولغاندەك، ئەمدى بۇ يەرمۇ ھارام بولغانىدى. ئېتىز-ئېرىق، يىراقتا كۆرۈنگەن قۇم-بارخانلارمۇ ھارام بولغانىدى. ئۇ، شۇ ياتقانچە كەچكىچە يېتىپ، شامدىن كېيىن پىكاپىنى ئوت ئالدۇردى-دە، ھېچكىمگە تىنماي، ھەتتا سادىق گاچىغىمۇ بىر نېمە دېمەي «كۆكقۇم»دىن چىقىپ كەتتى ۋە شۇ كەتكەنچە قايتا كەلمىدى. بىرلىرى ئۇنىڭ توغرىسىدا: «شەھەردە كۆردۈم، پىكاپىنى ئالماشتۇرۇپتۇ، تاكسى ھەيدەپ يۈرىدۇ» دېسە، يەنە بىرلىرى: «رېستوراندا ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپتۇ، ئۇسسۇلمۇ ئوينايدىكەن» دېيىشەتتى. يەنە ئاللىكىملەر: «ھەممىسى يالغان، ئۇ ئاشۇ يىللىرى ئىشلىگەن چوڭ شەھەرگە كەتتى، پۇللىرى تۈگىگەن ئەمەسمۇ، ئۆزى پۇل تاپالايدىغان يەرگە كەتتى. ئالدىنقى قېتىمقىدەك سومكا-سومكا پۇل تاپقاندا قايتىپ كېلىدۇ» دېيىشەتتى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم «كۆكقۇم»دا ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرمىدى.

2008- يىل ئۆكتەبىر؛ 2009- يىل ئىيۇن، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: يازغۇچى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پېنسىيونېرى (M1)




## 1

دەرۋازىسى يولغا قارىغان قاتار-قاتار خام كېسەك ئۆيلەر كۆز ئالدىدا تۆگە لوكىسىدەك ئېگىز-پەس ۋە جىمجىت. يوپۇرماقلىرى تېخى سارغايمىغان دەل-دەرەخلەر كۆز شاملىغا يېنىك تىۋىنىپ شىلدىرلايدۇ.

تىزغىنچە توپا پۇرقىراپ تۇرغان مەھەللە يولىدا يىراقتىن بىر كىچىك مىنىبۇس كۆرۈندى. مىنىبۇس توپىلىق، كاتاڭ يولدا چايقىلىپ ئاستا كېلەتتى. ئەينەكلىرى پارقىراپ تۇرغان تۇمشۇقى كۆرۈنمىگەن بولسا مىنىبۇس ئەمەس، بەئەينى بىرى يولدا شوخا سۆرەم سۆرىتىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ماشىنىنىڭ ئارقىسىدا كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان يولنى بىر ئالغاندى.

مىنىبۇس چايقىلىپ-سىلكىنىپ يېتىپ كەلدى. كەپكىسىنى سىڭايان كىيگەن ياش شوپۇر بالا ئەينەكتىن ئېڭىشىپ سىرتقا سەپسېلىپ قاراپ، ئۆزى توختىماقچى بولغان ئۆينى ئىزدەشكە باشلىدى. ماشىنىنى ئاستا چەتكە بۇراپ، ئاپتاپپەرەس شاخلىرىدىن توقۇپ ياسالغان كىچىك دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە توختاتتى. ماشىنا توختىشى بىلەن ئارقىسىدىن كەلگەن توپا-چاڭنىڭ ئىچىدە قالدى. شوپۇر كابىنكىنىڭ ئەينەكلىرىنى چىقىرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ ھەدەپ ئايلاندۇرسىمۇ ئېچىلمايۋاتقان ئەينەكنىڭ ئۇستۇنكى قىرىنى پەسكە تارتىپ ئاندىن ئەينەك سۇرگۈچنى ئايلاندۇرۇۋىدى، ئەينەك چىقتى. شوپۇر ماشىنىنىڭ ئىچىدە بۇخسۇپ تۇرغان چاڭ-توزاننى پۈۋلەپ تۇرۇپ سىگنال بەردى.

— پا-پا-پاپ!

خىرىلداپ يىرىم-يارتا ئاڭلانغان سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىقتىمۇ، ياكى شۇنداقلا توغرا كېپقالدىمۇ، ئاپتاپپەرەس دەرۋازىنى كۆتۈرۈپ ئاچقان بېتى چىقىپ كەلگەن بوۋاي ماشىنىنى كۆرۈپ ئالدىراپ كابىنكىغا يېقىنلاپ كەلدى:

— كەللىما، ئۇستام؟

بوۋاي شوپۇرنىڭ ئەينەكتىن چىقارغان سىڭار قولىنى قوش قوللاپ تۇتقىنىچە بىر ھازا تىنچ-ئامانلىق سوراپ، ئاندىن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى:

— جۇسلە ئۇستام، ئۆيگە چىرىلى.

— بولدى، ئاكا، ئۆيگە چىسەك بەك ئولتۇراپ قالىمىز. ئىش ئالدىراش، ئىشتىگرەك ماڭىلى.

— مۇزدەك قېتىق باتى. يىرىم چىنە ئىچسىلە بەلەن بولىتى.

— بولدى، كېيىنچە ئىچەمىز ئۇنىمۇ. قېنى، تەييا بولاشقانمىتلە؟

— ھە ئە... — بوۋاي ئالدىراپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى، — قېنى سەنوي؟! بولە-بولە، ما ئۇستام كەگىلى نىۋاخ.

— كەسە بولاپتا. قولامنى تىترەتمىسلە، دادىسى. مانا مېڭىۋاتىمە شۇ.

بوۋاي كېيىملىرى ساندۇقتا قاتلىنىپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەنلىكتىن قاتلاق ئىزى چىقىپ قالغان خېلىلا يېڭى چىت كۆڭلەكگە چاپلاشقان پاختا توزۇندىلىرىنى ئالقانلىرىغا تۇكۇرۇپ ھىمرىپ تازىلاش بىلەن بولۇۋاتقان مومىسىغا قاراپ كۈلدى:

— «قېرىغاندا قېرى تاتۇق» دەپ ما خوتۇننىڭ چوكانلىقى تۇتۇپ كېتىپتا مانا. ھوي، خۇددى سېنىڭ توياڭ بولىدىغاندەك قىپكەتتىڭغۇ؟ ئوغلىمىز يامەتجاننىڭ ئۆي مارىكى جىمابۇ...

— سىلى شۇنداغ دېگەن بىلەن دادىسى، — موماي بىر يەرلىرىگە ئىلىنىپ قېلىپ، ئارقىسىدىن سۆرىلىپ كەلگەن يىپنى

ئاۋايلاپ كىيىمدىن ئاجرىتىۋېلىپ، يانچۇقىدىكى يىپ ئورالغان مەدەكنى ئالدىدە، قوشۇپ يۆگىگەچ سۆزلەشكە باشلىدى:

— «ئاناڭنى داداڭغا بىپەداز كۆسەتمە»دەيدىغان گەپ بار. قاتا سۆگەت هاشرىغا ئەمەس، يامەتجان بالامنىڭ شەرىگە بارىمىز ئەمەسما. شەلىك دېگەن ئۆز خەق. يامەتجان بالامنى كېلىنىمىزنىڭ ئالدىدا سۇندۇراپ قويساق بومماس.

موماي ئۈچى تىتىلداپ ئاران تۇرغان شوپۇرنى ئەمدى كۆرگەندەك ئاپتاپپەرەس دەرۋازىدىن سىرتقا چىقىپ شوپۇرغا سالام قىلدى:

— بىژدەم خاپا بومماي تۇرالا جىما غوجام بالام. پىتكە تەييالىق قىلىۋالىلى.

— بوسلا دەيمە، — دېدى شوپۇر نارازى بولغاندەك ئاھاڭدا، — بىژمىنۇت تۇسمۇ پۇلغا تۇرىدىغان يوغان تۆمىنى ئىشىك ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ تەييالىق قىلامدىكى؟ ئېتىسگەنىنىڭياغى نېمىش قىلغان تەييالىق قىمماي؟!...

— بۇ خوتۇن خەق دېگەن شۇنداغ نېمىكەن قايلىسىلا، جىندەك سەۋرى قىسىلا بالام، — دېدى بوۋاي خىجىل بولۇپ.

موماي گىدىڭشىپ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگىنىچە دوڭغايغان بېلىگە بىر قولىنى ئارتىپ ئۆيگە ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بوۋاي ئەگەشتى. بىر هازا ئۆتكەندە بوۋاي ئۆشنىسىدە يوغان قىپقىزىل ئەديالغا ئورالغان يېڭى تىككەن ماموق يوتقان- كۆرپە، موماي قولىدا كونىرىغىنى بىلەن پاكىزە يۇيۇلغان، ئۈچىگە بىرنەرسە ئورالغان داستىخان كۆتۈرۈشكەن پېتى بىرنېمىلەرنى تالاشقىنىچە چىقىپ كېلىشتى. ئاندىن موماي كونىرىغىنىدىن كىرلىشىپ قاپقارا بوپكەتكەن دەھلىز ئۆيىنىڭ قوش قانىتىنى ئاۋايلاپ ياپقاندىن كېيىن ، داتلىشىپ كەتكەن زەنجىر بىلەن ئىشىكنى زەنجىرلەپ، يوغان ئورۇس قۇلۇپنى سالدى. ئاندىن قۇلۇپ چالا ئېتىلىپ قالدىمۇ- يوق دېگەندەك بىر قانچە قېتىم كۇچەپ تارتىپ كۆرۈپ كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن ئۇزۇن شوينىغا چېگىلگەن ئاچقۇچلارنى چىمچىلاق بارمىقىچىلىك قالغان كۇمۇشرەڭ ئۆرۈم چېچىغا ئاۋايلاپ چېگىپ، چېچىنى دولىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئارقىسىغا تاشلىدى- دە، يەنە دوڭغاسلاپ هويلىدىن چىقتى. بىرقانچە يېرىگە خام رېزىنكىدىن چاپلاق قويۇلۇپ يامالغان كالىچى پۇتىغا چوڭ كېپقالغانلىقتىن ماڭغاندا كالاپشىپ تۇراتتى. ئۇ، ئاپتاپپەرەس دەرۋازىنى كۆتۈرۈپ ياپقاندىن كېيىن ، يوغان شوينا بىلەن چىڭ چېگىپ «قۇلۇپلىدى»دە، بۇرۇلۇپ بوۋىيىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئەمدى ماڭىلى، دادىسى.

ئۇلار پايپاسلىشىپ مىنبۇسنىڭ يېنىغا كېلىشتى. بوۋاي تىت- تىت بولۇۋاتقان شوپۇرغا قاراپ خىجالەتچىلىك ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى:

— مۇشۇ خوتۇن خەق بىلەن بىژيەگە باسا مۇشنداغ جىلە قىلىدۇ زادى. خاپومىسىلا جىما ئۇكام.

— هۇيت ئىدەم ! — موماي ئۆزىنى ئاقلاۋاتقان بوۋاينى يېنىك نوقۇپ قويدى، — ئېتىسگەنىنىڭياغى ئەسكى پايتىمىلىرىدىن تاتىپ يۆگەپ، مايماق ئۆتەكلىرىنى تاتىپ كەيدۈرۈپ ئىشۇنچىلىك قىپقويسام جىلە بولاپقالىلىما؟ تۈزۈك كىيسلە ئۇۋۇ تۇماقلىرىنى. قاچان قايلىسا لېۋىكىنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىۋالغان. شەگە ما ئىسكەتلىرى بىلەن باسلا، ئېزىپ قاغان پادىچىكەن دەپ زاڭلىق قىلىدا جىما.

— ئەجەپ گېپىڭ تولا خوتۇندە سەن، قەچكىچە ئېزىپ- ئىچۇرىمەن دېمەي ئۇۋۇ بىژمىلىرىڭگە مەھكەم قايلا، بىژنەسە ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ؟

ئۇلار بىر- بىرىنى ئىتتىرىشىپ، بىر- بىرىگە يۆلىشىپ، ئۇسۇشۇپ- غۇدۇرىشىپ بىر هازادا مىنبۇسقا چىقىپ بولۇشتى. تار مىنبۇس ئىچىدە دوڭغايغىنىچە ئۇنى- بۇنى سىلاشتۇرۇپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

— بىژنەسە چالا قامىغاندۇ- هە، دادىسى؟

— ياق. چالاقاغاندەك ئەمەس.

— يوتقان- كۆرپىنىڭ هەممىسى پاتتىما؟

— پاتتى.

— بۇيەدە چىڭدىشىپ، پۇلشىپ كەتمەس، ئۇستام؟

— خاتىرجەم بوسلا، چاتاق چىقمايدا.

— هېلىقىنى ئالدىلىما، دادىسى؟

— ئالدىم، مانا.

ئۇلار تارشىدەك ئورۇق، قاتتىق بارماقلىرى بىلەن بۇلۇتتەك يۇمشاق تىكىلگەن يوتقانلارنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ تۇتۇپ بېقىشىپ، كۆڭۈللىرى ئەمىن تاپقاندەك يېنىك تىن ئېلىشتى.

— ماڭساق بولاما، تاغا؟ — دېدى شوپۇر ئەلەسرەك بىر كۆزى بىلەن ئاسمانغا قاراپ .

— ماڭىلى -ماڭىلى.

شوپۇر ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئارقىسىغا قايرىلدى:

— ئىشىكنى ياپسىلا بولاپتىكە.

سۆزلەۋاتقان شوپۇرنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ خىرامان ئولتۇرغان بوۋاينى مومىي جەينەكلىدى:

— ئۇستام گەپ قىلىۋاتىدا سىللىگە.

— ساڭا دەۋاتامدىكى ؟

— ياق، سىللىگە.

شوپۇر كۆزلىرىنى نەلەرگىدۇر تىككىنىچە قايتا ئېغىز ئاچتى:

— ئىشىكنى يېپىۋالسىلا، تاغا.

— هە راس، مېنى دەپتا، — بوۋاي سىيرىلما ئىشىكنى ياپتى. مىنبۇس توپا توزۇتقىنىچە قوزغالدى. ئىككى قېرى كاتاڭ يولدا چايقىلىشىپ كەلىمە كەلتۈرۈشتى:

— بىسمىللا، ئاق يول بەگەيسە ئىلاھىم...

## 2

ناھىيىنىڭ ئاۋات كوچىسىغا جايلاشقان «تولۇن ئاي» رېستورانىنىڭ ئالدى كىرىپ- چىقىۋاتقان ئادەملەر بىلەن بېسىق ئىدى. جۈپ- جۈپتىن يېتىلىشىپ كىرىپ- چىقىۋاتقان قىز-

يىگىتلەرنىڭ چاقچاق- كۇلكىلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. رېستوران ئىچىدە رەت- رەت تىزىلغان يۇمىلاق شىرەلەرنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار ئىككى- ئۈچتىن باش قوشۇشۇپ پاراڭلىشاتتى. بىرلىرى ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ تۇرغان قاپقارا ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ سۆزلىسە، بىرلىرى بويۇنلىرىنى چىشى غازنىڭ بوينىدەك سوزۇپ ئېگىشكىنىچە ئېغىزلىرىنى قۇشقاچ كامارلىرىدەك يوغان ئېچىشىپ، باشلىرىنى توختىماي گىلدىڭشىتىپ تىڭشايتتى. ئاللىكىملەر يېنىدىكى قىز- چوكانلارنى موتاپ- چىمدىسا، ئۇلاردىن بىرلىرى نازلىنىپ ئىڭرايتتى، چىرقىراپ كۈلەتتى. بويلىرى، كىيىم- كېچەكلىرى بىر خىل كۈتكۈچىلەر بىر- ئىككىدىن كىرىشىۋاتقان مېھمانلارنى بوش ئورۇنلارغا تەكلىپ قىلىشاتتى. بىر كۈتكۈچى قىز بىلىكىگە قويۇلغان تۇنىكە مۇقاۋىلىق دەپتىرىگە مېھمانلارنى تىزىملاپ يۈرەتتى. زال ئىچى غۇژ- غۇژ ھەرە ئۇۋىسىدەك قاينايتتى.

شوپۇر ئەينەكلىك ئىشىكتىن كىرىشنى بىلمەي قىستىلىشىپ تۇرغان بوۋاي- موماينى قولىدىن تارتقىنىچە ئاغرىندى:

— يائاللا، مانداغ تاتىسلا تاغا، تۇرىدىيا قايلاپ!

كۆزلىرى ياشاڭغىراپ، بەللىرى دوڭغايغان، باشلىرى تىنىمسىز گىلدىڭشىپ تۇرغانغا كۆنگەن بىر جۈپ قېرى لىق تولغان مېھمان، چىراغلىرى كۆز قاماشتۇرغان تورۇس، نەقىشلىق تەكچىلەر بىلەن بېزەلگەن تاملارغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراشتى. ئەمدىلا زالغا قەدەم باسقان بوۋاينىڭ ناھاللىق ئۆتۈكى غىر قىلىپ تېيىلىپ كەتتى. شوپۇر چاققانلىق قىلىپ يۆلىۋالمىغان بولسا ئوڭدىسىغا چۈشەتتى. بوۋاينىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان شوپۇر بوۋايغا قاراپ بوش غۇدۇرىدى:

— مەككەم دەسسىسلە، تاغا.

بوۋاي مەيدىسى غىژىلداپ تىنغانچە شوپۇرغا چىڭ ئېسىلىپ، توختىماي گىلدىڭشىۋاتقان بېشىدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالغان قارا كۆرپە تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيگەنچە سۆزلىدى:

— يائاللا، مابالنى، تاپقان پۇلىغا يەگە ئەينەك ياتقۇزغانمۇ نېمە؟

— بۇ ئەينەك ئەمەس، چىنە خىش، تاغا. ئاۋايلىسىلا، ئۆزلىرىنى يامەتجاننىڭ قولىغا ساق تاپشۇرۇپ بېرەي.

بوۋاي شوپۇرغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلدى. يادەك ئېگىلىپ دوڭغايغان موماي بىر قولىنى بېلىگە ئارتىۋالغىنىچە ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەيتتى:

— شەنىڭ ئۆيلىرى تا بولدۇ دەيدىغان. ئوغلىمىزنىڭ ئۆيى خانىقادەك چوڭكەن- ھە، دادىسى؟

— شۇنى دەيمە، ئازنا مەچىتنىڭ جامائىتى سىغقۇدەك.

— ئوغلىمىز چىقمايدىغۇ، دادىسى؟

— مېمانلا بىلەن ئالدىراشتۇ تايىنلىق.

— ئىگەكىم...

زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە شوپۇر ئالدىغا ھىجىيىپ كەلگەن بىر تونۇشى بىلەن كۆرۈشكىلى قولىنى تارتىۋىدى، ئاران تۇرغان بوۋاي غىرتتىدە تېيىلىپ كەتتى، ھودۇقۇشتىن، پەرىزاتتەك ياسانغان بىر قىزغا ئېسىلىۋالدى. ھېلىقى قىزمۇ پاشنىسى ئۈچلۈق توپلەي بىلەن تۇرالماي ئىككىيلەن تەڭلا پۇتلىشىپ يىقىلدى. ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى. كۆرمىگەنلەر نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي، بويۇنلىرىنى غازنىڭ بوينىدەك سوزۇشۇپ ھەدەپ قاراشقىلى تۇردى.

— ئوھۇش، نەدىن ئېزىپ كېپقالغان ئىدەم ماۋۇ؟!...

يىقىلىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئوسال بولغان قىز نومۇس ۋە ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. بويىنى شاش ئاتتەك تولغاپ، شىرەلەرگە پىيالە- ئىستاكان، قەغەز- چوكا تىزىش بىلەن ئالدىراش كۈتكۈچى قىزغا ۋارقىرىدى:

— كۈتكۈچى، بۇ نېمە قالايمىقانچىلىق؟

كۈتكۈچى قىز ئالدىراپ- تېنەپ كەلدى- دە، ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان بوۋايغا ئالايدى:

— بىزگىمنى ئىزدىشەملا؟

بۇ گەپ بوۋايغا سەل ھاركەلدى. ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئادەمنى مۇنداق سوراق قىلغان قانداق شەھەر جىنى ماۋۇ؟ ئۆزى چىرايلىق قىز بالا بولغان بىلەن قىلىق- يوسۇنلىرى نېمىدېگەن سەت؟ دېگەنلەرنى ئويلىغىنىچە ، تىنىمسىز گىلدىڭشىۋاتقان بېشىنى قىزغا بۇراپ:

— ھەئە، ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە كەگەن! - دېدى تۇمىقىنى ئوڭشىغىنىچە.

شۇ ئەسنادا ئوتقاشتەك قىپقىزىل يوللۇق گالستۇكنى لەپىلدىتىپ كەلگەن سۆلەتلىك يىگىت يىقىلغان قىزنى قولتۇقلاپ، ئۈستىۋېشىنى تۈزەشتۈردى:

— پەرىدە، نېمبولدىڭىز؟

— قايلىڭا ما خەققە! — دەپ ھاللاندى قىز.

يىگىت ئۆرۈلۈپ قاراپ بوۋاينى كۆردى:

— ھوي دادا، بۇ سەنمىدىڭ؟

بوۋاي ئوغلىنى تونۇپ خۇشاللىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ قۇچىقىنى كەردى:

— يامەتجانمۇ سەن، بالام!

بوۋاينىڭ ئوغلىنى قۇچاقلاش ئۈچۈن كەرگەن غولاچلىرى سارنىڭ قانتىدەك لەيلەپ قالدى. يىگىت ئەتراپىدىكىلەرگە بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ:

— ئەۋالىڭلا ياخشىمۇ دادا، ئانا، — دېدى بوش ئاۋاز بىلەن.

ئوغلىنى كۆرگەن موماي يەرنى سۆيگىدەك ئېگىشكەن گەۋدىسىنى رۇسلاشقا تىرىشىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— سادىغاڭكېتەي ئالتۇنۇم بالام! داداڭ ئىككىمىزنىڭ كۆزىدىن ئۇچۇپلا كېتتىڭغۇ. ئۆيىنى، بىزنى ئۇنتۇپ قامىغانسە؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئانا، ئىشلا ئالدىراش شۇ.

موماي دولىسىدىن ئالدىغا ساڭگىلىغان چېچىنى ئاچقۇچلار بىلەن قوشۇپ ئارقىسىغا تاشلىۋالدى. مومايىنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى توختىماي چىمىلدايتتى. ھاسرايتتى. ئوغلىنى كۆپرەك كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن توختىماي قارايتتى.

يامەتجان ئەتراپىغا يەنە بىر قارىۋېلىپ ئىككى قەدەم ئارقىغا داجىدى-دە، مېھمان تىزىملاپ يۈرگەن كۆتكۈچى قىزنى چاقىردى:

— كۆتكۈچى، ماۋۇ ئىككى مېھماننى جوزىغا باشلاڭ.

كۆتكۈچى قىز كېلىپ بوۋاي بىلەن مومايىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇلۇڭدىكى بوش ئورۇنغا ئەكەتتى. يامەتجان پەردىدەنىڭ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرگىنىچە خۇشامەتلىك تەبەسسۇم قىلدى:

— بىر يېرىڭىز ئاغرىدىمۇ، پەردە؟

— ئاغرىيمۇ كەتمىدى. ئىدىم كۆپ يەدە ھەجەپ ئوسال قىلدى ئىدەمنى!

— خاپۇماڭ پەردە، ئايرىمخاندا بىژدەم ئارام ئېۋېلىڭ، جۇرۇڭ.

## 3

بوۋاي بىلەن موماي كەمچەتەرەڭ سىرلانغان ئېگىز ئورۇندۇقتا پەقەت ئولتۇرالمىدى. مومايىنىڭ زىرائەت ئۇتىغاندىمۇ يۈكۈنۈپ ئادەتلەنگەن تىزلىرى، دائىملا دوڭغىيىپ تۇرىدىغان بېلى تېلىپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. يۇملاق شىرەگە تىزىلغان نازۇ-نېمەتلەرگە قاراپ ھەيرانۇ-ھەس بولۇشقان بايقۇشلار لەڭپۇڭ توغرامچىلىرىنى چوكا بىلەن قىسالماي قولىنى ئۇزىتتۇدى، ئاربلاپ چاي قۇيۇپ يۈرگەن سېكىلەك قىز پىخلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئۆيدە لەڭمەن يېسمۇ قوشۇق سېپىدا يېيىشكە ئادەتلەنگەن ئىككى قېرى غەققەدە بولۇپ، جىم بوپقىلىشتى.

«قانداق بولغىنى؟ — دەپ ئويلايتتى بوۋاي ئەلەملىك خۇرسىنىپ، — بالىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئاتا-ئانىنى تەپ تارتماي «كمنى ئىزدەيلا» دېگىنى قايسى يوسۇن؟ ئاۋۇ بالىنى دەيمەن، سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ شەھەرگە بىر كەتكەنىچە ئۆيلىنىۋېلىپ، شۇنچىۋالا كەتكرى ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرۇپ، يەنە تېخى مۇشۇ كەمگىچە كۆرۈشمىگەن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقىپ قويايمۇ دېمەي، كۆرۈشكەندە ئادەمدىن نومۇس قىلغاندەك بىر قىلىق قىلىدۇ دېسە! پۇلى جىق ئادەمنىڭ كۆڭلى قارا بوپكېتىدۇ، دەيدۇ. ئوغلىمىزمۇ... ياق، ياق، ئوغلىمىز ئۇنداق ئەمەس...»

بوۋاي بېشىنى گىلدىڭشىتىپ قارىغىنىچە شىرەلەرنى ئارىلاپ يۈرگەن ئوغلىغا زوقلىنىپ زەن سالدى. تىجارەت قىلىمەن دەپ شەھەرگە كەتكىلى نەچچە يىل بولدى. سەمرىپ، ئاقىرىپ، چىرايلىق بوپكېتىپتۇ. بۇرۇتلىرىنىڭ ياراشقىنىنى. بوينىغا تاقىغان گالستۇكچۇ تېخى. قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرگەندە «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»دە چىقىدىغان سالاپەتلىك باشلىقلارغا ئوخشاپ قاپتۇ. قامەتلىكلىكى چوڭ بوۋىسىنى تارتقان. بوۋام رەھمەتلىك باقھاجىم تېكىمچىمۇ مۇشۇنداق كېلىشكەن ئادەم ئىدى. يوللۇق پەرىجىسى، گىلرەڭ ئۆتۈكىنى كىيىپ، سەللىسىنى ئوراپ، قولا تۈلپارىغا مىنىپ يولدىن ئۆتىدىغان بولسا ھەممە ئادەم قارىشاتتى.

مومايىنىڭ تەخسىدىكى مونەكچىلەردىن يېگۈسى كېلىپ تارتىنغىنىچە بىر تال ئالدى-دە، چىشلىرى قالمىغان ئاغزىغا سېلىپ چىشلىدى. چىشلىدىيۇ، تاڭلايلىرى چىدىغۇسىز ئاغرىپ، زىڭىلداپ كەتتى. ئاغزى تۇزلۇق بولۇپ، ئاغرىقى مېڭىسىگە چىقتى. تاشتەك قاتتىق دادۇرنى چىشسىز ئېغىزىدا ئۇيان-بۇيان يۇمىلىتىشقا باشلىدى. تېخىچە ئاغرىۋاتقان زاڭقىنى ئالىقىنى بىلەن بېسىۋالدى.

ئەمدىلا كېلىپ توختىغان يامەتجان بىر بوش ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇرۇپ ئاتا-ئانىسىنى تاماققا تەكلىپ قىلدى:

— دادا، ئانا، ئاغاچ ئولتۇرۇڭلا.

— ئېۋاتىمىز، بالام، — بوۋاي ئوغلىغا زوقلىنىپ قارىغىنىچە بېشىنى گىلدىڭشىتىپ سورىدى، — قايداغراق تۇرۇۋاتىسە بالام، ئىش-ئوقىتىڭچۇ؟

— ياخشى، دادا، بولىدا.

— بىز كەتكەنچە يۇتقا دەسسىمىدىڭغۇ بالام، بەكلا سېغىندۇق سېنى...

موماي ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى. يامەتجان ئەتراپىغا قارىۋېلىپ ئۆزىنى ئاقلىدى:

— تىجارەت دېگەن شۇنداق نەسە، ئانا، بىز كۆن ئۆزۈپ قويۇشقا بولمايدا.

— ئەمسە رىشتىمىز ئۈزۈلۈپ قاسا بولامدا؟

— بۇ... ئانا...

يامەتجان خىجىل بولۇپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىدى. بوۋاي مومايىنى بىلىندۇرمەي جېنەكلىدى.

— بالام، كېلىنىمىز قېنى؟

— ئۇ بايام يىقىلىپ كەتكەندە پۇتى ئاغرىپ كېتىپتىكە، ئارام ئېلىۋاتىدا، — دېدى يامەتجان ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ.

— ھە؟! — بوۋاي ھەيران قالدى، — ئىشۇ قىز كېلىنىمىزمىدى، بالام؟

— ھەئە.

— ئەستاغپۇرۇلا شەيتان!... پالاكەتلىك قىپ كېلىنىمىزنى يىقىتىۋېتىپتىمە ئەمەسما. سەت بولاپتۇ-سەت بولاپتۇ. بىزنى باشلاپ چىققان بوساڭ بالام، ئەپۇ سورىۋالىلى. شۇنداما ئانىسى؟

— راس، كېلىنىمنى باشقىدىن كۆرەي.

يامەتجان تۇرۇپ قېلىپ، بىر ئازدىن كېيىن:

— مەيلى، جۇرۇڭلا ئەمسە، — دېدى ئاستاغىنە.

ئۇلار ھەم، پارقىراق ئىشىكلىك ، بېزەكلىك ئايرىمخانىغا كىرگەندە پەردە بىرقانچە دوستى بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئىشكتىن كىرگەنلەرنى كۆرۈپ كۈلكىسى ئۆچتى. بوۋاي بىلەن موماي يەرسۆيۈپ دېگۈدەك كېلىنگە سالام قىلىشتى:

— ئەسسالام قىزىم، تىجلىقما؟

— ۋاي خېنىم قىزىم، ئالتۇن قىزىم، ئوبدان تۇدىلما؟

پەرىدە ئۇلارغا چالا - بۇلا باش لىڭشىتىپ تۆرە سالىمى كەلتۈردى. خىجىل بولۇپ تۇرغان بوۋاي پەرىدەدىن يېنىش - يېنىشلاپ ئەپۇ سورىدى:

— بايام ئۆزلىرىنى رەنجىتىپ قويۇپتىمىز، قىزىم. كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا. ئىدەم قېرىغاندا پالاكەت بولىۋالىدىكەن شۇ...

— ۋاي خېنىم قىزىم، چىرايلىق قىزىم، مەن يامەتجان بالامنىڭ ئانىسى بولىمە. قايىلىسىلا دادىسى، كېلىنىمىز مەرى ئىسسىق، پاكىز، ئۆز قىز بالىكە ئەمەسىما. كەسلە قىزىم، پېشانىلىرىگە سۆيەپ قويىاي ئىگەكىم...

موماي ئۇرۇق قوللىرى بىلەن پەرىدەنىڭ ئىككى چېكىسىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتىپ، پېشانىسىگە چوپپىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى. هاسىدەك تۇرغان پەرىدەنىڭ بويىنى ئالدىغا سەل - پەل ئېگىلگەندەك بولدى. چىرايىنى بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك پۈرۈشتۈرۈپ قويدى. موماي تېخىچىلا ئەزۋەيلەپ سۆزلەۋاتاتتى:

— يامەتجان بالام، بۇدا چوكىنىڭنى ئېلىپ يۇتقا بېرىپ كەل. يۇتتا بىز توي بېرىلى. چوقۇم باسلا قىزىم، ئۆز قولام بىلەن كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ بېرىمە. قېرىغان بىلەن تاماقىقا ئۇستىمەن قايىلسىلا.

— پات يېقىندا بارالمايمىز، ئانا. هازىر شىركەت قۇرۇشنىڭ تەييالىقنى قىۋاتىمە. ئىشلا بەك ئالدىراش.

— هېلىمۇ بامغىلى نەچچە يىل بولاپكەتتى، بالام. يۇت - مەلىنىڭ ئالدىدىن بىز ئۆتۈۋېتىپ ئاندىن كېپ قۇراسە ئۇ شىركىتىڭنى. ھە راس دادىسى، هېلىقىنى ئوغلىمىزغا بەسلە ...

— ماقا، ئېسىم قۇرۇسۇن... — بوۋاي قويىنىنى ئۇزاق ئاختۇرۇپ، قوش مۆشت چوڭلۇقىدا تۈگۈلگەن تۈگۈنچەكنى ئالدى. ئاندىن توختىماي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تۈگۈنچەكنى يەشتى:

— بالام، سەن ئۆي تۇتقاندا بېرەمىز، دەپ بىز ئەنەكنى ئاتاپ بېقىپ زۇگەن. شەدە بولمىغۇدەك. شۇڭا قويلىنى قوشاپ سېتىپ ئۆيەڭنى مارەكلەپ ئېككەلدۇق، ئاز بوسمۇ ئالتە مىڭ كوي، ئاناڭ ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى. ئىشلىتەسە.

يامەتجان سەل - پەل هاياجانلانغاندەك بولۇپ رەڭگىگە قىزىللىق يۈگۈردى:

— بۇنداق قىممىساڭلىمۇ بولىتى، دادا. ئاۋارە بولاپسىلە. پەرىدە، ماۋۇنى ئېلىڭ.

باياتىن بېرى ناخۇش بوپقالغان پەرىدەنىڭ چىرايى سەل - پەل ئېچىلىپ، ئېغىزىنىڭ بۇرجىكىدە تەبەسسۇم قىلدى:

— ۋېيىي، كايىپسىلەغۇ، رەھمەت جۇمۇ سىلەگە.

— ياق، قىزىم، بۇ ئۆز رىسقىڭلا.

ئوغۇل ئايرىمخانا ئىچىدىكى تەكتۈشىلەردىن، قىزلاردىن ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئېغىز ئاچتى:

— دادا، تاماقىقا چىقايلىما؟

— ماقا، بالام. توختا، قولاڭغا ئېسىلىۋالاي ... بۇ ئۆيىنىڭ ئاستىغا نېمداغ سىلىق نەسە ياتقۇزغانسىلە؟

قىزلار پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى. ئۇلار چىقىپ كېتىشكە كۈلۈش پاراقلاپ كۈلۈشكە ئۆزگەردى:

— هەي پەرىدە، قېيناتاڭ نېمانداق مەتۇ؟

— سەرالىق دېگەن ھەممىسى شۇنداغ.

— گەپلىرىنىڭ قوپاللىقچۇ تېخى، «ئېرىڭ - چوكىنىڭ» دەپ، نېمدېگەن مېدىنىيەتسىز؟!

— ئۆي مارىكىڭلىگە ئالتە مىڭ كوي ئېككەلگىنىگە قايىلغاندا قېيناتاڭ باي ئوخشىمامدا، پەرىدە؟

— ۋاي نەدىن بىلەي. ئۇۋۇ قېرىغان دادام - ئانام بار دەۋاتاتتى. مەنمۇ بۈگۈن كۆرۈشۇم.

— پۇلنى نېمداغ جىم ئالسەن ، پەرىدە؟ مېنىڭ بۇنداغ باي قېيناتام بولىدىغان بوسا «دادىكام، ئانىكام» دەپ ئېرىتىۋېتەتتىم!

— ها - ها - ها...

ئايرىمخانىنى قىز - چوكانلارنىڭ كۈلكىسى بىر ئالدى. پەرىدە پۇلنى بىرىيەرلىرىگە سالغاچ، ئاپئاق قولياغلىق بىلەن قېينانىسى بايام سۆيگەن يەرنى بېسىپ - بېسىپ سۈرتۈشكە باشلىدى.

## 4

رېستوراننىڭ چوڭ زالى مېھمانغا لىق تولغانىدى. قاتتىق ئورۇندۇقتا ھەدەپ قىمىشىپ ئولتۇرالمايۋاتقان بىر جۈپ قېرى مېھمانلارنى ئارىلاپ يۈرگەن ئوغلىغا يىراقتىن نەزەر سېلىپ قاراشقىنچە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈشەتتى. ئوغلىغا ئىچى كۆيگەن بوۋاي گىلدىشىۋاتقان بېشىنى جىم تۇتۇشقا تىرىشىپ خىيال سۈرەتتى. «ئوغلىمىز پۇلمۇ تېپىپتۇ، يۈزمۇ تېپىپتۇ. سالغان ئۆيلىرى ھەم كەڭرى ھەم ياسداق. مېھمانلىرىمۇ ھەم كۆپ ھەم سالاپەتلىك. مېھمانلىرىغا قارىشىپ بېرىۋاتقان قولۇم - قوشنىلىرىمۇ پاكىز، ئۆز باللار ئىكەن. ئوغلىمىز راستىنلا چوڭ بوۋىسىنى تارتىپتۇ. بوۋام رەھمەتلىك ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئابرۇي - ئىناۋەتلىك، كېلىشكەن كىشى ئىدى. باقىھاجىم تېكىمچى كېلىۋېتىپتۇ دېسە خەقلەر ئۆرە - تۆپە بولۇشاتتى. بوۋام رەھمەتلىكنىڭ قولى تەگكەن ھەرقانداق ئېغىر سۇنۇقمۇ ئەيىب - نۇقسانسىز ھەم پات ساقىياتتى. رەھمەتلىك كۆڭلىمۇ، قولىمۇ ئوچۇق مېھرىبان ئادەمتى . بىر زاغرا ئۈچۈنمۇ سۇنۇق تاڭاتتى. بىر چاڭگال يېمىش جىگدە كۆتۈرۈپ كەلگەنلەرنىمۇ نائۈمىد قويمايتتى. ھېچ نەرسىسى يوق مۇساپىر - غېرىبلارنىمۇ تېڭىپ قويۇۋېرەتتى. شۇڭا خەقلەر بۇ قولى يۇمشاق زاتنى كاتتا ھۆرمەت بىلەن ئۇلۇغلايتتى. ‹باقىھاجىمنىڭ خانقاسى› دېگەن خانقادا يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن سۇنۇق مۇساپىرلار توشۇپ كېتەتتى. رەھمەتلىك ئالالنىڭ ئىلتىپاتى يول بەرگەن شىپالىق قولىنىڭ بەرىكاتىدىن بېيىپ، ئەل - يۇرتقا خانىقا - مەدرىسەلەرنى سالغۇزغان كىشى ئىدى. ئاتام رەھمەتلىكنىمۇ بالا ۋاقتىدا مەككىگە ئاپىرىپ ھەج قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئىلاھىم، ئاللا ئىگەم

ئوغلىمىزغىمۇ چوڭ بوۋىسىغا بەرگەن كەرىمىي ھۆرمەتنى ئاتا قىلغاي...»

قاياقتىندۇر تۇۋلانغان ئالىتاغىل ناخشا ئاۋازى بوۋاينىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. بىر مەست يىگىتلەرنىڭ چاۋاك چېلىپ جۆر بولۇشى بىلەن كېكىردىكى يىرتىلغاندەك ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

سەنمۇ بادامدەك ئايەمگە،
مەنمۇ بادام ئايەمگە.
ئاشنام بىلەن ئوينىسام،
ئىز قىلامسەن يايەڭگە...

ناخشىغا ئۇلىشىپلا ئۈچكە مەرگەندەك ۋارقىراشلار، ئىسقىرتىش، قىقاس-سۈرەنلەر قوشۇلۇپ زالنىڭ ئۆگزىسى ئېچىلىپ كەتكۈدەك لەرزىگە كېلەتتى. ئۇ ياقتا نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمىگەن بوۋاي بىلەن موماي بويۇنلىرىنى سوزۇپ قىزىقسىنىپ قارايتتى. بوشلۇقتا نەپەس قىسقان تاماكا ئىسلىرى لەيلەيتتى. ئاياللارنىڭ ئەتىرلىرى، تاماكا ھىدى، ھاراقنىڭ پۇرىقى قوشۇلۇپ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ مەيدىسىنى غىژىلدىتىپ قىينايتتى. باشنى ئاغرىتىدىغان ئالىتاغىل شالغۇت ناخشا زالنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكۈدەك ۋاراڭشىماقتا ئىدى...

سەنمۇ بادامدەك ئەترەتكە،
مەنمۇ بادام ئەترەتكە.
تۇتقان يارىڭنى كۆزدۈم،
بويانلىرى تەمرەتكە.

كۆن كەچكە قىستىغاندا مېھمانلار بىردىن-ئىككىدىن تارقاپ زال بوشىدى. ئوغلى بىلەن كېلىنى مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ خېلى ئۇزاق ھايال بولۇپ كىرگەندە بوۋاي بىلەن موماي بىر بۇلۇڭدا يالغۇز مۆگدىشىپ ئولتۇراتتى. زالنىڭ بۇلۇڭىدا بوۋاي-موماي ئەكەلگەن يوتقان-كۆرپىلەرگە قوشۇلۇپ سوۋغاتلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. كۈتكۈچى قىزلار شىرەلەردىكى ئاشقان تاماقلارنى بىر چېلەككە پولدۇڭشىتىپ تۆكۈپ يۈرەتتى. يامەتجان بىر چەتتە ئولتۇرۇپ قالايمىقان قاتلانغان كونۋېرت-لىپاپىلارنى رەتلەۋاتقان پەرىدەنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ماۋۇ نەسلىنى يۆتكەشكە ماشىنا ئۇقۇشۇپ چىرەيما؟ — دېدى.

— ھەئە، تېز بولاڭ، — دېدى پەرىدە ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن.

— ھە راس، دادامىلىنى ...

پەرىدە يامەتجان تەرەپكە سەل تولغىنىپ بۇرۇلۇپ بوش ئاۋازدا سورىدى:

— ئۇلا كېتەمدۇ، تۇرامدۇ؟

— قايداغ قىلىدىكى.

— سوراپ بېقىڭە بېرىپ.

— دادا، بىزنىڭ ئۆيدە بىرە كۈن تۇراسە؟

— رەخمەت، بالام، بىزنى يولغا سېپقويساڭلا بولامدىكى. مەھەللە-كويلىدا زۇرۇپ ئۆگىنەپ قاپتۇق. شەنىڭ ئۆيلىرى تولۇك ياتقۇزغان ئۇسلىقتەك غىلتا-غىلتاڭ بولىدىكە، قېرىغاندا...

— مۇشۇنداقلا كېتەمسىلە؟ ئۆيلىنى كۆرەپ...

— ھەي يامەتجان، تېلېفون!

يامەتجان كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئەنسىز چاقىرغان پەرىدەنىڭ يېنىغا كەتتى. پەرىدە يەر تېگىدىن ھومىيىپ قويۇپ قولىدىكى يانفوننى تەڭلىدى.

— ھە، ئابدۇسالامما؟ ھە ئاداش، تەييا بولاپقالغانتۇق. پەرىدەمۇ ئەمدى ساڭا تېلېفون قىلىلى دەۋاتقان... ماقا، كېلىپ شاقىدە يۆتكىشىپ بېرە ئەمسە. پەرىدە بىلەن يولاڭلىغا قايلايمىز جىما.

يامەتجان يانفوننى ئېتىپ پەرىدەگە ئۇزاتتى. پەرىدە قوپال لېكىن بوش ئاۋازدا سورىدى:

— ئاتا-ئانىڭىز كېتەمدىكە، تۇرامدىكە؟

— ئۇلغۇ كەتسەك بولامدىكى دەيدا...

— ئەمسە يولغا سېپقوياڭ. كەچ بولاپكەتسە بېكەتتە ماشىنا قالمايدا.

— بىراق، ئاران بىز كەگەندە ئۆيىمىزنى كۆرەپ كەتسە بولىتى، — يامەتجان پەرىدەنىڭ چىرايىغا قاراپ سەل دۇدۇقلىدى، — مۇشۇنداقلا يولغا سېپقويساق بومماسمىكى.

— ۋىييەي، كۆمگەنگە نېمە بولىتى! ئالتىنچى قەۋەتكە پەشتاقتىن چىقىپ-چۈشەممەي ئىنجىقلايدا ھېلى!

— لىفت باغۇ؟

— كۆرمە ھېلى! لىفتىڭىزدىن كۆڭلى ئېلىشىپ قەي قىلىشا ھەقچان.

— بىراق، ئۆيىمىزنى بىلمىسە...

— پۇرسەت تېخى كۆپقۇ؟ ئەتە-ئۆگۈن بالىمىز تۇغۇلسا ئېكككېلىۋالامىز.

— شۇنداغ قىلامدۇق.

— ھەئە.

— مەيلى ئېمىسە، مەن ئۇلانى يولغا سېپقوياپ چىرەي.

— تېزرەك بولاسىز، ئەزمىڭىزنى ئېزىپ يۈمەي.

يامەتجان دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دۇدۇقلاپ سورىدى:

— شۇنداغ قىلىپ... تۇمامسىلە، دادا؟

— كېتىلى بالام. شەنىڭ ھاۋاسى مەيدەمگە ياقمايدىكە. مال-ۋارانلا ئاچ قالىدا.

— ئەمسە سىلەنى يولغا سېپقوياي، دادا.

— شۇنداق قىل، بالام. توختا، قولاڭنى تۇتۇۋالاي، ئۆتۈكەمنىڭ ناھىلى...

بوۋاي ئوغلىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى. ئۇچەيلەن قاتار بولۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. پەرىدەنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندە توختاپ، موماي دوڭغايغان بېلىنى رۇسلىغىنىچە كېلىنىگە تەبەسسۇم قىلدى:

— خوش، ئالتۇن قىزىم، ئامان بوسىلا. ئەتە-ئۆگۈن ۋاقىت چىقىرىپ يۇتقا بېرىڭلا. يۇت-مەلىمۇ گېپىڭلىنى بەك

قىلىدا ئىگەكىم.

— بارىمىز. مېڭىشامىلا؟ ماقۇل ئەمىسە، — دېدى پەرىدە بېشىنى سۈس لىڭشىتىپ.

— خوش، قىزىم، خۇدايىمغا ئامانەت!

## 5

مىنبۇسنى توشقۇزالماي ئالدى-كەينىگە ئايلاندۇرۇپ يۈرگەن شوپۇر يوغان بىرنى ئەسنەپ ئېغىز ئاچتى:

— قارىمكا، ماشىنا توشمىدى، بۈگۈن مۇشۇ شەدە قونىمە.

— ھە؟ ئۇنداقتا...

— سىلە چۈشۈپ كېتىڭلا، مەن ئاغىنىلىنىڭ ئۆيىگە چىرىپ كېتىمە.

— بايا چىقىپ بولاپتىمىز، ئۇكام. ئۇنداق قىممىسىلا.

— بىراق ماشىنا توشمىسا ماڭالمايمىز-دە.

— قايلىسىلا ئۇكام، يۈك يېنىك بوسا قىژنالماي ماڭالا؟

— يۈك يېنىك بوسا چۆنتەكمۇ يېنىك بولىدا، موللىكا.

— ئەمىسە قايداغ قىلامىز؟

— يا بومىسا، — شوپۇر گەدىنىنى كارت-كارت قاشلىدى، — قاغان بەش ئورۇننىڭ پۇلىنى قوشۇپ تۆلىۋەتسىلە ئاپىرىۋېتەي.

— بۇ...

— مەيلى دېسىلە دادىسى، ئۆيگە يېتىۋاللى ئىگەكىم.

— بولاپتا، ھەيدىسىلە.

ماشىنا قوزغالدى.

شەھەردىن يىراقلاشقانسېرى بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، مەيدىسىدىكى غىژ-غىژلارمۇ يوقالغاندەك بولدى. كۆڭلى ئاينىغاندەك بولۇپ جىمپىلا كەتكەن مومايىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، گەپكە كىرىشىپ قالدى:

— ئوغلىمىز ئۆيىنى ھەجەپ ياساپتۇ- ھە، دادىسى؟

— شۇ. تاپقان پۇلى بېقىنىغا گۈس-گۈس ئۆسكەن گەپ ئۇ گۈينىڭ! ھى-ھى-ھى.

— كېلىنىمىزنى دېمەملا، دادىسى، ئاي پەرىنىڭ ئۆزى خۇددى. ئوغلىمىزنىڭ چوكاندىن تەلىيى باركەن، كىچىكىدە كۆزىنى قىيا ئوچۇق قويۇپ ئۇخلايتتى زادى.

— كۆزى ئوچۇق ئۇخلىسا نېمە بولىدا؟

— پەرىشتىلىنىڭ نەزىرى چۈشىدا. خوتۇنى چىرايلىق بولىدا.

— ئۇنداقتا مەنمۇ كۆزەم ئوچۇق ئۇخلايدىكەنمەنتۇق. نېمىشقا؟ ...

— ھە؟ نېمە بولاپتا؟! مەنمۇ ياش چېغىمدا كېلىنىمىزدەك ئۆز ئىدىم. ئەمدى دوڭغاق بولاپقالدىم شۇ ئىگەكىم.

— ھى - ھى- ھى!...

بوۋاي كارنىيى ئىسقىرتقاندەك خىرىلداپ كۈلدى. مومايمۇ ياغلىقىنى ئالدىغا تارتىپ قويۇپ سۆزىنى ئۇلىدى:

— شەنىڭ قىزلىرى ھەجەپ چىرايلىق بولىدىكە. كېلىنىمىزنىڭ قاملاشقان بويىنى دەيمە. لەپ- لەپ- لەپ ماڭسا ياش ۋاقتىم يادىمغا كېپقالدى ئىگەكىم.

— شۇڭا مۆرىمەي شۈك بولاپقاپسەندە؟

— ياق، كۆڭلۈم ئاينىپ بىژ قىسما بولاپقالدىم. بومىسا كېلىنىم بىلەن بىژ كېچە بىللە يېتىپ قانغۇچە مۇڭدىشاتتىم. قىز بەمگەن خۇدايىم قىزىمدەك مەرى ئىسسىق كېلىنىنى بېرىپتا. چېچىنى ياش ۋاقتىمدىكىدەك قىرىق تال ئۆرۈپ قويسام ھادۇقۇم چىقاتتى ئىگەكىم.

— ئوغلىمىز بۇدا كېلىنىمىزنى ئېپ ئۆيگە باسا شۇنداق قىپقوي.

— ئەلۋەتتە . ئۇنىڭ چېچىنى مەن ئۆرسەم تېخىمۇ چىرايلىق بوپكېتىدا. ئۇ تۇغسا نەۋرەمنى ئۆزەم باقىمە ئىگەكىم.

— ساقىلىمنى تاتىپ بوزەك ئېتىدىغان گۈيدىن بىژنى تۇغىدا تازا. ھى— ھى— ھى!

— گۈي ئەمەس، دادىسى، خېنىم تۇغىدا!

— خۇدايىم بۇيرىسا دە.

— خۇدايىم بۇيرىسا ئىگەكىم.

## 6

سېكىلەك ۋاقتىدىن تارتىپ جاپاكەش، ئىشقا پىششىق ئادەتلەنگەن موماي پەقەت جىم تۇرمايتتى. زىرائەتلەرنى ئوتايتتى، ھەتتا ئېرىق قىرلىرىدىن تارتىپ ئۇستىرا بىلەن قىرغاندەك پاك-پاكىز قىلىۋېتەتتى. مومايىنىڭ بىكار تۇرۇپ قالسا ئىچى پۇشاتتى. دائىم بىكار قالسىلا خەقلەر قالاش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىلىرىغا دۆۋىلەپ قويغان كېۋەز شادىلىرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنگەنچە قاچانلاردۇر ئۇنتۇلۇپ قالغان، چالا ھېڭگىيىپ ئېچىلىپ قالغان غوزەكلەردىكى پاختىلارنى مىتىلداپ ئولتۇرۇپ تېرەتتى. مەھەللىدىكى چوكانلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي ياكى خۇشياقماي قېپقالغان غوزەكلەردىكى پاختىلار مومايىنىڭ قولىغا ئۇڭايلا چىقاتتى. ھەمساتتا ئېتەك توشقان غوزا پاختىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇزاق يۈكۈنۈپ ئۇيۇشقان پۇتلىرىنى سۆرەپ دوڭغايغىنىچە ئۆيگە كىرەتتى. كېچىلىرى جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ غوزا پاختىلىرىنى تىتىپ چىگىتتىن ئايرىيتتى. ئاندىن پاختىنى پىلىكلەپ يىك چوكسىغا ئوراپ، بىر ئۈچىنى پىرقىرىغۇچقا چېگىپ، چاققان-چاققان پىرقىرىتىپ يىپ ئىگىرەتتى. يىپلارنى توپتەك يۇمىلاق ئورايتتى. ئەتە-كەچلىرى قويىنىغا مونەك يىپلارنى سېلىۋېلىپ دوڭغايغىنىچە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قايسىدۇر بىر ھەققەمسايىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېلەتتى-دە، يۇمشاق پاراڭ بىلەن يىرتىق-تۆشۈك كىگىز-پالاس، شىرداقلارنى ياماشقا باشلايتتى. مەھەللە -كويلۇقلار ئۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى. موماي يەرنى سۆيگەندەك دوڭغىيىپ، بىر قولىنى بېلىگە قويۇپ ئۇزاقتىن ئۇزاق گىدىڭشىپ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ كىرىپ ئولتۇرسا، يىرتىق-تۆشۈكلەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئاچىقىپ قويۇلاتتى. دائىملا قارىسا قويىندا قايچا، جۇۋالدۇرۇز، يىپ-يىڭنىلىرى تەييار تۇرىدىغان موماي قاچانلاردۇر بولۇپ ئۆتكەن ياكى ئاڭلىغان ، تولا ئېيتىلىپ تەكرارلىنىپ خەققىمۇ يادا بوپكەتكەن «ئىمىش»لەرنى يېڭىۋاشتىن باشلىغىنىچە ئىشقا

چۈشۈپ كېتەتتى. ئۆي ئىگىلىرى مومايىنىڭ كۆڭلى ئۆچۈن نەچچە ئاڭلاپ كونا بوپكەتكەن پاراڭلارغا «ھە ـ ھە» دەپ قۇلاق سېلىپ بەرگەن بولاتتى. مومايمۇ باشقىلارنىڭ ئۆز پارىڭىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغىنىغا سۆيۈنۈپ قانچە ـ قانچە سائەتلەپ دوڭغىيىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قومەدەك پارىڭىنى داۋاملاشتۇرغانچە بىرمۇنچە يىرتىق ـ تۆشۈكنى ياماپ پۈتكۈزۈۋېتەتتى. يىڭنە ـ قايچا تۇتۇشقا قېرىق چوكانلار، ھەتتا ئېشىكنىڭ ئۈچۈلۈقلىرى يىرتىلىپ كەتكەنلەرمۇ ئىشلىرى يىغىلىپ قالسىلا مومايىنىڭ يېنىغا چىقاتتى ـ دە:

ــ خانئايلا، بىزنىڭ ئۆيلىگە چىرىپ بىۋدەم ئولتۇراپ چىقالا، ــ دەپ قوياتتى. موماي شۇ ھامان لازىمەتلىك نەرسىلىرىنى تەقلەپ، شۇيەردە ھازىر بولاتتى.

يېقىندىن بۇيان موماي خەقلەرنىڭ ئۆيىدە بىر ئىش قىلسا كۆپ سۆزلىمەيدىغان بوپقالدى. شۇك ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان، پات ـ پات كالتە يۆتىلىدىغان، ئېغىر ئۇھ تارتىدىغان، مەيدىسى چىڭقىلىپ ھۇمۇدەيدىغان، بىر ئولتۇرغىنىچە بۇرۇنقىدەك ئۇزاقراق ئىشلىيەلمەيدىغان بوپقالدى.

موماي ئۆز ئەھۋالىنى ياخشى ئەمەس دەپ بىلەتتى. ياش بىريەرگە بارغاندىن كېيىن ئاغرىق ـ سىلاق قەدەمنى قىسقارتىپ، ئىش ـ ئوقەت، بەرىكەتنى كېمەيتىپ، رىزقنى ئازلىتىپ، ئاندىن ئىگىسى ئالىدىغان ئامانەتنى ئالىدۇ دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇيەر ـ بۇيېرى ئاغرىسا «ئامانەتنىڭ ئالاماتى»دەيتتى. «ئۇھ!»دېسە كۈچ ـ ماغدۇرى ئېغىزىدىكى ھور بىلەن چىقىپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ئويلىسا، كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۆتكەندە ئۆي مارەكتە بىر قېتىملا كۆرگەن كېلىنىنى يەنە بىر كۆرگۈسى، كىچىچە مۆڭدىشىپ چىققۇسى كېلەتتى. تېزرەك نەۋرە يۈزى كۆرۈشنى تىلەيتتى. ئاشۇ ئۆي مارەكتىن بۇيان ئۆيگە تېخىچە كېلىپ باقمىغان ئوغلىدىن تۇرۇپ ئاغرىنغۇسى كېلەتتى. تۇرۇپ ئوغلىنى يەنە سېغىناتتى. شەھەرگە بارغان خەقلەردىن گەپ ئەۋەتىپ، بىر قېتىم كېلىپ كېتىشىنى نەچچە ئۆتۈندى. خەقلەردىن ئاڭلىشىغا قارىغاندا، ئوغلى قانداقتۇر بىر شىركەت دېگەننى قۇرۇپتىمىش. قوڭدا چەت ئەل دېگەن يەرنىڭ ئېسىل پىكاپى بارمىش، دائىم ئالدىراشمىش.

ئىچ مىجەز موماي دائىم چاندۇرماي يۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى. بارا ـ بارا خەقلەرنىڭ يىرتىق ـ تۆشۈكىگىمۇ چىقالمايدىغان بولدى. نەپەسى قىيىنلىشىپ، مەيدىسىدە خالاپ ـ خالاپ پەيدا بولدى. بىر يۆتەل تۇتسا بىر ئاش پىشىم قېقىلىدىغان بولدى. دېمى كېسىلىپ ھاسىرايتتى. كېكىردىكى خىرىلدايتتى. يۈكۈنگەن پېتى دۈم بولۇپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن يەر تىڭشايتتى. ھەتتا قازان بېشىغىمۇ ئۆتەلمەي ئىسسىقسىز قالدى. ھەرنېمە بولسا بوۋاينىڭ قولى ئەپلىك ئىدى. قوم چۆگۈندە چاي قايناتقاچ سېرىق قوناقنىڭ ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرۇپ كۆمەچ پىشۇرەتتى. سىڭىپ پىشقان كۆمەچلەرنى غىدىر تاۋاقتا چىلاپ، ئېزىپ ئىچۈرەتتى.

موماي تەرىتىگىمۇ تەستە چىقاتتى. قەدىناس بوۋاي ئۇنىڭ جىلتىكىسىنى يېپىنچاقلىتىپ، ئۆزىنىڭ لېۋىكى قىرىلىپ كەتكەن قارا كۆرپە تۇمىقىنى كىيدۈرۈپ، تېخىمۇ دوڭغىيىپ ھالىدىن كەتكەن مومايىنى لەڭپۇڭدەك تىترەپ مېڭىپ تەرىتىگە ئاچىقاتتى.

بىر كۈنى موماي قاتتىق يۆتىلىۋېتىپ، تەكيە بېشىغا قويۇپ قويۇلغان پۈچۈق ساپال تاۋاققا قان ئارىلاش بەلغەم تۈكۈردى. بۇنىڭدىن بەك ئەنسىرىگەن بوۋاي چاقلىرى قېيىپ، غىچىرلاشلىرى قۇلاق ـ مېڭىنى يەيدىغان ئەبجەق ئېشەك ھارۋىسىغا مومايىنى چىقىرىپ يېزىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. قۇلاق تىڭشىغۇچتىن ئالىيراق سايمىنى بولمىغان قورۇق يۈز، دىقماق بويلۇق دوختۇر مومايىنى بىر ھازا تەكشۈرۈپ، مومايىنىڭ چىرايىغا ئۇزاق قاراپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ئۆپكىدە دەت ئېغىر، چوڭراق ئۇستامغا ئاپاسىلا قارىكا، بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدا.

بوۋاي ئېغىر غەم ـ غۇسسە ئىلكىدە قايتىپ چىقتى. پات ـ پات قەدىنىسىنىڭ ئاقىرىپ ـ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن مىسلىداپ كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسىنى ياندىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغىنىچە مۆكچىيىپ كېلەتتى. موماي بولسا كاتاڭ يولدا جاقىلداپ كېتىۋاتقان ئەسكى ھارۋىدا خېمىردەك بوشىشىپ ياتاتتى.

بوۋاي ئېغىلغا كىردى. يېقىندىن بۇيان مېھرىبان ئىگىسىنىڭ قولىدىن تۈزۈك چۆپ يېمىگەن ئىككى ئۆچكە تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، قوتۇر بېسىپ مەرىشەتتى. ئوغلىنىڭ ئۆي مارىكى ئۈچۈن سېتىۋېتىلگەن ئىنەكنىڭ ئوقۇرىغا ئۆمۈچۈك تور باغلاپ كەتكەنىدى.

بوۋاي بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئوغلى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شەھەردە چوڭ تىجارەت قىلىمەن دەپ ساتار ـ ساتقۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەندىن بۇيان ئۆيدە قولغا چىققۇدەك نەرسىنىڭ تايىنى قالمىغاندەك قىلاتتى. بوۋاي قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدى. قازناق ئۆيدىكى بىر ـ ئىككى قاپ بۇغداي، ئاتىسىدىن مىراس قالغان كونا ئات جابدۇقلىرى، بىر كونا ساپاندىن بۆلەك كۆزگە ئۇرۇنغۇدەك نەرسە قالمىغانىدى. خېلىغىچە ئويلىنىپ بېشى قاتقان بوۋاي تېرىچىلىك قىلىدىغان ھەلىم بايۋەچچىدىن ئوغلىغا گەپ ئەۋەتتى: ئانىڭنىڭ مىجەزى يوقكەن، ئۆيگە كېپكەتسۇن، چوڭراق دوختۇرغا ئاپىرىدىغان ئوخشايمىز، پۇل ئالغاچ كەلسۇن دېدى دېسىلە دېدى. مومايىنىڭ قان تۈكۈرگىنىنى دېمىدى. كېسىلى ئېغىرمۇ ئەمەس، سېنى سېغىنىپ قاپتىكەن دېسىلە، بولمىسا ئەنسىرەپ قالىدۇ، دەپ قوشۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ھەممە ئۈمىدىنى ئوغلىغا باغلاپ ئولتۇرغاندا، شەھەردىن قايتقان ھەلىم بايۋەچچى بوۋاينىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكىنى، بىراق كېلىنىگە تاپىلاپ قويۇپ كەلگىنىنى ئېيتىپ كەلدى. ئوغلى قايسىدۇر بىر چوڭ شەھەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان كارخانىچىلار يىغىنى دەمدۇ، بىر ئىش بىلەن ئالدىراشمىش. يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن كېلەرمىش.

كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ، ئورۇقلاپ جەينەكتەك بوپقالغان

جۆرىسگە قاراپ ئىچى سىيرىلغان بوۋاي ئوغلىنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان كۈننى مۆلچەرلەپ، ئۆيىدىكى ئۆچكىلەرنى، چاشقانلار يىرىمدىتىپ قويغان ئىككى قاپ بۇغداي ۋە سويۇلماي قۇرۇغان بىر تال ئاچا تۇۋرۇكنى مەھەللىدىكى ئابدۇكېرەم توشقانغا ئەرزانلا ساتتى-دە، موماينى ئېلىپ ئوغلىنىڭ ئۆيىگە جۆنىدى. شەھەرگە بېرىۋالسىلا قالغىنىغا ئوغلىمىز ئامال قىلىدۇ دەپ ئويلايتتى بوۋاي.

## 7

بىكەتكە چۈشۈپلا بېشىنى چۆرگىلىتىپ قويۇۋەتكەندەك بوپقالغان بوۋاي موماينى يۆلىگىنىچە قاياققا مېڭىشنى بىلمەي تۇرغاندا يەر بىلەن تەڭ ماڭىدىغان بىر قىزىل پىكاپ ئۇلارنى يانداپ توختىدى.

— ھاجىم، نەگە بارىسىلا؟

— ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە، — دېدى بوۋاي كىراكەش يىگىت كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ.

— چىقىسىلا، مەن ئاپىرىپ قوياي.

بوۋاي ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ تۇرغان موماينى مىڭ تەسلىكتە پىكاپقا يۆلەپ چىقاردى. ئاندىن ئۆزىمۇ ئۆمىلەپ يۇرۇپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن شوپۇر ئالدىدىكى باھا تاختىسى كۆنۈپكىسىنى بېسىپ قويۇپ:

— ھاجىمكا، ئوغاللىرىنىڭ ئۆيى قاياقتا؟ — دەپ سورىدى.

بوۋاي ئېسىدە تۇتۇۋالغىنى بويىچە شوپۇرغا بارار يېرىنى سۆزلەپ بەردى. پىكاپ سىلىق قوزغالدى.

شوپۇر بوۋاينىڭ كۆرسەتكەن بەلگىلىرىگە قاراپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. بوۋاي بېشىغا چوڭ كېلىپ توختىمايۋاتقان قارا كۆرپە تۇمىقىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، خېلىدىن بېرى ئۇستىرا تەگمەي ئۆسۈپ قالغان ئاق چاچ بېشىنى قاشلىغىنىچە تونۇش ئورۇننى ئىزدەۋاتاتتى.

— ئەينا، كەلدۇق، ئۇستام.

شوپۇر يولنىڭ چېتىگە چىقىپ توختىدى. بوۋاي قويىنىدىن تۈگۈنچەكنى ئېلىۋېتىپ سورىدى:

— نەچچە پۇل بېرىمە، ئۇستام؟

— ئىللىك كوي، — دېدى شوپۇر بالا مىت قىلماي.

— قىزمەتكەنغۇ؟ — دېدى بوۋاي سەل تەمتىرەپ.

— ماۋۇ باھا تاختىسىغا چىققانىنى ئالىمىز، ھاجىمكا، — دېدى شوپۇر بوۋاينىڭ قولىدىكى تۈگۈنچەككە كۆز قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ.

ئۇ، بوۋاي سۇنغان ئەللىك يۈەننى موك ئالغاندىن كېيىن، بوۋاينىڭ «رەخمەت، ئۇستام» دېيىشلىرىگىمۇ جاۋاب قايتۇرماستىن قوڭغۇزدەك ئەگىپ كېتىپ قالدى.

«تولۇن ئاي»رېستورانىنىڭ ئىشىكىدە كىشىلەر ئاۋۋالقىدەكلا كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى، چاقچاق قىلىشاتتى، كۈلۈشەتتى، موتىشاتتى، دەلدەڭشىيتتى، قۇسۇشاتتى...

بوۋاي تونۇش ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ موماي غا قاردى:

— مانا كەلدۇق، ئانىسى، ئوغلىمىز يەنە مېھمان چاقىرغان چېغى.

موماي ئۈندىمەي قانسىز لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ قويدى. گەۋدىسى تېخىمۇ دوگىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. تولا ئېگىز-پەس بولۇپ تارتىشىپ قالغان كىر ياغلىق ئاستىدىن تارالمىغلى ئۇزاق بولغان كۈمۈشرەڭ چېچى پاخپىيىپ كۆرۈنەتتى. بوۋاينىڭ بىر جۈپ بىلىكى موماينىڭ دوگىيىغان بېلىدىن كۆتۈرۈپ دېگۈدەك يۆلەپ تۇراتتى.

— چىرىلى، — دېدى بوۋاي، — چوڭ دەسسىگىن، بوممىسا تېيىلىپ كېتىدىكەممىز.

بوۋاي بۇ قېتىم ناھالىسىز ئۆتۈك كىيىۋېلىشنى ئۇنتۇمىغانىدى. تاسادىپىي كېلىن بالىنى يەنە يىقىتىپ قويسا سەت ئەمەسمۇ.

ئۇلار لەڭپۇڭدەك تىترەپ، بىر-بىرىنى يۆلىشىپ ئەينەك ئىشىكنى ئالدىغا ئىتتىرىشتى. بىراق پۇرشىنلىق ئىشىك قانتىغا كۈچى يەتمەي قىينىلىپ تۇرغاندا بىر قىز كېلىپ ئىشىكنى ئېرىم ئېچىپ بېشىنى چىقاردى:

— بىزكىمنى ئىزدىشەملا؟

بوۋاي ھاڭ-تاڭ بولدى. بۇ قانداق ئىش ئۆزى! ئوغلى يەنە كۆرۈنمەيدۇ. بوۋاي ھار ئالغاندەك خاپا بولدى. نېمىشقا بۇ ئۆيدە ئۇنى دائىم يات خەقلەر سوراق قىلىدۇ؟ بوۋاي تىنمىسىز گىلدىڭشىۋاتقان بېشىنى جىم تۇرغۇزۇشقا تىرىشىپ ئاستاغىنە دېدى:

— بىز كىمنى ئىزدىمەيمىز. بىز مۇشۇ ئۆيگە كەلگەن. ئىشىكنى ئېچىپ بەسىلە بولاپتىكە.

قىزنىڭ چىرايلىق قاشلىرى ھىمىرىلىپ، قاپىقى تۈرۈلدى:

— سىلىنىڭ بۇيەدە ئىشلىرى يوق، باشقا جايغا بېرىشسىلا!

قىز قوپاللىق بىلەن ئىشىكنى ياپتى. بوۋاي چۆچۈپ ئارقىسىغا داجىدى.

«توۋا خۇدايىم، بۇ ئوغلىمىز قانداق بوپقالدى ئۆزى؟ مۇشۇنداق بىئەدەپ، يوسۇنسىز ئادەملەر بىلەن ئىزدىشىپ، قوشنا بولۇپ ئولتۇرامدىغاندۇ؟» بوۋاي سەل ئويلىنىپ قالدى. «شەھەرلىكلەرنىڭ قائىدە-يوسۇنى ئوخشىمايدۇ دەيدۇ. مۇشۇلارنىڭ قائىدىسى بويىچە سوراپ باقاي.»

بوۋاي ئىشىكنى بوش تاقىلداتتى. ھېلىقى قىز خاپا بولغان ھالەتتە يەنە چىقتى.

— ئىشىكنى توسۇشمىسىلا ، مېھمان چىرىدا!

— ماندا غ گەپ ئىدى، بالام، بىز مۇشۇ ئۆيدىكى بالىنىڭ تۇققىنى، — دېدى بوۋاي ئالدىراپ-تېنەپ قىزغا چۈشەندۈرۈپ.

— مۇشۇ يەدە توختاپ تۇرۇشسىلا، خوجايىننى چاقىراي،— دېدى قىز بوۋاينىڭ چوققىسىدىن تاپىنىغىچە يېنىشلاپ سەپسىلىپ قاراپ.

«خوجايىن دەيدىيا ما قىز. ئوغلىمىزنى شۇنداق

ئاتىغىنىمدۇ؟»

بوۋاي خاپا بولدى. ئىككى-تۆت تەڭگە پۇل تېپىپلا خوجايىن بوپكەتتىمۇ بۇ بالا. نېمىدېگەن سەت ئاتاق بۇ؟ بىركىمگە خوجايىنلىق قىلىش ياخشى ئەمەل ئەمەستى. ئۆز ۋاقتىدا رەھمەتلىك بوۋىسى باقىھاجىم تېكىنچىنى خەقلەر «غوجام»دېسە بەكمۇ خاپا بولاتتى. مەن بىر كىمنىڭ غوجىسى ئەمەس! مەن دېگەن باقى تېكىنچى! بۇدا يەنە غوجام دەپقالساڭلار سۈنۈقۇڭلارنى تاڭمايمەن. غوجاڭلىنى تېپىپ تاڭدۇرۇۋېلىڭلار! دەيتتى. قارا ماۋۇ چەۋرىسىنى ، پۇلۇم بار دەپ خوجايىن بوپكېتىپتۇ! بولماپتۇ، رەسمىي ئولتۇرۇپ نەسىھەت قىلىپ قويمىسا شەھەردە ئاينىپ كەتكۇدەك!...

بوۋاي ئۆيگە تەكلىپ قىلىنماي سىرتتا قالدۇرۇپ قويۇلغىنىغا هار ئېلىپ تۇرغاندا، ئىشىكتىن قورسىقى ئاران پاتقان خام سېمىز ئادەم چاچراپ چىققاندەك قارايدىغان پالكۆزلىرىنى بوۋايغا تىكتى:

— ھە، نېمە دەيلا؟

— بىز... بىز ئوغلىمىزنى ئىزدەپ كەگەن...

— بۇيەدە ئوغاللىرى يوق.

بوۋاي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— قايلىسلا ئۇكام، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى مېنىڭ...

— بۇ، ئۆي ئەمەس ئاكا، رېستوران! مېڭىشسلا-مېڭىشسلا!

خام سېمىز ئادەم كىرىپ كەتتى. بوۋاي ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى. نېمە ئالامەت بۇ! قاراپ تۇرۇپ ئىشىكتىنمۇ كىرەلمىگىنى نېمىسى؟!...

موماي مۆكچىيىپلا قالدى. ئۇنى يۆلەپ تۇرغان بوۋاينىڭ قوللىرىمۇ تىلىپ كەتتى. بولۇنغان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇرنىدىن، كۆزىدىن سۇ قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

**8**

بوۋاي ناھايىتى خاپا بولدى. ئۇ ئەسلى ئۆيدىن چىققاندا شەھەردە چوڭ تىجارەت قىلىدىغان ئوغلۇم بار دەپ تاغدەك ئىشىنىپ چىققانىدى. بارسا ملا ھېلىقى خانىقادەك چوڭ ئۆيگە كىرىمەن، ئانىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا بۈگۈن دوختۇرغا كەلگەنلىكىنى، دوختۇرخانىنى بىلمەي ئوغلىنىڭ يېنىغا كىرىشكەنلىكىنى ئېيتىمەن دەپ كۆڭلىگە پۈككەنىدى بوۋاي. شۇنداق دېمىسە بولامدۇ؟ پۇل يوق قىينىلىپ قالدۇق دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئۆتكەندە بار ساتار-ساتقۇلۇقنى سېتىپ ساڭا ئەكىلىۋەتكەن، ئەمدى پۇلنى سەن چىقار دېگەندەك بوپقالامدۇ ئوغلىغا. خىجالەت بوپقالامدۇ ئوغلىمۇ، ئۆتكەندە ئۆي مارەكنى دەپ ھازىر داداملار قىينىلىپ قاپتۇ دەپ. شۇڭا، چاندۇرماسلىق كېرەك. ئوغلىنى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدۇرماسلىق ، خىجالەت قىپقويماسلىق كېرەك. بوۋاي ئەزەلدىن مىننەت قىلغاننى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىدىغان. مانا ھازىر پۇل يوقلۇقنى دېسە ئالدىدا ئوغلىغا ئەكېلىپ بېرىۋەتكەن پۇل-پىچەكلەرنى مىننەت قىلغان بولامدۇ؟

بوۋاي بەكلا كۆڭۈل ئايايتتى. بىراۋنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەننى، خاپا قىلىپ قويغاننى زىنھار يامان ئالاتتى. ئادەتتە ئۆزىمۇ ئۇقۇشماي بىرەرسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان گەپ قىلىپ قويغان بولسا كۆڭلى چۈشۈپ يەۋالغاندەك بولۇپ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. تا قارشى تەرەپ بىلەن ئۇچۇق-يورۇق سۆزلىشىۋالمىغۇچە، ئارىدىكى ئارازلىقنى يۇيۇۋالمىغۇچە كۆڭلى تىنمايتتى.

كېلىپلا ئوغلى بىلەن كۆرۈشەلمەي بوۋاينىڭ كۆڭلى لاسسىدە بوپقالدى. يولدا كەلگۈچە ئويلىغان ئويلىرى، قىلغان خىياللىرى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. مەھەللىدىكى ئىمىن تاۋكانىڭ كىرەم نوگاي دېگەن ئوغلى شەھەردە نوگاي-قاپاق تىجارىتى قىلىدۇ دەپ ئاڭلىغان. ئىمىن تاۋكا دېگىنى ساقاللىرى ئاق ئارىلاپ، يېشى خېلى يەرگە بارغان بولسىمۇ نە-نەدىكى كونا ئۇلپەتلىرى بىلەن ئىزدىشىپ-چاقىرىشىپ يۈرۈپ، ئاغزىغا ناسىۋالنى لىق توشقۇزۇۋېلىپ، سىڭار تىز يۈكۈنگىنىچە مەيدىسىگە بوك-بوك مۇشتلاپ ئوشۇق ئېتىشتىن قالمىغان قېرى قىمارۋاز ئىدى. قېرىپ قالسىمۇ قىماردىن قالمىغانىنىڭ ئۈستىگە جامائەت سېپىگە قوشۇلۇپ مەسچىتكە چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئەل-جامائەت ئۇنى ئانچە قاتارغا ئېلىپ كەتمەيدىغان. ئەمما « ساردىن نار تۆرىلەر» دەپ، ئۇنىڭ ئوغلى كىرەم نوگاي بەكلا ئوڭلۇق، ديانەتلىك بالا بولغانىدى. ھە دېسىلا ھەپتە-ئون كۈن ئاتلاتماي كېلىپ دادىسىنى يوقلايدۇ. ئۇنى-بۇنى ئەكېلىپ بېرىپ دادىسىنى قىمار ئوينىماسلىققا، جامائەت، يۇرت-ۋاقىغا قوشۇلۇشقا ئۈندەيدۇ. ھەتتا تېخى يېقىندا خېلى جىق پۇل چىقىرىپ ئۆزۈن يىلدىن بېرى مەھەللىدىكىلەرنى قىيناپ كەلگەن مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى زەيكەشنىڭ سېسىپ قالغان كونا ياغاچ كۆۋرۈكىنىڭ ئورنىغا كەڭلىكى ئون تۆت مېترلىق، دۆلەتنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمىگە يەتكەن مۇكەممەل سېمونت كۆۋرۈكتىن بىرنى سېلىپ بېرىپ كەتتى. بۇ كۆۋرۈكتىن ھازىر پادىچى، ئوتۇنچى، تۇزچى، قوشنا ناھىيە-يېزىلارغا بارىدىغان يولۇچىلاردىن تارتىپ ھەممىسى ئۆتىدۇ. ئۆتۈۋېتىپ بۇ ساۋابلىق ئىشلارغا رەھمەت-تەشەككۇرلار بىلدۈرۈشىدۇ. ھەتتا يېقىندا ھۆكۈمەت مۇشۇ يېزىنىڭ مەھەللە يوللىرىغا شېغىل تۆكۈش ئۈچۈن قوشنا ناھىيىدىكى شېغىل سايىدىن شېغىل يۆتكەشكە يېقىن ، قولايلىق يول پىلانلىغاندا مۇشۇ كۆۋرۈك سېلىنغان جاڭگال يولى تاللىنىپ، كىرەم نوگاينىڭ داڭقى نە-نەگىچە تارقىلىپ كەتتى.

بوۋاي مانا مۇشۇلارنى ئويلىغاندا بۇ قېتىم ئوغلىغا خەقنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا تۈزۈكرەك بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلىپ بېرىشنى سەمىگە سالماقچى ئىدى. نېمە دېگەنتى ئۆتكەندە، ھە، شىركەت دېدى. ئاشۇ شىركەتكە مەھەللىدىكى ياش بالىلاردىن ئەكېتىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىن دېمەكچىمىدى بوۋاي. ھازىر بالا ئوقۇتقانلار بەكلا قاقشاۋاتامدۇ. نۇرغۇن پۇل چىقىم قىلىپ بالىلىرىنى ئوقۇتسا

خىزمەت يوق. نەچچە يىل ئوقۇغان ئەجرى بىرلا ئىمتىھان بىلەن يوق بولۇپ يا خىزمەت يوق، يا كەتمەنگە قوڭى بوش ئاقىۋانچى بولۇپ، ھە دېسە چاچلىرىنى تاراپ، شىملىرىنى قىرلاپ، قىز بالىدەك ئەتىر چېچىشىپ يۈرۈشمەمدۇ مەھەللىدە سەككىز - ئونى. مانا مۇشۇلارنى شىركىتىگە ئاپىرىپ خىزمەتچى قىپقويسالىڭ ھۆكۈمەتنىڭمۇ يۈكى يېنىكلەيدۇ، مەھەللىدىكىلەرمۇ خۇش بولۇپ دۇئا قىلىشىدۇ. كۆپ كىشى دۇئا قىلسا ئىشلىرىڭ تېخىمۇ روناق تاپقۇسى دېمەكچىدى بوۋاي ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەندە. يۈرتىنىڭ كۆزىدىن ئۈچۈپ كەتمەي پات - پات كېلىپ، مەھەللىدىكى قارىغۇچىسى يوق يېتىم - يېسىرلارغا غەمخورلۇق قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنمەكچىدى بوۋاي. شۇنداق قىلسا ئاندىن تاپقان پۇلنىڭ بەرىكىتى بولىدۇ. رەھمەتلىك باقىھاجىم تېگىمچى ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇنداق قولى ئوچۇق، مەرد، سېخىي ئادەم بولغاچقا پۇلى جىق ئىدى. بوۋاي ئوغلىنىڭ بوۋىسىنى دورىشىنى ھەر ۋاقىت ئۈمىد قىلاتتى.

ئۆتكەندە كېرەم نوگاي ئاغرىپ قالغان دادىسىنى ئەكېتىپ شەھەردىكى بىر چوڭ دوختۇرخانىدا داۋالىتىپتۇمىش. شەھەرنىڭ دوختۇرخانىلىرى بەك نوچىمىش. ماۋۇ يېزىنىڭ دوختۇرخانىلىرىدەك نەگە قارىسا ئەخلەت، ياتاقلىرى بەتبۇي، قاڭسىق، دوختۇر - سېستىرالىرى ھاكاۋۇر - ئاتىكاچا ئەمەسمىش. بۇ يەردە ياتاقلا ئازادە، ئاپئاق، يورۇق، ھويلىلىرى قىش - ياز ياپيېشىلچىلىق، ھاۋالىق، دوختۇر - سېستىرالىرى بەك مۇلايىم، ئەدەپلىك بولامىش. بۇلارنى ئىمىن تاۋۇكا كېلىپ ھەممە ئادەمگە سۆزلەپ، ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى ماختاپ كەتتى. ھازىر ئۇ ئوغلى پات - پاتلا يېڭىلاپ تۇرىدىغان يېڭى كىيىملىرىنى رەتلىك كىيىپ، ساقاللىرىنى رەتلىك تاراپ مەسچىتكە چىقىدۇ، جامائەتتىن ئايرىلمايدۇ. خەقلەر بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ دىيانىتىدىن بولغان دەپ قارىشىدۇ. ھېچكىم ئۇنى ھازىر ئىمىن تاۋۇكا دەپ ئاتاشنى راۋا كۆرمەيدۇ. بەلكى ئابرۇيلۇق، مۆتىۋەرلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ ھۆرمەتلىشىدۇ. مۇشۇلارغا قاراپ بوۋاي سەل يېتىمسىرىغاندەك بوپقالىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئوغلى ئىمىن تاۋۇكانىڭ ئوغلىدەك خەيرلىك ئىشلارنى قىلىپ قويسا بوۋاينىڭمۇ، موماينىڭمۇ، رەھمەتلىك باقىھاجىم تېگىمچىنىڭ روھىمۇ رازى — خۇشال بولىدۇ. يۈزى يورۇق بولىدۇ. ئەلگە ساۋاب بولىدۇ.

ئەنە شۇنداق خەيرلىك ئوي - خىياللارنى قىلىپ كەلگەچكىمكىن بوۋاينىڭ كەيپىياتى ياخشى ئىدى. مومىيغا ھەر تەرەپتىن پاراڭ سېلىپ بېرىپ ئاغرىقنى بىلىندۇرمەي كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا بوۋاي مومىينى قولتۇقلاپ يۈرگەن بىلەن سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك شۈمشىيىپ، روھى چۈشۈپلا كەتتى. ئۆزىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك، يىقىلىپ چۈشكەن چېلىشچىدەك، قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقىتىپ بىسەرەمجان بولغان ئازغۇن ئادەمدەك تولىمۇ بىچارە ھېس قىلىپ، رەڭگى تاتىرىپ، ئوزايىدىن توپا ئۆرلەپ كەتتى.

## 9

چىراغلار ئاپئاق يورۇتۇپ تۇرغان يوللاردا ماشىنىلار ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشەتتى. ئەينەك ئىشكىنىڭ يېنىدا مومىينى يۆلەشتۈرۈپ ئولتۇرغان بوۋاي قايسى ۋاقىت بولغىنىنى بىلىش ئۈچۈن ئاسمانغا قارىۋىدى، يەر ئاق، ئاسمان قارا گۈمبەز بولۇپ كۆرۈنۈپ بىر تال يۇلتۇزنىمۇ پەرق ئېتەلمىدى. بوۋاينىڭ بۈگۈنكى شام، خۇپتەن نامازلىرىمۇ قازا بوپكەتتى. ئوغلى بىلەن كۆرۈشەلمەي ئىچى تىتىلداپ، بېشى چىڭقىلىپ كەتتى. ئوغلىنى چىقىپ قالارمۇ دەپ پات - پات بۇرۇلۇپ ئىشىككە قاراۋېرىپ بويىنىمۇ تېلىپ كەتتى. بايىقى خام سېمىزنىڭ قوپال مۇئامىلىسى ئۇنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. تۇرۇپلا تېرىكسە، تۇرۇپلا غېرىبسىناتتى. پۇلى جىق ئادەم شۇنداق بوپقالامدىغاندۇ دەپ ئويلايتتى ئۇ . ئۇنداقتا ئوغلىمۇ مۇشۇنداق بوپقالغانمىدۇ؟ بوۋاينىڭ ئەزايى - بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئەگەر ئۇ شۇنداق بوپقالسا... ياق، بولمايدۇ. چوڭ بوۋىسىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا باقىھاجىم تېگىمچى كىشىلەرگە بەك سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئالدىغا كەلگەننى باي - گاداي دەپ ئايرىغان ئەمەس. كىم كەلسە بېشىنى سىلايتتى، يۇمشاق سۆزلەيتتى، ھالىغا يېتەتتى. كىشىگە ئازار - ئاھانەت قىلمايتتى. ھەتتا تىككىلىپ تۇرۇپ سۆز قىلمايتتى.

بوۋاينىڭ قورسىقى ئاچقاندەك بولدى. ئۆيىدىن چىقاردا پوتىسىغا تۈگۈۋالغان سېرىق قوناقنىڭ كۆمىچىنى چىشسىز ئېغىزىدا ئۇيان يۇملىتىپ، بۇيان يۇملىتىپ يۇمشىتىپ ئاۋارە ئىدى. تامىقى قۇرۇپ، ئاغزىدىكى كۆمەچنى يۇمشاتقۇدەك شۆلگىيى قالمىغاندەك قىلاتتى. بىردەم ئوڭ قوۋۇزى، بىردەم سول قوۋۇزى پاقىنىڭ گېلىدەك لىپ - لىپ قىلاتتى. يۇمشىمىغان يىرىك كۆمەچنى يۇتالماي كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. كۆمەچنىڭ ئۇۋاقلىرى چىشسىز ئاغزىدا جىقلاپ كەتكەندەك بولۇپ ئاغزىنى يىرىك تاتىلايتتى.

دۇم يۈكۈنۈپ بېشىنى بوۋىينىڭ تىزىغا قويۇۋالغان موماينىڭ مەيدىسى غىژىلداپ، بۇرنى پۇتۇپ كەتتى. مەيدىسىدىكى بەلغەم ئېغىرلىشىپ، نەپىسى قىسىلىۋاتاتتى. بوۋاي ئېڭىشىپ تۇرۇپ مومايغا سەپ سالدى:

— قوسىقىڭ ئاچتىمۇ؟

موماي بېشىنى كۆتۈرمەي «ياق»قا باش چايقىدى. بوۋاي سەل جىددىيلەشتى:

— نېمە بولۇۋاتىسە؟

موماي ئۈندىمەكچى بولىۋىدى، مەيدىسىدە بىر نەرسە توسۇلۇپ قالغاندەك بولدى. بەلغەمنى ھەيدەش ئۈچۈن كۈچەپ گېلىنى قىرىۋىدى، «خالاپ»قىلىپ توغرا تۇرغان بەلغەم مومايىنى تىنغىلى قويمىدى. موماينىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ، كۆزلىرى چىڭقىلىپ كەتتى. تىنالماي يۈزى تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. پۈتكۈل ئەزايى لاغىلداپ تىترەپ ، ھالسىز بارماقلىرى بىلەن بىرنېمىلەرنى ئىشارەت قىلدى. بوۋاي تېخىمۇ ئېڭىشتى:

— نېمە دەيسە؟ گەپ قىلە... سۇما؟.. ماقا، تۇرۇپ تۇرە.

بوۋاي مومايىنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنىپ ئاستا ئۆرە بولدى. موماينى چىنە خىشلىق پەشتاققا سىڭار جىدىنىڭ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئەينەك ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

ئەينەك ئىشىك ئۇچۇق بولۇپ، زال ئىچى بوشاپ قالغانىدى. بوۋاي ئاۋايلاپ مېڭىپ ئىشىككە يېقىن پارقىراق مۇنبەر-مۇلازىمەت باش پۇكىيگە يۆلەنگىنىچە دوزداي كالپۇكلىرىنى قىمىرلىتىپ پۇل ساناۋاتقان خام سېمىز ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خۇشامەت قىلغاندەك زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئېغىز ئاچتى:

— ئۇكام، خاپوماي دەپ بەسلە، يامەتجان بامدۇ؟

— مەن يامەتجان دېگەننى بىلمەيمە، — سوغلا جاۋاب بەردى دورداي كالپۇك بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

بوۋاي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يەنە سۆز ئاچتى:

— قايىلسىلا ئۇكام، بۇ ئەسلى ئوغلۇمنىڭ ئۆيىتى...

— بۇ ئۆي ئەمەس، ئاكا، رېستوران! مەن يامەتجان دېگەننى بىلمەيمە. ماڭا قايىلسىلا، بۇ ئەسلى ئاكامنىڭ رېستورانى ئىدى، مەن ئۆتكۈزۈۋاغىلى بىر يېرىم ئاي بولدى. ئۇقتىلىما. سىلى ئېزىپ قاغان ئوخشايلا.

بوۋاي بۇ قېتىم يەنە گاڭگىرىدى. رەڭگى ئۆڭۈپ، خام سېمىز ئادەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. سەل ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن:

— مەن ئېزىپ قاممىدىم. يازدا ئوغلۇمنىڭ ئۆي ماركىگە كەگەن ئۆي مۇشۇ، — دېدى جەزملەشتۈرۈپ.

— هە، مۇنداق دېسلە، — خام سېمىز ئادەم دورداي كالپۇكلىرى تەتۈر ئۆرۈلگەندەك قاھ-قاھلاپ كۈلدى، — ئەخمەق بولاپقاپلا تاغا، ئۆي مارەك ئۆتكەزگەنگىلا بۇ سىلنىڭ ئوغاللىرىنىڭ ئۆيى بولاپقاممايدا. هازىر دېگەن هەممە ئىدەم ئۆي ماركىنى رېستوراندا مارەكلەيدا. بايام كەگەنلىمۇ ئۆي مارەككە كەگەنلە. ئۆينى ئۇۇ ياققا سېلىپ، ماركىنى ماۋۇ ياقتا ئۆتكۈزۈشۈپ كېتىدا شۇ. قايداغ؟

— هە... مۇنداغ دېسلە...

بوۋاينىڭ پۇت-قولىدا جان قالمىدى. ئۇ يەنە يىلىنىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۇكام، خاپوماي دەپ بەسلە، مۇشۇ شەدە شىركەت ئاچقان يامەتجاننى تونالمۇ؟

ساناۋاتقان پۇلىدىن ئېزىپ كەتكەن خام سېمىز بوۋايغا ئالايدى:

— ئوغاللىرى نېمە شىركەت ئاچاتتى؟

— شۇ... — بوۋاي مەڭدىگەندەك تۇرۇپ قالدى. راست، نېمە شىركەت بولغىيتى؟ بۇ خەقنىڭ گېپىنىڭمۇ پۈتىقى تولىكەن!

— هېچ بىلەممىدىم قايىلسىلا، — دېدى بوۋاي خىجىل بولۇپ، — شىركەت قۇردۇم دېگەن.

خام سېمىز ئادەم دورداي كالپۇكلىرىنى يوغان كېرىپ ئەسنىۋېلىپ بوۋايغا قارىدى:

— بۇ شەدە نېمە تولا، شىركەت تولا. «ئارمان» شىركىتى، «كارۋان» شىركىتى، «پالۋان» شىركىتى، «دەۋران» شىركىتى، «سايمان» شىركىتى، «دەرمان» شىركىتى، «سايرام» شىركىتى، «قاينام» شىركىتى، «بايرام» شىركىتى، «پەيمان»شىركىتى... ئوغاللىرى قايسىسىدا؟

بوۋاينىڭ بېشى ئايلىنىپلا كەتتى. ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ گەپلەركىدىنغۇ بۇ! ئوغلى قايسىسىدا بولغىيتى؟ ئەستاغپۇرۇللا...

بوۋاينىڭ جان-ئىمانى چىقىپ، كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى. قۇمدەك تولا «پالان-پوكۇن» نىڭ ئىچىدىن ئوغلىنى قانداقمۇ تاپار؟ بىچارە مومىينىڭ هالىغا ئىچى سىيرىلدىمىكىن، تىت-تىت بولۇپ كۆزلىرىگە يىغا ئولاشتى. غېرىبلىق، يالغۇزلۇق، مۇساپىرچىلىق بېسىپ، لەۋلىرىنى كىچىك بالىدەك ئۈمچەيتىپ خىتىلداپ يىغلىۋەتتى. يېرىلغان قۇرغاق يۈزىنى بويلاپ ئاققان ياشلىرى ياسالمىغان رەتسىز ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. كىرلىشىپ پارقىراپ كەتكەن يەڭلىرى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى.

— ئۇكام...

— هە-هە! نېمداغ تولا ئازدۇرىلا ئىدەمنى؟

— خاپوماي بىر چىنە چاي بەسلە بولاپتىكە، تالادا موميىم قاغانتى. مىجەزى يوقتى قايىلسىلا، قاتتىق ناننى يېيەممىدى، — دېدى خام سېمىزنىڭ چالۋاقىشىدىن هودۇقۇپ ئارقىغا داجىغان بوۋاي.

خام سېمىز ئادەم بوۋايغا ئاچچىقى بىلەن هومىيىپ قويۇپ، شىرەمۇشىرە ئارىلاپ، چالا يېيىلگەن تاماقلارنى يوغان چېلەككە پالاقشىتىپ تۆكۈپ يۇرگەن قىزنى بۇيرىدى:

— چىمەن، ما ئىدەمگە بىر چىنە چاي بېرىڭا.

— ماقا.

بوۋاي قىزنىڭ قولىدىن چاينى رەهمەت-هەشقاللا بىلەن ئېلىۋاتقاندا خام سېمىز ئادەم چاقىردى:

— ئاكا هوي، ياجىڭ قوياپ ماڭسىلا!

— يا... ياجۇڭ؟ نېمە ئۇ، ئۇكام ؟

— زاكالەت پۇلى. هېلى چىنىنى ئېپچىگەندە قايتۇرىمىز.

— بېرەي ئۇكام، بېرەي، نەچچە پۇل؟

— ژىگمە كوي.

بوۋاي يېنىدىن يىگىرمە يۈەن ئېلىپ تەڭلىدى. خام سېمىز پۇلنى ئېلىپ تاراقلىتىپ سىلكىپ بېقىپ غەللىگە سالغاچ قوشۇپ قويدى:

— چىكىتىۋەسلە. چىنە چېقىلسا ياجۇڭ قايتۇرۇلمايدۇ جۇما!

بوۋاي غىرت-غىرت تېپىلىۋاتقان تاپىنىنى ئاۋايلاپ يۆتكەپ تالاغا چىقتى. موماي بېشىنى پەلەمپەيگە دۈم قويۇۋالغانىدى. بوۋاي يېقىن كېلىپ ئاستاغىنە زوڭزايدى:

— چاي ئېپچىقتىم، ئوتلىۋالامسە؟

موماي بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولىۋىدى، كۆچىيەلمىدى. بوۋاي چىنىنى قويۇپ مومايىنى يۆلىدى. خەسىدەك تاتارغان موماي كۆچەپ نەپەس ئالغاندا سۈمۈرگەن هاۋا كېكىردىكىدە بىر نېمىگە دوقىدە ئۇسكەندەك قىلاتتى. ئاندىن هىق-هىق

قىلىپ، يىڭنە تۆشۈكدەك بىر يەردىن قىستىلىۋاتقان نەپەسدىن ئىسقىرتقاندەك، بىراق ھالسىز بىر ئاۋاز كېلەتتى. لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

ــ چاي ئىچىۋالە، قىززىق چاي.

موماي تاتارغان لەۋلىرى بىلەن چاينى ئاستا ئوتلىدى. بوۋاي مېھرى بىلەن مومىينىڭ پېشانىسىنى سىلىدى:

ــ نان چىلاپ بېرەيما؟

موماي بېشىنى چايقاپ، ئوتلىغان چېيىنى يۇتتى. بىراق ئاران ئوتلىغان بىر يۇتۇم چاي توغانىغا كېلىپ قايغان سۇدەك قېيىپ نېرى ئۆتمەي، موماي قاتتىق قېقىلىشقا باشلىدى...

## 10

بۇ كېچە ئىنتايىن ئۇزۇن كېچە بولدى. بوۋاي ـ مومايىنىڭ ئولتۇرغان جايى مۇزدەك سوغۇق چىنەخىش پەشتاق، قۇلاققا ئاڭلانغىنى غار ـ غۇر، گۇر ـ گۇر ماشىنا ئاۋازى. مەھەللىسىدە تىنچ ـ ئازادە مۇھىتتا كۆنۈپ قالغان بېشى ۋاڭشىپ ئاغرىپ، ئىككىيلەننى خېلىلا جۇدەتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن بوۋاي خېلى تىمەن ئىدى. ئەمما مومايىنىڭ بىر ئاغرىقى ئىككى بولۇپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، پۇت ـ قوللىرىنى چىڭ تۈگۈپ دۈم ياتاتتى. قىزىتمىسىمۇ ئۆرلەپ كەتكەن بولۇپ، بوۋايىنىڭ ئوڭ تىزى ــ موماي بېشىنى قويۇپ ياتقان جاي تونۇردەك قىزىتىپ چىقتى. موماي بايام بوۋاي ئېلىپ چىققان چايدىن ئىككى ـ ئۈچ يۇتۇم ئوتلىۋىدى، خېلى ئارام تاپقاندەك بولدى.

بوۋايىنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ قالدى. كۆڭلى ئېلەشكەندەك بولۇپ قۇرۇق ھۆ تۇتتى. ئۇ ئەزەلدىن قورسىقى سەل ـ پەل ئاچسىلا كۆڭلى ئېلىشىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بوۋىسى باقىھاجىم تېڭىقچى دائىم پەرزەنتلىرىگە ساغلاملىق ھەققىدە مۇنداق تەربىيە بېرىدىغان.

«كىشى ساغلام بولۇش ئۈچۈن ئاچ ـ توق يۈرۈشكە بولمايدۇ. قورساق ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكەندە يېگەن غىزا كېسەل پەيدا قىلىدۇ. سەھەرلىك ناشتىدا كۆڭۈل تارتمىسىمۇ بىر بۇردا قۇرۇق نان يېگەن كىشى تەمبەل بولغۇسىدۇر. چۈنكى قۇرۇق نان تۈن بويى ئاشقازاندا يىغىلىپ قالغان زەرداب سۈنى تارتىپ كۆڭۈلنى ئاچىدۇ. قاتتىق ـ قۇرۇق بولسىمۇ ھەر كۈنلۈك ناشتىنى قولدىن بەرمىگەن كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈسىدۇر. قورساق ئېچىپ، كۆڭۈل ئېلىشسا بەدەننىڭ ئىچكى ئەزالىرى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا، باللىرىم، يوتاڭلاردىن بىر پۇچۇق نان كەم بولمىغاي. ھەرقانداق ۋاقىتتا كۆڭلۈڭلار زەررىچە تائام تارتقاندا بىر بۇردا ئۈشتۈپ چاينىۋالساڭلار يۈرىكىڭلار پۈتۈن تۇرىدۇ. ئۇھ چىقمايدۇ...»

شۇڭا بوۋاي بوسۇغىدىن پۇت ئالسىلا مومىي ئۇنىڭ يوتىسىغا بىر زاغرىنى تۈگۈپ بېرەتتى. چۈنكى بوۋاي دائىملا ئۇنىڭغا بوۋىسىنىڭ تەلىملىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇ تەلىملەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كاتتا بىر ساغلاملىق رىسالىسى بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى.

ــ نان چىلاپ بېرەي، بىژ بۇردا ئىچكىنە، ماغدۇر پەيدا بولا، ــ دېدى بوۋاي مومىينى يەنە زورلاپ. موماي باش چايقاپ ئۇنىمىدى. بەلگەم تۇرۇۋالغان مەيدىسىنى ئالىقىنى بىلەن چىڭ بېسىپ تۇرۇپ كۈچەپ يۆتەلدى. خالاپ ـ خالاپتىن بۆلەك يۆتەلگە ئوخشايدىغان ھېچ نەرسە ئاڭلانمىدى.

بوۋاي ئاستاغىنە ئېڭىشىپ سورىدى:

ــ مەيدەڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

موماي «ھەئە» گە باش لىڭشىتتى. لېكىن ئۈندىمىدى. بوۋاي تارشىدەك ئورۇق قوللىرى بىلەن مومايىنىڭ چۈۋۈلغان چېكە چاچلىرىنى يېنىك سىلىدى. بىر تەرەپكە سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان ياغلىقنى قايتا ئوڭشاپ قويدى. ئوڭشىسىمۇ چۈۋۈق چاچلار يەنىلا ياخپىيىپ كۆرۈنۈپ قالدى. تۇرۇپلا بوۋايىنىڭ كۆزىگە لۆممىدە ياش كەلدى. بىر چاغلاردا قاپقارا ، دولقۇنلۇق ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلار ئىدى بۇ! تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى دولقۇنلىتىپ، سوغىنى كۆتۈرۈپ كۆل بويىغا چىقسا كۆل بويىدا يالغۇز ئۆسكەن لەيلىقازاق گۈلىگە ئوخشاپ قالاتتى. بېشىدىن گىلەم دوپپىسىنى ئالمايدىغان. بوۋاي ياش ۋاقتىدا بوۋىسىدىن قالغان قىپقىزىل ئۆتۈكنى كىيىپ، ئېتىنى مىنىپ تالاغا چىقسا بىرىنچى بولۇپ بارىدىغان يېرى كۆل بويى ئىدى. ئاتنى سۇغۇرۇۋېلىش باھانىسى بىلەن ئۇنى ـ بۇنى دەپ پاراڭلىشىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇ، قىزنىڭ تېقىملىرىغا چۈشۈپ تۇرغان بولۇق چاچلىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى. ھەتتا بىر قېتىم ــ تۇنجى قېتىم قىزنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن ۋە دولقۇنلۇق چاچلىرىنى تۇتۇپ بېقىپ سېھىرلىنىپ قالغانىدى.

ــ سوغۇڭنى بېرىپ تۇرە، ئېتىمنى سۇغۇرۇۋالاي، ــ دېگەنىدى بوۋاي.

ــ مانا، سۇغۇرۇۋالسىلا، ــ دېگىنىچە قىز ئوماق كۈلۈپ سوغىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئۇ، سوغىدا لىق سۇ ئېلىپ ئېتىنى سۇغۇردى. ئاندىن سوغىغا سۇ توشقۇزۇپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، قىز ئۇنىڭ قولىدىن سوغىنى ئېلىۋالدى.

ــ بولدى، ئاۋارە بوممىسىلا، ئۆزۈم ئالالايمە.

ئۇ شۇنداق دەپ سوغىنى چايقىۋېتىپ قايتا كۆلگە پاتۇردى. ئېڭىشىپ سۇنى ئالغۇچە ئارىلىقتا دۈمبىسىدە تۇرغان ئۇزۇن ـ ئۇزۇن، توم ـ توم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى دۈمبىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ساڭگىلاپ قالدى ـ دە، ئۇچى كۆلدىكى سۇدا لەيلەپ قالدى. ئۇ، بىر قولىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا قىزنىڭ چېچىنى ئىتتىك سۇدىن ئېلىۋالدى.

ــ رەخمەت ، ــ دېدى قىز ئۆرە بولغىنىچە، ئاندىن يىگىتكە تاتلىق جىلمىيىپ، ئۇچى ھۆل بوپكەتكەن چېچىنى قايتا دولىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئارقىسىغا تاشلىۋالدى. يىپەكتەك يۇمشاق چاچلاردىن چاچرىغان سۇ دانىچىلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە چاچراپ كەتتى. لېكىن يىگىت ئۇنى سەزمەستىن سېھىرلەنگەندەك قېتىپ قالغانىدى. قولىدىكى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىمۇ چىقىپ كەتكەن بولۇپ، يېرىم كۈن ئات قوغلاش بىلەن ئاۋارە بولغانىدى.

بوۋاي ھەسرەتلىك ئۇھ تارتتى. چوڭقۇر مېھرى بىلەن قەدىناس مومىينىڭ چېكە چاچلىرىنى پۇرىدى، يۈزلىرىنى

سىلىدى. تاڭ ئاتقىلى ئاز قالدىمۇ دەپ تولا ئاسمانغا قاراپ، بويۇنلىرى تارتىشىپ، تېلىپ قالدى. ياشائېغىرايلا تۇرغان كۆزلىرى كۆچلۈك كوچا چىرىغىنىڭ نۇرىدا تېلىپ، نىرۋىسىمۇ ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتتى. ماڭدامدا بىر قىستاپ كەلگەن ئەسنەكنىڭ دەستىدىن قوۋۇزلىرىمۇ تېلىپ ئاغرىپ كەتتى. پات-پات ئالقانلىرى بىلەن تالغان كۆزلىرىنى چىڭ-چىڭ بېسىپ قويۇپ مومىينىڭ چېكىسىنى، دۈمبىسىنى بىكار تۇرماي ئۇۋۇلاش بىلەن بەند ئىدى.

بوۋاي پوتىسىنى يېشىپ كۆمەچنى ئالدى. چىنىدىكى چاي سوۋۇپ كەتكەنىدى. ئۇ، كۆمەچنى ئۇۋۇلاپ يۇرۇپ چايغا چىلىدى. ئاندىن پوتىسىغا ئېسلىغان غىلاپتىن قوشۇق ئورنىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن مىسۋاكنى چىقاردى. بۇ مىسۋاك ئۇزۇن يىل ئىلگىرى رەھمەتلىك بوۋىسى باقىھاجىم تېگىقچى ئىشلەتكەن تەۋەرۈك مىسۋاك بولۇپ، ئۇزۇن يىل ئىشلىتىلگەنلىكتىن چىلانىدەك قىزىرىپ، پارقىراپ كەتكەنىدى. كېيىنچە كىشىلەر پەرزەنتى تۇغۇلۇپ قىرقىغا توشقاندا ئاتايىن كېلىپ مۇشۇ مىسۋاكنى سوراپ ئەكېتىپ، قىرقىغا توشقان بالىغا تۇتقۇزۇپ ئىرىم قىلدۇرسا باقىھاجىم تېگىقچىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى، قولى گۈل ھۈنەرلىرى، دۆلەتمەنلىكى بالىغا ئۇدۇم بوپقالسا ئەجەب ئەممەس دەيدىغان ئادەت شەكىللەنگەنىدى. دېگەندەك، ھازىرغىچە باقىھاجىم تۇغرۇلۇق تەسىرلىك ۋەقە-ئىشلار، ئەسلىمە-ياخشى سۆپەتلەر خەقنىڭ ئېغىزىدا يوقالماي كەلدى. بىرەرسىنىڭ بالىسى خاسىيەتلىك ئىشتىن بىرنى قىلسا دەرھال «باقىھاجىمنىڭ ئۇدۇمى تەگكەن»لىكى قوشۇپ تەرىپلىنىدىغان ئادەت بار ئىدى.

بوۋاي مىسۋاكنى قوشۇق ئورنىدا ئىشلىتىپ چىينى ئىچتى. مۇزلىغان چاي كۆمەچنى ئانچە ياخشى يۇمشىتالمىغان بولسىمۇ بوۋاي قوۋۇزنى پاقىنىڭ گېلىدەك لىپىلدىتىپ يۇرۇپ چاينىغان بولدى. يۇتقان بولدى. نەچچە كۈندىن بېرى مومىيى ساقسىز بولۇپ، ئۆزى كۆمگەن كۆمەچلەر خامسۇقراق پىشىپ قالغانىدى. چىنىنى بىكارلاپ ئاندىن مەيدىسىنى چېكىتىپ كەلگەن بىر كېكىرىكنى قىينىلىپ يۇرۇپ چىقىرىۋېلىپ، مەيدىسى سەل بوشىغاندەك ئارام تېپىپ قالدى.

مۇزدەك سوغۇق چاينى ئىچىپ قورسىقنى توقلىۋالغان بوۋاي چىنىنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئا قىلىپ، ئاللانىڭ بىر ۋاقلىق نېمىتىگە شۈكرانە ئېيتتى.

## 11

بوۋاي شۇ كۈنى كېچىچە پەشتاقتا كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزدى. موماي گاھ تونۇردەك قىزىتىپ جۆيلىسە، گاھ لاغىلداپ تىترەك بېسىپ، شۈكلەپ كېتەتتى. بۇرنىغا ئۆلۈم پۇرىغاندەك بولۇپ ھەددىسىلا بىرنىمىلەرنى پىچىرلاپ، بوۋايغا ۋەسىيەت ئېيتماقچى بولاتتى.

— كېلىن بالامغا مانى بېرىپ قويسىلا، — دېدى موماي بىر چاغدا سەل ياخشى بوپقالغاندەك سۆزگە كىرىشىپ، — بۇ، چوڭ ئانامدىن قالغان پەپەزە ئىدى. ھازىرقى ياشلا بۇنداق يوغان پەپەزىلىنى ئاسمايدا. زەگەگە بەسە ھازىرقى زىرە-سىغىلاغا ئۆزگەتىپ بېرەمش. نەچچىسى پۇتىدا بۇنىڭدىن. ماۋۇ ئۆزلىرىنىڭ رەھمەتلىك بوۋىلىرىدىن قالغان ئۈزۈك. ھەقانداق ئېغى كۈنلىدىمۇ ئىشلەتمەي تەۋەرۈك ساقلاپ كەلدىلە. بۇنىمۇ ئوغلىمىزغا بەسلە. ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ روھى مەددەت بولاپ، دۆلىتى زىيادە بولىدا. كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىمماي كېتىپ قاسام، مېنى شۇنداق دېگەنتى دەپ قوشاققا قېتىپ بەسلە، ماقۇلما؟!

بوۋاينىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى. چېھرقۇتتەك يول-يول قورۇق يۈزىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. مومىيغا ياشنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن تەتۈر قارىۋېلىپ، ئەتەي ئاۋازىنى كەسكىن چىقىرىشقا، ئۆزىنىڭ يامان كۆڭلەرنى خىيالغا كەلتۈرمىگەنلىكنى مومىيغا ئىشەندۈرۈشكە، بۇيەردە — قايناق شەھەرنىڭ كىندىكىدە تاسادىپىي كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچار بوپقېلىشتىن قاتتىق ۋايىم يەۋاتقانلىقنى بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىۋاتاتتى.

— يوق گەپنى قىممىغىنا، — دېدى بوۋاي مومىينىڭ تۈگۈنچەك تۇتقان قولىنى چىڭ تۇتقانچە، — بولانى ئۆزەڭ بېرىسە. ھېلى تاڭ ئاتسا كېلىن بالا بىلەن كۆرۈشىمىز. شۇ چاغدا ئۆز قولاڭ بىلەن بېرىپ تازا بىز خوش قىۋەتكىن. باللا بىلەن كۆرەشكەندە بايامقىدەك تايىنى يوق گەپنى قىلىپ، ئۆلانىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىممىغىن جۇما. بومىسا كۆڭلى ئارامدا يۇرەلمەي چوڭ ئىشلىرىغا تەسىر يېتىدا.

بوۋاي ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن ئوغلىنىڭ قەيەردىلىكىنى، نېمىش قىلىۋاتقانلىقنى، قاچان كۆرۈشەلەيدىغانلىقنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمىدى. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، ئۈمىدى بارغانسېرى يىراقتىن لىپىلداپ كۆرۈنگەنىدەك بولدى. شۇنچە كۆپ ئادەم قاتارىدىن تېپىشالارمۇ؟كۆرۈشەلەرمۇ؟...

بوۋاي ئوغلىنى قەۋەتلا سېغىنىپ كەتتى. ئۆتكى ئۇلۇغ بوۋىسىنى خويما تاتقان، ئىككى مەڭزىدە قىزلارنىڭكىدەك زىنقى بار. بويىمۇ ئۇلۇغ بوۋىسىدەك قامەتلىك. رەھمەتلىك باقىھاجىم تېگىقچى ئۆزەڭگىگە پۇت ئالسا ھەرقانداق يوغان ئاتمۇ ئۆزىنى تۇتالماي بىلى ئېگىلىپ، تۇرغان جايىدا دۈپۈرلەپ چۆرگىلەپ كېتەتتى. ما ئوغلىمۇ بوۋىسىغا ئوخشاپ، نېمىتى ھېلىقى؟ كۆككىسىغا چىقسا بىرىەرلىرى غىچىرلاپ، لۆمۈلدەپ كېتەر ھەقچان!...

بوۋاي ئۆز ئۆيىدىن ئۆزى كۆلۈپ كەتتى. كۆز ئالدىغا ئوغلىنىڭ سىيماسى كېلىۋېلىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە ئوغلىغا مەستلىكى كېلىپ، ئېغىزىنى يېرىم ئاچقان پېتى مۆگدەپ قالدى. ئوغلىنىڭ بويىندا قىپقىزىل گالستۇكى بار ئىدى. قولىدا سائەت، كىيىملىرى ئالامەت سىپتا. قامىتى ئۇلۇغ بوۋىسىنى ئەينەن تارتقان...

تاڭ ئېتىپ ئەتراپقا يورۇق چۈشۈشكە باشلىدى. كوچا چىراغلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئۆچۈشكە باشلىدى. سەھەرنىڭ

نەشتەردەك كۈز شاملى يۈزگە ئاچچىق سانجىلاتتى. كوچىلاردا ئادەملەر كۆپىيىپ قالغان. ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ھەممىسى ئالدىراش. ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. بىر ـ بىرىگە سالام ـ سەھەت قىلىدىغان ئادەم يوق. يولدا كېتىۋاتقانلارغا قاراپ بوۋاينى غېرىبلىق باستى. تونۇش ئۆتكەن بىرەرسى ئۇچراپ قالسا دەپ كۆزى تېشىلگۈدەك شۇنچە سەگگىرىپ قارىدى. بىلەكلىرىدىكى سائەتلىرىگە قاراشقىنىچە بىرلىرى ئۇياققا، بىرلىرى بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چىرايى سوغۇق، جىددىي تۇس ئالغان ئادەملەر قاتارىدىن بوۋاينىڭ باغرىنى شۇرىدە ئېرىتكۈدەك بىر ئىنسان بولسا ـ ھە!

بوۋاينىڭ ئالدىدا ھەرخىل پۇت ـ بىرى دىقماق، بىرى كۆتمەك، بىرى ئىچ مايماق، بىرى تاش مايماق. بىرلىرى تاق ـ تاق ئاۋاز چىقارسا، بىرلىرى شىپ ـ شىپ... ھېچقايسىسى بوۋايغا ياقمايدۇ. ئوغلىنىڭ مېڭىشلىرىغا يەتمەيدۇ. ئوغلىنىڭ مېڭىشلىرى شۇنچە سالاپەتلىك. ئىچ مايماقمۇ ئەمەس، نورمال. نۇقسان ـ ئېۋەنسىزلىكى ئۇلۇغ بوۋىسىنى...

ـ نېمە بولاۋاتىسە؟

بوۋاي خىيالدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. چۈنكى موماي ئۇنىڭ يوتىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى. چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. موماي مەيدىسى غىژىلداپ، ئىسقىرتىپ نەپەس ئالغىنىچە بېشىنى كۆتۈردى. كىر ياغلىقى بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. بوۋاي ئۇنىڭ ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ سىلىپ قويماقچى بولىۋىدى، قولى كالۋالىشىپ ياخشى سالالمىدى. موماي قولىدا چىڭ سىقىمدىۋالغان تۈگەنچەكنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن بوۋاينىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ قۇچاقلىدى. قۇچاقلىدى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. قوللار جانسىز، تىترەپ ئاران يىغىلىپ، ئاران سوزۇلىدۇ.

ـ سېنى دوختۇرغا ئېپچىرەي.

بوۋاي تۈگۈنچەكنى قوينىغا سالدى. ئاندىن مومىينى يۆلەپ ئۆرە قىلدى.

ـ ھاپاش بوله، ئاستا.

موماي تىترەپ تۇرغان ئورۇق قوللىرى بىلەن بوۋايغا ئېسىلدى. لېكىن چىڭ تۇتالمايتتى. بوۋاي مومىينى ھاپاش قىلىپ پەشتاقتىن پەسكە چۈشتى. قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. يول بويىدا ئۇزۇن ساپلىق سۈپۈرگە بىلەن يول سۈپۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ياش ئايالغا يېقىن بېرىپ سورىدى:

ـ ئۇكام، دوختۇرخانا قاياقتىدۇ؟

ئايال سۈپۈرگىگە يۆلىنىپ ئۆرە بولدى. بوۋايغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئاندىن جاۋاب بەردى.

ـ مانداغ تۇرۇپ بارامايلا. تاكسى توسسىلا بەش كويغا ئاپىرىپ قويىدا. يېزىدىن كەلگەن ئوخشايلا ـ ھە؟

قارىمامدىغان! باش ئايلىنىپ قالغان چاغدا ئەقىل ـ ئىدراكمۇ گەجگىگە ئۆتۈپ قالىدىكەن. بوۋاي بايىلا شۇنداق قىلمىغىنىغا ئۆكۈنۈپ، مومايىنى ئاستا يەرگە دەسسەتكەنچە ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان ماشىنىلارغا قاراپ قولىنى كۆتۈردى. يېشىل رەڭلىك سانتانا ئەگىپ كېلىپ بوۋاينىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى.

ـ بالام، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا، ـ دېدى بوۋاي.

ـ چىقسىلا، ئاپىرىپ قوياي.

بوۋاي مومايىنى ئاۋايلاپ يۆلەشتۈرۈپ ئارقا ئورۇنغا چىقاردى. ئاندىن ئۆزىمۇ پىكاپنىڭ پاكار ئىشىكىگە نەچچىنى ئۇسۇپ يۈرۈپ مومايىنىڭ يېنىغا چىقتى. پىكاپ يۈرۈپ كەتتى.

## 12

موماي ساقىيالمىدى.

موماي جان ئۈزگەن كۈنى ئوغلى ئۆلۈمگە ئۆلگۈرۈپ ئۆزى يالغۇز كەلدى. دادىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ ھازا ئاچقاندا بوۋاي ئۆزىنىڭ مومايىنى دوختۇرغا ئاپارغىچە تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى، ئوغلىنى تاپالماي سوغۇق چىنە خىش پەشتاقتا بىر كۈن مۈگدەپ تۈنەپ چىققانلىقىنى، خام سېمىز، پالكۆز رېستوران خوجايىنىدىن دەشنام ئاڭلاپ خورلۇق ھېس قىلغانلىقىنى، دوختۇرخانىدا كىرىدىغان ـ چىقىدىغان تۆشۈكنى ئاڭقىرالماي خامان چۆرگىلەپ قىينالغانلىقىنى، بىر ـ بىرىدىن ئۇششاق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش ئۈچۈن بىر كىرگەن ئىشخانىغا ئۇقۇشماي نەچچە قېتىم كىرگەنلىكىنى، چۇۋۇق سېۋەتتەك چېچى بار بىر خانىمنىڭ (بوۋاي يالاڭۋاش ئايالارنى كۆرسە خانىم دەپ بىلەتتى) ئۇنىڭ ساۋاتسىز، مەتۇلۇقىنى مەسخىرە قىلىپ پىخىلداپ كۈلگەنلىكىنى، تەكشۈرۈشكە پۇل تاپالماي دوختۇرخانا كاسسىرىغا يالۋۇرغانلىقىنى، ھەتتا ھېلىقى تۈگۈنچەكنى يېشىپ كاسسىرنىڭ ئالدىغا قويۇپ سارغايغانلىقىنى، ئاخىرى ئامال بولمىغاندا بىر يۇرتلۇق تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ شۇنىڭدىن پۇل سورىغانلىقىنى، مومايىنىڭ ياتاققا ئېلىنىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ياخشى بولالماي ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانلىقىنى ... ھەممىنى ئۇنتۇپ ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىدى. نەچچە كۈندىن بېرى جىيەكلىرى قىزىرىپ قۇرۇپ كەتكەن كۆزلىرى قايتىدىن نەملىشىپ، ياشلىرى تارام ـ تارام تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

تاغدەك ئىشىنىپ بارغان ئوغلىنى تاپالماي، غېرىبسىنىپ تەمترەپ يۈرگىنىنى قوشاقا قاتمىدى بوۋاي. پەقەت كەپتەر باچكىسىدەك بۇقۇلداپ ئۇزاققىچە ئۈنسىز يىغلىدى. ئۇ ئىشلارنى ئىنسانغا تىنغىلى بولاتتىمۇ؟ ئەمچەك بېرىپ باققان مېھرىبان ئانىسى ئاغرىپ ئالدىغا بارغاندا كۆرۈشەلمىگەنلىكىنى، تېپىشالمىغانلىقىنى، ئۇچرىشالمىغانلىقىنى مەھەللىدىكىلەر بىلسە ئەيىب ئەتمەسمۇ؟! ئىست، تاپقان پۇلىغا ۋاي، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادارلىق قىلالمىغان كۆرەڭ بايۋەچچە دەپ مەسخىرە قىلىشمامدۇ؟ باقىۋاجىم ئۇلۇغ بوۋىسىنى دورىيالماپتۇ، دەپ ئەپسۇسلانمامدۇ؟ ياق! ئۇ دېگەن باقىۋاجىم تېگىنچىنىڭ چەۋرىسى. ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ شەنىگە داغ يەتكۈزسە بوۋىسىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. بوۋىلارنىڭ روھىنى قورۇندۇرغان كىشى

راۋاج تاپالمايدۇ. ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ.

يامەتجان ھەقىقەتەنمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئۇلۇغ بوۋىسىنى تارتقان يىگىت بوپتۇ. بوۋاي بۇنى مومايىنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ بارغاندا ھېس قىلدى. ئوغلى جىنازىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ كېتىۋاتقاندا، مېيىتنى شامگۆرگە ئەكىرگىچە، دۇئا- تىلاۋەت قىلىپ قايتقۇچە، تارغىنە ھويلىدا كەلگەن - كەتكەن پەتىچىلەرنى ئۇزاتقىچە توختىماي كېلىپ تۇرغان تېلېفون ئۇنىڭ ئالدىراش ئادەم ئىكەنلىكىنى، چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىۋاتقان بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. تۇرۇپلا بوۋاي ئىلگىرى ئوغلىدىن ئاغرىنغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. بۇنداق ئالدىراش ئادەملەردىن ئاغرىنىشقا بولامدۇ؟ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم دېگەن ئەلۋەتتە ئالدىراش يۈرىدۇ. بۇنچىلىك ئىشنى چۈشەنمىسە قانداق بولىدۇ؟ ئاۋۇ قوشنا مەھەللىدىكى ھامت چوناق دېگەننى ھەممە ئادەم چوڭ خوجايىن ، ئالتە شەھەرنىڭ ھەممىسىدە ئاشخانا- دۇكانلىرى بارمىش، قوڭغۇز پىكاپى بىلەن چېپىپ يۈرۈپ ھەممىگە يېتىشەلمەي قاپتۇدەك دېيىشمەمدىمۇ؟ قولىدىن چوڭ- چوڭ ئىشلار كېلىدىغان ئادەم ئاشۇنداق ئالدىراش بولماي بىكار تەلەپ، لايغەزەل بولسا بولامتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا رەھمەتلىك بوۋىسى باقىھاجىم تېكىقچىمۇ ھەرقايسى يۇرتتىكى خانىقالىرىغا ئاتلىق چېپىپ يۈرۈپ كىشىلەرنىڭ سۇنۇقىنى تاڭغاندا ئاشۇنداق يېتىشەلمەي قالاتتى. بوپتۇ! بوۋىسىنى دورىيالىسا مەيلى. بوۋىسىنىڭ ئىزىنى باسالىسا مەيلى. بوۋىسىنىڭ روھىنى خۇش قىلالىسا مەيلى. نېمىلا بولمىسۇن ئوغلى ئانىسىنىڭ نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ كەلدى. ناماز كۈنى بولسىمۇ ئۆزى ئۆچۈرۈم بولغان مەھەللىدە ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيدە تۇرۇپ بېرىشكە يارىدى. بېلىگە ئاق باغلاپ، ئۇزاق يىل كۆرۈشمىگەن جامائەت بىلەن كۆرۈشۈپ ئوغۇللۇقنى يەتكۈزدى. ئاۋۇ ھامت چوناق ھازىرغىچە خەقنىڭ ئاغزىدىكى مىش- مىشتىن بۆلەك ھېچكىمگە قارىسىنى كۆرسەتكىنى يوق. ھەتتا تۇل دادىسى قازا قىلغاندا مەھەللە جامائىتى يۇيۇپ- تاراپ يەرلىكىدە قويدى. ھامت چوناق كەلگەن يوق. جامائەتنىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ «دادام قايداغراق كىشى بولغىيتتى» دەپ سورايدىغانغا يارىمىدى بايقۇش. شۇنىڭدىن كېيىن خەقلەر ھامت چوناقنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشتى. «تاپقان پۇلۇڭ قۇرۇپ كەتسۇن! سېنى ئالەمگە ئاپىرىدە قىلغان ئۇلۇغ ئادىمىڭ، مەنىۋى تۈۋرۈكۈڭ قايتماس سەپەرگە ئاتلانغاندا باشنى ئېگىپ مۇسىبەت تۇتالمىغان، ياخشى گېپىنى قىلىپ ئىككى ئېغىز قوشاققا قاتالمىغان، جىنازىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ ماڭالمىغان، ئوغۇللۇق پەرزىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يەتكۈزۈپ، تىرىكلىكتىكى سەھۋەن- نۇقسانلىرى ئۈچۈن جامائەتتىن رازىلىق ئالالمىغان، ئالدىم- بەردىمگە مەن ئىگە دەپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالمىغان سەندەك ئوغۇلنى» دەپ ئەيىبلىشىپ شۇنداق قىلىشتى ئۇلار. ئۇنىڭغا قارىغاندا بوۋاي ئۆز ئوغلىدىن خېلىلا رازى بوپقالدى. ئانىسىنىڭ سوغۇق يۈزىنى بولسىمۇ كۆرەلىدى ئوغلى. جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ماڭالىدى ئوغلى. جامائەتكە يۈزلىنىپ، قولىنى باغلاپ تۇرۇپ تىترەك ئاۋازدا «ئانام قايداغراق كىشى ئىدى» دەپ سورىيالىدى ئوغلى. بىر ئوچۇم ئىخلاس تۇپىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئانىسىنىڭ تېنىگە سەپەلىدى ئوغلى. بوۋاي بۇنىڭدىن ئالەمچە سۆيۈندى. ئوغلىغا تېخىمۇ مەستلىكى كەلدى. ھەئە، بۇمۇ بىر ۋاپادارلىق! ئوغلىنى ئىزدىگەندىكى، تاپالماي جەۋر تارتقاندىكى ئاغرىنىش- قىيداشلىرى پۈتۈنلەي يوقىدى. ئەپۇچانلىق ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. ئاتا- ئانىنىڭ قەلبى ئاشۇنداق ئەزىم دەريا! پەرزەنت كۆڭلىدىكى تاپالماي قالسىمۇ، خاپا قىلىپ جۇدەتسىمۇ كىچىك بالىدەك بىردەمدىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. خاپىلىقنىڭ ئورنىنى مېھر- مۇھەببەت، كەچۈرۈم ئىگىلەيدۇ. ئالەمنىڭ كەڭرىلىكىنى ئىزدىسەڭ ئاتا- ئانىنىڭ قەلبىدىن ئىزدە. ئالەمچە سۆيگۈ نەدە دېسە ئاتا- ئانىنىڭ مېھرى- مۇھەببىتىدىن ئىزدە!...

بوۋاي ئوغلىنى تۇتۇپ قالاي دېسىمۇ تۇتۇپ قالالمىدى. ئۈزۈلدۈرمەي كېلىۋاتقان تېلېفونلار ئوغلىنى نېمىلەرگىدۇر ئەنسىرىتىپ، تىنچسىزلاندۇرغانلىقتىن بوۋاي ئوغلىغا قارىيالمىدى. مەيلى، بارسا بارسۇن. ئاۋۇ يەردە چوڭ ئىشلىرى بار. ئەسلىدىغۇ ئانىسىنىڭ مېيىتى يۇيۇلغان ئۆيدە چىراغ يورۇتۇپ بىر كېچە ئىخلاس ئوقۇپ ئولتۇرۇش پەرزەنتنىڭ بۇرچى ئىدى. ئەمما بۇنىڭغىمۇ شارائىت بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بوۋاي شۇلارنى ئويلىغاچ ھەدەپ سائەتكە قاراۋاتقان ئوغلىنى يېنىغا چاقىردى:

— بالام، شۇنداغ قىلىپ بۈگۈن تۇرامامسە؟

— خاپىمىغىن دادا. بۈگۈن كەتمىسەم بولمايدا. پەردە تولا تېلېفون قىيپىتىۋاتىدا. شىركەتتە ئىشلا ئالدىراش. يېقىندا قوشنا شەھەرگە تارماق شىركەت قۇرماقچىدۇق. تەييارلىق خىزمەتلە ئالدىرىتىپ كېتىۋاتىدۇ دېگىنە.

— بالام، سېنىڭ ئۇ شىركەت دېگىنىڭ ساۋاپلىق ئىش قىلىدىغان يەرمۇ- يا...؟

ئوغلى بوۋاينىڭ ساددا سوئالىدىن كۈلۈپ كەتتى:

— ساۋاپلىق دېمەيدا، دادا، جەمئىيەتكە ھەسسە قوشىدىغان دەيدا ھازىر.

— ھەممىسى بىر گەپقۇ، — بوۋاي بوش غۇدۇڭشىپ قويدى، — رەھمەتلىك ئۇلۇغ بوۋاڭ باقىھاجىم تېكىقچىمۇ...

— دادا، مەن ماڭايمىكى، — سۆزىنى بۆلدى ئوغلى.

— مەيلى بالام، مەيلى. ماڭغىن. ئاناڭنىڭ يەتتە نەزىرىسىدە كېلىپ تۇمساڭ بولمايدا. ئاناڭنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدا. چوكىنىڭنى ئاماي كېپسە. ئەسلى بۈگۈن قىز بالىنىڭ ئۇنىدا قارا كىيىپ ھازىدا بولاپ تۇرىدىغان يەدىتى...

— پەردىگە خاپىما، دادا. شىركەتتە ئىككىمىزنىڭ بىرسىمىز يوق بولاپقالساق بومايدا. توغرا چۈشەن.

— ھەممە ئىشنى توغرا چۈشۈنۈپلا يوقىتىۋەگىلى بومايدا، بالام. ھەقانداق ئىش يولى بىلەن ، يوسۇنى بىلەن. ھە راس، بالام، ماۋۇ رەھمەتلىك ئاناڭنىڭ تەۋەرۈكى. كۆزىنىڭ ئۈچۈقىدا

ئاتايىن ۋەسىيەت قىلىپ كېلىن بالا ئىككىلىگە قالدۇغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ ئېسىل تەۋەرۈكمۇ با. ئۇنىڭغا ھەر بىر قايىلساڭ بوۋاڭنىڭ روھى مەدەت بولىدا. ئامىن...

بوۋاي تۇگەنچەكنى ئوغلىغا تۇتقۇزۇپ ئۇزاقتىن ئۇزاق دۇئا قىلدى. ئوغلى دۇئاغا ئەگەشتى. ئوزايىدىن ئالدىراپ تۇرالمايۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى...

13

يېقىندىن بېرى بوۋاي ئادەم بار يەرگىمۇ كۆپ چىقمايدىغان بوپقالدى. مومىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقى بىراقلا بەلدىن ئالدىمۇ، بۇرۇن خېلى تىمەن، يوغان ئۆتۈكنى گۇرسىلدىتىپ مەزمۇت ماڭىدىغان ئادەم ئەمدى بىراقلا مومىيغا ئوخشاش دوڭغىيىپ قالدى. ئۆتۈكى پۇتىغا ئېغىر كېلىدىغان، ماڭسا بىرسى پۇتىغا ئېسىلىۋالغاندەك ھېس قىلىپ ئۇزەمەي ئۇھ تارتىدىغان بوپقالدى.

«ئاخىرەتنىڭ ئالامىتى، ــ دەپ ئويلايتتى بوۋاي ئۆزىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، ــ مومايىنىڭ روھى مېنى چاقىرىۋاتىدۇ. قارا يەرنىڭ ئاستىدا غېرىبسىنىپ ياتقاندۇ بىچارە! ئاز قالدى، مەنمۇ بارىمەن بىر كۈنى...»

بوۋاي ئۆلۈمنى ئويلىسا كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولاتتى. ئۆلۈم دېگەن بەرىبىر باشتا بار. لېكىن بوۋايىنىڭ كۆڭلىنىڭ غەشلىكى باشقا ئىدى ــ ئوغلى مومايىنىڭ نەزىرسىدە كېلەلمىدى. چوڭ ئىشلىرى تەسىرگە ئۇچراپ قالارمىش. كېيىن ئايرىم كېلىپ ھال-ئەھۋال سوراپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېتەرمىش. نەزىرگە كېتەرلىك ماي، گۆش، ئۇن-گۈرۈچ ھەممىنى ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى دەمدۇ، ئورۇنباسارى دەمدۇ، ئېتى ئابدۇسالام دەيدىغان بىر بالا ئەكېلىپ تاشلاپ بېرىپ كەتتى. «دادام ئۆزىنى تولا غەمگە ئالدۇرۇپ يۈرمىسۇن، كۆڭلىنى ئازادە تۇتۇپ يۈرسۇن» دەپ گەپ ئەۋەتىپتۇ. ھەرۋاق نامىزىدا ئوغلىنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپرەك دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئۇنۇتماسلىقنى ھەم دەپتۇ ئوغلى. «ئايلىنىپ كېتەي قوزام، دۇئا قىلماي تۇرالامدىمە يىگىت بالام. نېمە تاپساڭ سەن تاپ، نېمە كۆسەڭ سەن كۆ، ئىلاھىم ئۇلۇغ بوۋاڭدەك دۆلەتمەن بولاپ، كۆپنىڭ ساۋابىنى ئالىدىغان مەرت ئوغامبالا بول. خۇدايىم تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن...» دەپ مىشىلداپ كەتتى بوۋاي شۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ. بوۋاي ھازىر يىغلاڭغۇ بوپقالغاندى. ئۆزى خىيال سۈرۈۋېتىپمۇ مىشىلداپ پوتلا-ماڭقىسى چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ بىچارىنىڭ. يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆزى يىغلاپ ئۆزى پەس بولىدۇ. ئۆزى بىلەن ئۆزى مۇڭدىشىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى بەزلەيدۇ. قارىغاندا ھەق سەپەر ئۇنىڭغىمۇ يېقىنلاپ كەلگەن چېغى.

ئۆلۈم يەنىلا ئۆلۈم. بوۋاي ئۆلۈمنى خىيالىغا كەلتۈرسە ئوغلى تەڭلا خىيالىغا كېلىۋالىدۇ. مومايىنىڭ نەزىرىسىدە ئوغلى كەلمىۋىدى، بوۋاي يۇرت-جامائەتنىڭ ئالدىدا بەكلا سۇندى. شۇمۇ ياخشى تەربىيە سىڭدۈرگەن بالىسى؟ گۆش-ماي، ئۇن-گۈرۈچ تەمە قىلامدۇ بوۋاي؟ نەزىر دېگەن ئات-كالا ئۆلتۈرۈپ بەرسىمۇ نەزىر، بىر قازان ئۇماچ ئەتسىمۇ خاسىيىتى ئوخشاشلا

چوڭ. ئۆزى چوڭ بولغان كونا قەدەمجايدا يۇرت-مەھەللە بىلەن ھال-مۇڭ بولۇشۇپ، جامائەتنىڭ قولىغا ئۆز قولى بىلەن سۇ قۇيۇپ، چاي سۇنۇپ، داستىخان سېلىپ دۇئاسىنى ئالسا شۇنىڭ خاسىيىتىگە نېمە يەتسۇن! نەزىر دېگەن گۆش-پولۇ يەيدىغان نەپسى مەرىكە ئەمەسقۇ!

بوۋاي ئۆزىنىڭ ئۆتكەندە دوختۇرغا تۆلىگىلى پۇلى يوق سارغىيىپ يۈرگىنىنى ۋە بىر يۇرتلۇق تونۇشىدىن قەرز ئېلىپ مومايىنى دوختۇرغا ئەكىرگىنىنى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئەگەر بۇ ئىشلار ئاشكارا بوپكەتسە ئوغلى ھامىت چوناقتا ئوخشاش يامان ئاتاقتا، جامائەتنىڭ قارغىشىغا قالسا قانداق بولىدۇ؟ بوۋىسىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالامدۇ؟ بوۋىسىنىڭ روھىي مەددىتىدىن، جامائەتنىڭ دۇئاسىدىن ئايرىلىپ قالسا ئىشلىرى ئىلگىرى باسامدۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلىسا بوۋايىنىڭ يۈرىكى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولاتتى. ئوغلى ئەزەلدىن ئاتا-ئانىغا ۋاپادار، مېھرىبان، بوۋىلارنىڭ، ئەجدادلارنىڭ ئېتىقاد-ئىمانىغا سادىق ياخشى ئوغۇل دەپ ئىشىنەتتى ۋە ئۆزىنى شۇنداق ئىشەندۈرەتتى. باشقىلارمۇ شۇنداق ئىشەنسىكەن دەپ ئۈمىد قىلاتتى. ئەل-يۇرتنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالغان ئادەمنىڭ يۈز-ئابرۇيى بولامدۇ؟ ئەل-جامائەتنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئۆتە سەت ئىش بولامدۇ جاھاندا؟

بوۋاي ئەمدى ئولتۇرسا-قوپسا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن قالدى. ناۋادا ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بوپقېلىپ ئۆلۈپ-تارتىپ قالسام يالغۇز ئۆيدە ئېڭىكىم چۈشۈپ قالارمۇ؟ كۆز يۇمغىنىمنى خەقلەر بىلمەي قېلىپ، ئۆلۈكۈم بىر قانچە كۈن قونۇپ قالامۇ؟ ئۆلگەن ئادەمنى بەدەن سوۋۇماستا رۇستلاپ ياتقۇزمىسا بەدەن قېتىۋالىدۇ. رۇست ياتقۇزۇلمىغان مېيىتنى پاكىز يۇيۇپ-تارىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر يېنىمدا ئادەم يوق تۇيۇقسىز كېتىپ قالسام چېكەمنى ئۇۋۇلاپ، كۆزۈمنى يۇمدۇرۇشقا بىر ئادەم بولمىسا بولمايدۇ. پاكىز ئىمانىم بىلەن ئاللانىڭ دەرگاھىغا بېرىشقا نېسىپ قىلارمۇ؟ ئەگەر تۇيۇقسىز كېتىپ قالسام ئېڭىكىمنى قوشۇپ، ھازا ئاچىدىغان ئوغلۇم يېنىمدا ھازىر بولالارمۇ؟ ياكى ئالدىراش ئىشلارنىڭ ئايىغى چىقماي ئەتىسى نامىزىمغا ئۈلگۈرۈپ كېلەرمۇ؟ ياق-ياق! ئىمانى ئەركەك ياخشى ئوغۇل دادىسى ئۆلگەندە يېنىدا تۇرۇشى، ئۆز قولى بىلەن ئېڭىكىنى قوشۇپ، چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ كۆزىنى يۇمدۇرۇشى، ئۆز ئاغزى بىلەن رازىلىق ئېلىشى، جامائەتنىڭ ئالدىدا مېيىت ئىگىسى بولۇپ قول باغلاپ سۈكۈتتە تۇرۇشى، دادىسىنىڭ قانداقراق ئادەم ئىكەنلىكىنى سورىشى، ئۆلگۈچىنىڭ نامۇ-نىشانىسىز ئەمەسلىكىنى باشقىلارغا ھېس قىلدۇرۇپ، ئوغۇللۇق پەرزىنى ئادا قىلىشى، ئۆلگە-ئۆرنەك ئېلىشى ۋە قالدۇرۇشى كېرەك. ئاتىسى ئۆلسە يېنىدا بولالمىغان، ئەتىسى پەتىسىگە ئۈلگۈرۈپ كەلگەن قايسى ئاتاڭنىڭ يوسۇنى!؟... يورۇق دۇنياغا سېنى ئاپىرىدە قىلغان ئىنسان ئەمەسمۇ ئۇ ئاتاڭ! ئىككىنچى قايتماس سەپەرگە ئاتلانغان مېيىتنىڭ يېنىدا بولالمىغان ئوغۇلنى ئوغۇل دېگىلى

بولامدۇ؟ يۇرت-ۋاقا تۆكۈرمەمدۇ ئۇنداق ئوغۇلنىڭ شەنىگە. ئوغۇلنىڭ شەنىگە تۆكۈردى دېگەن گەپ — ئاتىنىڭ شەنىگە تۆكۈردى دېگەن گەپ. ئوغۇلنىڭ شەنىگە تۆكۈردى دېگەن گەپ — ئەجدادلارنىڭ شەنىگە تۆكۈردى دېگەن گەپ. ئوغۇلنىڭ شەنىگە تۆكۈردى دېگەن گەپ — قارغىشقا كەتتى دېگەن گەپ. قارغىشقا كەتسە قانداق بولىدۇ؟ ئىككىلا دۇنيالىق ئىشلىرى ياخشى بولمايدۇ. ئىشلىرى ئىلگىرى باسمايدۇ. قارغىش ئالغان ئادەم ھەممىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدۇ. ھەممە كىشى لەنەت ئوقۇيدىغان بولىدۇ. ئاھ، تەڭرىم، قارغىشتىن، يامان سۆز — يامان كۆزدىن نېرى قىلغىن. بەندەڭ چىرايلىق كېلىپ، چىرايلىق كەتسۇن!...

بوۋاي تولا ئويلايتتى. ئويلىغانسېرى كاللىسى گادىرماچ بولاتتى. كۆز ئالدىدا چوڭ ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرۈپ ئۆلۈمدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقان ئامراق ئوغلى، ئادەمسىز — جىت كۆمۈلگەن دەرۋازا[1] ئالدىدا غېرىبسىنىپ توختىتىلغان ھېلىقى قارا رەڭلىك پىكاپ، بېشىنى سىلىپ غەم بىلەن تۇرغان ئوغۇل، ئۆي-ئۆيدىن بېشىنى چىقىرىپ سوغۇق نەزەر بىلەن ئوغلىغا قاراۋاتقان جامائەت، جامائەتنىڭ نەزىرىدە بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان بىر چۈپرەندە گەۋدە... ياق! چۈپرەندە ئەمەس! ئۇ دېگەن رەھمەتلىك باقىھاجىم تېگىمقىچىنىڭ گەۋدىسىنى تارتقان قامەتلىك گەۋدە تۇرسا... چەۋرىسىنىڭ قامىتى چۈپرەندە بوپقالسا رەھمەتلىك بوۋىسىنىڭ روھى قانداق بوپكېتەر!؟...

بوۋاي ئۇنىڭ نېرىسىنى ئويلىيالمىدى. بىردىنلا ئۆزىگە كېلىپ كەسكىنلەشتى. كۆزلىرىدە بىر ئاجايىپ بىر خىل نۇر يالت قىلىپ ئەكس ئەتتى. ئۇزۇن، قاردەك ئاق قاشلىرىنى ھىمىرىپ بىر قولىنى بېلىگە ئارتتى-دە، ئورنىدىن دەس تۇردى. يانچۇقلىرىنى كولاپ يۈرۈپ ئۆتكەندە ئوغلى كەلگەندە يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن باغاقچىنى قولىغا ئالدى. باغاقچىدا تېلېفون نومۇرى بار ئىدى. بوۋاي يېنىك تىترەپ تۇرغان قولىدا باغاقچىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئىشىكتىن چىقتى-دە، مەھەللىنىڭ بېشىغا جايلاشقان چۇۋۇق بوتكىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 14

بوۋاي بۈگۈن قەۋەتلا خۇشھال بوپكەتتى ھەم كۆڭلى يېرىم بولدى. خۇشھال بولغىنى — ئوغلى ئۆيىگە ئايالىنى ئېپكەلگەندى. بوۋاي قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي كەتتى. ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىنى داستىخانغا تىزىپ پايپېتەك بوپكەتتى. شەھەرلىكلەر گۆشنىڭ مېيىنى يېمەيدۇ دەپ ئاڭلىغان. قاسساپنىڭ باھا قوشۇپ قىممەت سېتىشلىرىغا ماقۇل بولۇپ مايسىز گۆشتىن ئەكېلىپ پىشۇردى. ئوغلى بىلەن كېلىننى ھەدىسە كۆپرەك يېيىشكە ئۈندەيتتى. ئوغلىغا قارىغانسېرى مەستلىكى كېلىپ تويمايتتى. دۆلەت يارىشىپ بارغانسېرى سەمرىپ، ئاقىرىپ كېتىپتۇ. تېرىلىرى سۈپسۈزۈك، بۇرنى چىمدىپ قويغاندەك. چاچلىرى قاپقارا تال-تال بولۇپ پارقىراپ تۇرىدۇ. كىيگەن كىيىملىرى شۇنچىلىك ياراشقان. كېلىنچۇ تېخى، بەدىنىگە لىققىدە كەلگەن كىيىملىرى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ، ئوغلىنىڭ يېنىدا يېڭى ئۈزۈلگەن قىزىلگۈلدەك ئولتۇرىدۇ. خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ شەھەرلىك باشقا تەڭتۇشلىرىدەك سەتلىشىپ چاچلىرىنى كەستۇرۇۋەتمەپتۇ. ھەي ئىست! مۇشۇ چاغدا مومىيى رەھمەتلىك ھايات بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى! مۇشۇ قاپقارا ئۇزۇن چاچلارنى قىرىق تال ئۆرۈپ قويۇشنى قانچە قېتىم يادلاپ يۈرمىدى رەھمەتلىك. پېشانىگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا، تەڭرىنىڭ پۈتكىنىگە كۆنمەي ئامال يوق.

بوۋاينىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولغىنى — ئوغلى بۇنىڭدىن كېيىن پات-پات كېلەلمەسمىش، ئۇ ھازىر خېلى نامى بار بىر شىركەتكە خوجايىنمىش. بۇنى ھازىرقىلارنىڭ تىلى بويىچە لېدىر دەمدۇ، بىرنېمە دەپ ئاتايمىش. ئۇنداق دېگىنى ئۆزىدىن كىچىك نەچچە تارماق شىركەتنىڭ دىرېكتورى دەمدۇ، ئەيتاۋۇر باشلىقلىرىنى باشقۇرارمىش. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن پات-پات كېلىپ تۇرۇشقا پەقەتلا ۋاقىت چىقمىغۇدەك. بۇ قېتىم دادىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەر-خوتۇن ئاران تەستە ۋاقىت چىقىرىپ كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن پات-پات كېلەلمىسە خاپا بولماسلىقىغا چۈشەندۈرگىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ئوغۇل. ئۆتكەندە نەزىرگە نەرسە-كېرەك ئەكېلىپ بەرگەن ئابدۇسالام دېگەن بالا ھازىر شىركەتكە قاراپ قاپتۇدەك. ئىشەنچلىك ئادەملەر بولمىسا شىركەتنىڭ ئىشلىرى قالايمىقان بوپكېتەرمىش. بوۋاي بۇلارنى كېلىنىنىڭ ھەر چاي قاينامدا بىر قېتىم ھېلىقى ئابدۇسالامغا تېلېفون قىلىپ، بىر ئىشلارنى قايتا-قايتا سوراپ، جېكىلەپ تۇرغانلىقىدىن ھېس قىلىپ ئولتۇردى.

بوۋاي ئوغلىنىڭ ئالدىراپلا يەنە كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تېپىرلاپ قالدى. ھېچبولمىسا بىر كېچە قونۇپ، مۇڭدىشىپ كەتسە بولمامدۇ؟ ئۇزاق بوپتۇ قېنىپ مۇڭداشمىغىلى. بوۋاي ئوغلىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلغانچە يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— جېنىم بالام، ئاپپاق بالام، بۈگۈن سەندىن ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈنۈپ يالۋۇرغىنىم بوپقالسۇن، يېنىمدا بىر كېچە قونۇپ كەتكىن. ئەر-ئايال ئىككىڭلارنى كۆرەپ، رەھمەتلىك ئاناڭنىڭ روھىمۇ ئۆيىنى چۆگىلەۋاتقاندۇ مۇشۇ تاپتا. ساڭا جىق گېپىم باتتى، بالام، بۈگۈن ياندىشىپ يېتىپ دېۋالاي. خۇدايىم ئىشلىرىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلا. ساڭا جىق دۇئا قىلاي، بالام، بۈگۈن بىر كېچە يېنىمدا قونغىن. ئاناڭنىڭ ھىدى سىڭگەن ئۆي ئەمەسمۇ...

بوۋاي سۆزلەۋېتىپ يېرىلغان قۇرغاق يۈزىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئوغۇلنىڭ سەل-پەل ئىچى ئاغرىدى بولغاي، ئىككىلىنىپرەك يېنىدا ئۆرە تۇرۇۋالغان ئايالىغا قارىدى. ئايالى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— مەيلى دەڭا يامەتجان. بۇدا كەتسەڭ قاچان كەلگۈچە... دەۋاتىدىغۇ. مەن ئابدۇسالامغا تېلېفون قىلىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي.

كېلىن يەنە تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ نومۇر باسقانچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئوغۇل نەچچە قات سېلىنغان يۇمشاق كۆرپىگە

يانپاشلىدى.

ــ يالغۇزچىلىق تاتىپ قىژلىنىپ قالمىغانسەـ هە، دادا؟

ــ ياق، بالام، ــ بوۋاينىڭ يۈرىكى شۇرىردە قىلىپ ئوغلىغا مېھرى بىلەن قارىدى، ــ سېنىڭ مۇشۇنچىلىك ئەۋال سوراپ تۇغىنىڭدا نېمىدىن قىژنىلاي، بالام. رەھمەتلىك ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ، ئاناڭنىڭ روھى ساڭا مەدەت بەسۇن، ئالتۇن بالام!

ــ ئەتە قايتاشىمدا يېزىدىكى ياشانغانلا ساناتورىيىسىدىكىلەرگە دەپ قويىمەن. سېنى ئېككىتىپ قارايدا. مەن ئۇلاغا ياردەم قىپقويىسامىلا بولىدا. بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىڭدىن غەم يېمە، دادا.

ــ ياق ـ ياق، بالام، هاجىتى يوق. مەن هازىر ياخشى تۇرۇۋاتىمە.

ــ بۇ قېتىم ساڭا كۆپرەك پۇل ـ پىچەك تاشلاپ كېتىمە. گېلىڭغا ياخشىراق يەپ، ئۆزۈڭنى ئاسرا، دادا. مەن ئەمدى كېلەممەسلىكىم مۇمكىن. بەك تولا ئويلىماي غەمسىز ياشىغىن.

ــ رەخمەت، بالام، خۇدايىم يولاڭنى كەڭ قىسۇن، ــ بوۋاي مىشلداپ كەتتى. ئوغلى يانپاشلىغان جايىدىن ئۆرە بولدى:

ــ بولدى، يېغلىمىغىنا دادا. پەرىدە كىرىۋاتىدا، سەت تۇمسۇن.

بوۋاي ئالدىراپ ـ تىنەپ كىرلەشكەن يەڭلىرى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى سۈرتكەنچە ئورنىدىن تۇردى:

ــ كەسلە خېنىم بالام، يۇقىرى ئۆتەپ كۆپىگە كەسلە.

ــ بولدى، مەن ئايرىم ئۆيدە ئازراق ئارام ئېلىۋالاي، ئېككىڭلا پاراڭلىشىڭلا.

ــ مەيلى، بالام، ئارام ئاسلا. مەن سىلىگە تۆشەك راسلاپ بېرەي.

بوۋاي ساقاللىرىنى سۆرەپ يۈرۈپ مومىيى رەھمەتلىك هاياتلىقىدا دۇمچىيىپ ئولتۇرۇپ هارماي تەييارلىغان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى جۈپ ـ جۈپلەپ يان ئۆيگە توشۇپ، كېلىنىگە تۆشەك راستلاپ بەردى.

ــ ئەمسە تاتىنماي ئارام ئاسىلا، قىزىم، خۇدايىمغا ئامانەت.

كېلىن يۇمشاق تۆشەككە گۈپلا يانپاشلىدى. بوۋاي ئوغلىنىڭ يېنىغا يېنىپ چىقتى.

## 15

چىراغ يورۇقىدا بوۋاي ئوغلىغا تويماي قارايتتى. كۆپرەك مۇڭدىشىۋالسام دەپ ئويلىۋىدى، ئۇنداق قىلالمىدى. بىچارە ئوغلى خىزمەت بېسىمى ئېغىر بولغاچقا بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يېتىپ غەرق ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن بوۋاي دەيدىغانلىرىنى توختاتمىدى. ئۇخلىسا ئۇخلىۋالسۇن، يۈرىكى ئاڭلايدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇگۈنكىدەك بىر يەرگە جەم بولۇش ئويغا توختىمىدى. ئەمدى كەتسە يەنە قاچان كېلىدۇ يۈرەك پارىسى. بوۋاينىڭ ئۆلۈمىگە ئۆلگۈرۈپ كېلەر، يا نەزىرىسىگە. ئېشقىلىپ ئەمدى كەتسە پات يېقىندا كېلەلمەيدۇ. سېغىنىشلىق كۈنلەر باشلىنىدۇ. غېرىبلىق، يالغۇزچىلىق باشلىنىدۇ. يەنە بىر كەلگىچە كىم بار، كىم يوق؟ دەيدىغان گەپلەر، بىلدۈرۈپ ـ سەزدۈرۈپ قويىدىغان ياخشى ـ يامانلار ئامانەت كەتسە بولمايدۇ، دېيىش كېرەك. ئاڭلىسىمۇ، ئاڭلىمىسىمۇ سۆزلەش كېرەك. بەلكى بۈگۈن سۆزلىگەنلىرى ئاخىرقى ۋەسىيىتى بوپقالار!

بوۋاي ئوغلىغا پۇل تاپقاندا ئېيىنىپ كەتمەسلىكنى، غېرىب ـ بىچارىلەرنى كۆپرەك ياد ئېتىپ تۇرۇشنى، يۇرت ـ مەھەللىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى، رەھمەتلىك بوۋىسىنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويماسلىقنى، پات ـ پات كېلىپ ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ تۇرۇشنى، ئۆزىنىڭمۇ بىر كۈنلەردە سائىتى توشۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، كۆز يۇمغان كۈنى چوقۇم هەرقانداق ئالدىراش ئىش بولسا تاشلاپ مەھەللىگە هازىر بولۇشنى، جامائەتنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ جامائەتتىن رازىلىق تىلەشنى ... جىق نەرسىنى سۆزلىدى. ئوغلۇم چوڭ شەھەرلەردە چوڭ ئىشلار بىلەن بولۇپ يوسۇن ـ قائىدىلەرنى بىلىپ كەتمەيدۇ، كېيىن جامائەتنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلدى. يوسۇن ـ قائىدە بىلەن چىرايلىق ئۇزىتىدىغان ئادىمى يوق نام ـ نىشانسىز كېتىپ قېلىشنى خالىماي، جىق نەرسىنى سۆزلەپ ياتتى بوۋاي.

بوۋاي ئوغلىنىڭ يۇمشاق چاچلىرىنى سىلىدى. ئوغلىنىڭ پۇتلىرىنى، بىلەكلىرىنى، بېلىنى، تاغاقلىرىنى چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن تۇتۇپ قويدى. كىچىك ۋاقتىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئالا ـ كۆلگەچ ئاپتاپتا ئوڭ ـ دۈم قىلىپ هەممە يېرىنى سىلاپ قويسا ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. ئۇ ۋاقىتلار ئەمدى مەڭگۈ كەينىگە يانمايدۇ. بوۋاي بۈگۈن ئوغلىنىڭ دىدارىغا كۆپرەك قېنىۋالغىنى قالدۇ. بەلكىم ئوغلىنىڭمۇ دادىسى بىلەن ياندىش بىر كېچە يېتىۋالغىنى مۇشۇ بوپقالار...

بوۋاي تاڭ ئاتماسلىقنى تىلەيتتى. تاڭ ئاتمىسا، مەڭگۈ ئاتمىسا، ئوغلى ئۇنىڭ يېنىدىن مەڭگۈ ئايرىلماي مۇشۇنداق يېقىن يېتىپ بەھۇزۇر ئۇخلىۋالسا. ئۆز ۋاقتىدا بوۋايمۇ شۇنداق بولغان. ئاتىسىنىڭ قېشىدا ئۇزاقراق تۇرۇۋالمىغىنىغا، كېچىلىرى ئاتىسىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى، دۈمبىسىنى جىقراق سىلاپ قويمىغىنىغا، يېنىدا ئولتۇرۇپ كۆپرەك مۇڭدىشىۋالمىغىنىغا، ئاۋازىنى جىقراق ئاڭلىۋالمىغىنىغا ، تېخى ئاتىسىغا پۇت ـ قولىنى تۇتقۇزغىنىغا، ئاران جەم بولغان چاغدا بىر تاغار ئۇيقۇنى يۇدۇپ كېلىپ ئۇخلاپ بەرگىنىگە... مەيلى! مەيلى ! ئۇخلاپ بەرسىمۇ مەيلى. ئوغلىدىن نېمە تەمە قىلاتتى بوۋاي. كېلىپ بىر كېچە قونۇپ كېتىشىنى تەمە قىلمىدىمۇ؟ ئۇخلىسۇن. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆيى مېهرى ئىسسىق جەننەتكە ئوخشايدۇ. ئۇخلىۋالسۇن. كېيىن بىللە ياتاي، بىللە ئۇخلاي دېسىمۇ تاپالمايدۇ!...

بوۋاينىڭ هېچ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئۇخلاپ نېمە كەپتۇ؟ ئۇندىن كۆرە ئوغلىنىڭ دىدارىغا كۆپرەك قېنىۋالغان ياخشى. قارا، بىغەم ئۇخلاپ ياتقىنىنى ! ماڭلىيى، قېشى، بۇرنى، يۈزى... هەممە يېرى ئۇلۇغ بوۋىسىنى تارتقان. ئىككى مەڭزىدە قىزبالىنىڭكىدەك يارىشىملىق ئىككى تال زىنىقى بار. ئايلىنىپ كېتەي بالام! يىگىت بالام، كىچىكىدىمۇ مەھەللىدىكى هەممە بالىدىن مۇشۇ يامەتجانلا ئوماق كۆرۈنەتتى. خەقنىڭ كۆزى تېگىدۇ، باشقىلار سۆزلەپ قويىدۇ دەپ ئەتەي يىرتىق، كونا كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ باقاتتى. مانا ئەمدى كىيگەن كىيىملىرى، مىنگەن كوڭكىسى شۇنچە سۆلەتلىك، ئالتۇن بالام...

ئوغلىنىڭ دىدارىغا قاراپ پۈتۈن چىرايىنى بەخت جىلۋىسى ئىگىلىگەن بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە زاماتتىلا غەم-قايغۇنىڭ كۆلەڭگۈسى ئۇچقۇنلاپ ئۆتتى: ئەتە ئوغلى يەنە كېتىدۇ. ئەمدى ئۇزاققىچە كېلەلمەيدۇ. ئاۋۇ ھامىت چوناق قانداق بولىدى؟ دادىسىنىڭ ئىگىكى چۈشۈپ قېلىپ مۇزلاپ قالمىدىمۇ؟ ياخشى، قىش بوپقاپتىكەن. ئەگەر ياز بولغان بولسا مېيىت ئۈيلاپ كۆرمىگەن خورلۇققا ئۇچرايدىكەن. ھەئە، ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە ئۆلۈمى خەۋەرسىز قېلىپ جەسەت پۇراپ كەتكەننى، يۇيۇپ-تاراشقا ئىمكانىيەت بولمىغاننى، جامائەتنى يىرگەندۈرۈپ نامىزىنى دۇرۇس چۈشۈرۈشكە ئىمكان بولمىغاننى مېيىت خورلاندى دېمەي بولامدۇ؟ مېيىتنىڭ خورلۇققا قېلىشىدىن ئۆتە دوزاخ ئازابى بارمۇ تىرىكلەر ئۈچۈن؟

بوۋاينىڭ گادىرماچ خىيالى يەنە باشلاندى. ئۆلۈم دېگەن قەرەلسىز كېلىدۇ. كېچە ئۆلمەن، كۈندۈزدە ئۆلمەن دېگىلى بولمايدۇ. يازدا ئۆلمەن، قىشتا ئۆلمەن دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ بوۋايغىمۇ تۇيۇقسىز قازايىقەدەر يېتىپ قالسا...

بوۋاي ئوغلىغا قارىدى. ئوغلى پۇشۇلداپ غەمسىز ئۇخلاۋاتاتتى. بوۋاينىڭ ئېسىگە رەھمەتلىك ئاتىسى كەچتى. ئاتىسى قازا قىلغان كۈنى بوۋاي ئورما ئوروپ ھېرىپ-ئېچىپ كىرگەن پېتى ئاتىسىنىڭ يېنىدا ياتقانىدى. ھېرىش-چارچاشمۇ ياكى غەپلەت ئۇيقۇسىمۇ، ئىشقىلىپ بوۋاي كۆزىنى ئاچالمايلا قالغانىدى. لېكىن ئۇخلاۋېتىپ ئاتىسىنىڭ بېشىنى، قول-پۇتلىرىنى سىلاپ: «ھېرىپ كەتتىڭ جېنىم بالام، ئۇمىنى يىغىشتۇرۇپ بولاپ بىژ-ئىككى تاغا بۇغداي سېتىپ، كۆڭلەك خالىغان جايىنى چۆگىلەپ ھادۇق چىقىرىپ ئويناپ كەل، ئۆيگە مەن قايلاپ تۇرىمەن» دېگىنىنى يۈرىكى ئاڭلىغاندەك بولغان. ئۇيقۇچىلىقتا ئۆزىنىڭمۇ ئەركىلەپ بىرنېمىلەرنى دېگىنىنى بىلىدۇ. لېكىن نېمىلەرنى دېگىنىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. ئەتىسى سەھەر يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ ئۇندەرەپ قوپقاندا ئاتىسى بىر قولىدا ئۇنىڭ قولىنى، بىر قولىدا ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى تۇتقان پېتى جان ئۈزۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن.

بوۋاي ئاستا ئۆرۈلۈپ ئوغلىغا يۆلەندى. تەكىيدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلىنىڭ پېشانىسىنى يىرىك-مۇزدەك كالپۇكى بىلەن ئۇزاق-ئۇزاق ئۆپتى، پۇرىدى. بىلىكىنى ئوغلىنىڭ بويىنىغا ئۆتكۈزۈپ يېنىك قۇچاقلىدى، ئالدىغا تارتىپ باغرىغا باستى. ساقاللىق مەڭزىنى ئوغلىنىڭ يۈزىگە ياقتى. يىغلىۋېتىپ ئۆكسۈپ كەتتى. ئارقىدىن كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك بۇقۇلدىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوغلىنى ئويغىتىۋېتىشتىن ئەندىشە قىلىپ ئاۋازىنى تەستە پەسەيتىپ ئۈنسىز يۇم-يۇم يىغلىدى بوۋاي.

ئەمدى بۇنداق پۇرسەت قايتا كەلمەيدۇ. بوۋاينىڭ كاللىسى سەگەكلەشتى. تۈگۈنۈكتىن سىرتقا قارىۋىدى، ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. قارىغاندا ھاۋا ياخشى ئەمەس. ئەمما توخۇلار ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىممۇ قىچقىرىپ بولدى. دېمەك تاڭ ئېتىشقا ئازلا ۋاق قالدى. تاڭ ئاتسىلا ئوغلى كېتىدۇ، كېلىنىنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارمۇ كېيىن بوۋاينىڭ يۈزىنى كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. مۇشۇ ياخشى پۇرسەت. ئوغلى يېنىدا، كېلىنىمۇ يېنىدا بار گەزدە ئىگىسى ئالدىغان ئامانەتنى ئالسا، ئەتىسى ئوغلى دادىسىنىڭ ئىگىكىنى ئۆز قولى بىلەن قوشسا، ئۆز ئاغزى بىلەن رازىلىق تىلىسە، جامائەتنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ: «جامائەت، ئاتام بىلەن ئالغۇ-بەرگۈلار بولسا مانا مەن ئوغلى تۇرۇپتىمە، مەن قايتۇرىمە، ئاتامدىن ئىككى دۇنيا رازى بولاپكېتىڭلا»دەپ دۇئا تىلىسە، كېلىنى ئۆيدە ئايال كىشى يوقلۇقنى چاندۇرماي قىز بالىنىڭ ئورنىدا قوشاق قوشۇپ مەھەللىدىكى خوتۇن خەقلەرنى يىغلاتسا!...

بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ كېلىنى ياتقان ئۆيگە كىردى. كېلىنى يوتقىنى ئېچىلىپ قالغىنىنى سەزمەستىن تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. بوۋاي ئاستاغىنە يوتقانىنى ئوڭشاپ قويدى. ئاندىن بىر بۇلۇڭدا قويۇلغان كونا كات ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ساندۇقتا رەھمەتلىك مومىسىنىڭ پەتە-نەزىرلەردە كىيىدىغان لېچەكلىرى بار ئىدى. بوۋاي ئۇزۇن چاپان، ئاق ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا قويۇپ قويدى. كېلىنىگە يېنىش-يېنىش قاراپ قويۇپ ئوغلىنىڭ يېنىغا قايتىپ چىقتى. ئاندىن ئاستاغىنە ئوغلىغا يېقىن يانپاشلىدى.

يىراقلاردىن خورازلارنىڭ قىچقىرغىنى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاندا-ساندا ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بوۋاي ئالدىراپ قالدى. ئۇ تېخى ھاياتقا تويمىغانىدى. ياق-ياق! ئوغلىغا تويمىغانىدى. ئوغلىنىڭ دىدارىغا، بوۋىسىنى تارتقان قامىتىگە، يارىشىملىق زىناقلىرى بار ئۆڭىگە قانمىغانىدى. ئۇ تېخى ئوغلىنى قانغۇدەك پۇرىۋالمىغانىدى، باغرىغا بېسىۋالمىغانىدى.

بوۋاي ئىككىلەنمەي تۆش يانچۇقىغا قولىنى سالدى. يانچۇقىدىن كىچىككىنە تۈگۈنچەكنى ئالدى. تۈگۈنچەكنى يېشىپ، ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان ئون نەچچە تال ئۇيقۇ دورىسىنى بىراقلا ئالقىنىغا تۆكتى. ئاندىن ناسۋال چېكىدىغان ئادەمدەك چىشسىز ئاغزىغا كاپ ئېتىپ، ئېغىزىدا ئۇيان-بۇيان يۇمۇلاتقىنىچە غىرتىلدىتىپ چايناشقا باشلىدى. بېشىنى ئوغلىغا يېقىن ئەكېلىپ، بىلىكىنى ئوغلىنىڭ بويىنىغا ئارتتى-دە، ئۇنىڭ مەڭزىنى پۇرىغانچە ئاغزىدىكى دورىلارنى ھەلقۇمىغا يۇتتى!...

2009-يىل 10-ئىيۇن، سەھرايى ئەرمۇدۇن

ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

[1] بويتاق — تۇل ئادەمنىڭ مېيىتى چىققاندىن كېيىن ھويلا— ئۆينىڭ ئادەمسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دەرۋازا — ئىشىك ئالدىغا چىت — شوخا كۆمۈپ قويۇش ئادىتى. — مەسئۇل مۇھەررىردىن.

ئاپتور: قىرغىز، كوناشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان (M1)



# جېگدە قىسمىتى

(ھېكايە)

ئابدۇلھەمىد ياسىن

— جىگدە دېگەن ناھايىتى ئۇلۇغ دەرەخ، قىزىم، — دەيتتى ئاتا ھارۋىدا ئاللىقانداق تاتلىق خىياللار بىلەن ئولتۇرغان قىزىغا قاراپ قويۇپ، — بۇرۇندىن تاتىپ خانىغىمۇ يارىغان، تازغىمۇ يارىغان. كونىلا ئۇنى غازىڭى كۆمۈش، مېۋىسى ئالتۇن دەپ ماختاپ كەلگەن. ئۇنى قۇمغا تىكسەڭمۇ، شوغا كۆمەپ قويساڭمۇ ياشىرىۋېرىتۇ. سۇسىز، تۆمۈدەك قېتىپ كەتكەن شورلۇقتا ھېچقانداغ دەرەخ كۆكلىمىسە، جىگدە باراخسان كۆكلەپ، مېۋە بېرەلەيتۇ...

— ۋۇجۇن، دادا، ئۇزلىرى بۇ گەپلىنى ماڭا ئۇملاخمان دەيتىلا. باشقا پاراڭلانى قىپ ئولتۇساق بوماىتا؟ ماڭا ئېپ بەگەن ئىگىنلىنى بەك قىممەت ئېۋەتتۇكىمكى دەيتمە.

— قانچە قىممەت بوسىمۇ مەيلى، قىزىم. بۇمۇ ئاشۇ جىگدىنىڭ پايدىسىدىنىيا.

— راست دەيتىلا دادا، جىگدە كۆچەتلىرىنى سېتىپ ئەمدى بىزنىڭمۇ پۇلىمىز با بولدى. ئاۋۋال ئۆيىمىزنى ئوڭشىساق، ئاندىن...

— ئاندىن قىلىدىغان ئىش تېخى جىق، بالام.

— ئەمدى دادا، سىلىمۇ مېنى چوڭ قىغۇچە جىق جاپا تاتتىلا، شۇنچە قاتتىق كۈنلەردىن ئۆتەپ، ئەمدى بىزنىڭمۇ پۇلىمىز با بولدى. شۇ سىلىنى بى راھەت كۆسە دەيتمە.

— ئۇنى دېسىڭىز كۆزلىيمگە ياش كېتۇ بالام. ئانىڭىزدىن كىچىك قېلىپ، يالغۇز بېقىپ مۇشۇنچىلىك قىمماق ئاسانغا چۈشمىدى سىزنى. ئۆيىمىزنىڭ چەتلىكى، خەقلىنىڭ مەسخىرە ـ تاپىلىرى... ئەمما بالام، ھەممىسى ئۆتەپ كەتتى. كۆزەمنىڭ ئوچۇقىدا ... ئەمدى ئانىڭىز يوق، بەزى گەپلىنى سىزگە دېمەك تېخى تەس...

— ۋېيەي، نەدىكى گەپنى قىلىتكەنلا، دادا.

— مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە خەقلە بىزنى ياراتماي، تېخى بوزەك قىپلا كەلدى. يوقسۇللۇقتا ئويلىغىلى چول تەگمىگەن، قىزىم. ئەمدى قولىمىز ئازراق پۇل كۆگەندە ئاشۇنداق ئويلايتقىنىم جىقىيىپ قالدى ئەينا.

بوۋاي شۇ سۆزنى دەپ كۆزىگە ياش ئالغىنچە جىمىپ قالدى. قىزى گەپ قىلماي بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى. ئاللىقاچان رەسىدە بولغان قىز ئاتىسىنىڭ نېمىگە ئىشارە قىلىۋاتقىنىنى سىزىپ بولغان، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بوپكەتكەنىدى. ئۇلار ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، بىئارام بولغاندەك قىلغان بىلەن، شۇتاپتا كۆڭۈللىرىنى بىر خۇشاللىق چىرماپ تۇراتتى. مانا، تال ـ بوستانلىق مەھەللىدىن ئۆتۈپ بولغىلىمۇ خېلى بولدى. بوز مادىمۇ ئالدىرىماي قەدەم سالاتتى. بوۋايمۇ ئېشەكنى ئالدىرىتىپ تاياق چۆرۈشتىن قالغان، شۇتاپتا خىيالغا چۈشۈپ كەتكەنلەر بوۋاي بىلەن قىزىلا ئەمەس، مۇنۇ ئېشەكمۇ مۈگلىنىپ قالغاندەك ئىدى. شورلۇق يولنىڭ ھەم ئەگرى ـ بۈگرى ھەم ئوڭغۇل ـ دوڭغۇللۇقى، بوز مادىنىڭ گاھى ئۇلارنىڭ خىياللىرىنى ئۈزمەكچىدەك كاتاڭدىن چىقىپ، ھارۋىنى يەنە كاتاڭغا تاشلىشى خىيال قۇشلىرىنى قايتۇرۇپ ئەكېلەلمەيتتى. تارغىنە يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى بەلگىچە ئۆسكەن قومۇشلار يېقىملىق شۇۋىرلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى مەھەللىدىن ئۈزۈكراق بولغاچقا، تېخىچە ئۇلارنىڭ يالغۇز جىگدىسى كۆرۈنمەيتتى. بوۋاينىڭ قولىدىكى تاياق تىنىمسىز تەۋرىنىپ تۇرسىمۇ، ئۆزى بۇ يەردە ئەمەستەكدەك ئاللىقانداق خىياللارغا بەند بولغانىدى. يېنىدا — ھارۋىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان غۇنچە بوي، قارىمۇتۇق يۈزى قىزىرىپ تۇرىدىغان، ئويناق كۆزلىرى، ئوماققىنە زىناقلىرى ئۆزىنى خېلىلا چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇرىدىغان قىزنىڭمۇ خىيال قۇشلىرىنىڭ مەنزىلى باردەك ئەمەس ئىدى.

«يۈزى قىلىن، ئەجەپ ئەلچى ئەۋەتەي دېمەيتا» دەيتتى ئىچىدە قىز. ئۇزايىدىن ئەللىك ياشتىن ئاشقان، ئەمما جاپادىن ئالدىغا ئېڭىشىپ قالغان مۇنۇ دۈمچەك بوۋاينىڭ ھارۋىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغان بەختاجىخان ئىسىملىك بۇ يالغۇز قىزى شۇتاپتا ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەھەللىنىڭ ئايىغىدا، يەنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېقىن دۆڭلۈكتە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش سورۇنى كەلدى. بۇ سورۇندا مۇشۇ مەھەللىلىك سادىر ئىسىملىك يىگىت ھەممىدىن زور چىقتى. سادىر يۈزى چوقۇر، تۇرمىدە يېتىپ چىققان قارام يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ قارا ئۆڭى، بۆرتۈپ چىققان بىلەكلىرى يىگىتلىك جاسارىتىگە تولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بەختاجىخان شۇ قېتىم خەقلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئاشۇ سادىر ئىسىملىك يىگىتكە قاراپلا قالدى. چۈنكى يىگىتنىڭ قاراملىق چىقىپ تۇرغان بەستىدىن كۆرە، قارا قاشلىرى ئاستىدىكى قارچىغىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بەختاجىخاننىڭ يۈرىكىگە قادالغاندەك بولۇپ، بىرقىسملا بوپقالغانىدى. كىشىلەر سادىرنىڭ ئاستىدا قالغان مەھەللىنىڭ نوچى يىگىتلىرىگە «ھەسسىنەي» دېيىشىپ قالدى.

چۈنكى مۈشۈ ئاياغ مەھەللىدە ھېچكىم ئاشۇ سادىر ۋە ئۇنىڭ قارام شېرىكلىرىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇلارنىڭ زورلۇق- زومبۇلۇقنى، نەرسە- كېرەكلىرىنى ئوغرىلايدىغان، ھەتتا ئوچۇقتىن- ئوچۇق بۇلايدىغان قاراملىقلىرىنى تولا كۆرگەن، ئۇلارنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقاچقىمۇ، ئۇلارنىڭ چېلىشتا يىقىلىشىنىلا ئەمەس، كۆزدىن يوقىشىنى تىلەيتتى. شۇ قېتىمقى چېلىشىشتىن كېيىن بەختاجىخان ھەمىشە ئاشۇ قارىمۇتۇق سادىرنى خىيال قىلىدىغان بوپقالدى. بىر قېتىم كەنت قوروسىدا كىنو قويۇلدى. دادىسىنى مىڭ تەستە ئۇنىتىپ كىنوغا ئەكەلگەن بەختاجىخان يېنىدا تۇرۇپ كىنو كۆرۈۋاتقان سادىرنى كۆرۈپ، ھاياجاندىن بەكراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي قالدى. ئۇنىڭ پىكىر- خىيالى سادىرنىڭ ھەرىكىتىدە ئىدى. دادىسى ئۆزىدەك قىزلار قاتارىغا كەتتى. بەختاجىخانمۇ قىزلارنىڭ قاتارىغا بېرىشنى ئويلىدى- يۇ، ئاغىنىلىرى بىلەن نوقۇشۇپ ئولتۇرغان سادىرنىڭ ئۆزىگە بىرەر قېتىم قارىشىنى شۇقەدەر ئارزۇ قىلىپ تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ پەيتتە توك كەتتى. كىشىلەر چۇرقىرىشىپ بىر- بىرسىنى ئىتتىرىشكە باشلىدى. سادىرنىمۇ ئاغىنىلىرى ئىتتىردى بولغاي، بەختاجىخاننىڭ ئۇستىگىلا چۈشتى. بەختاجىخان ئوتلۇق بىر ھارارەتتىن مەستخۇش بولۇپ تۇرغىنىدا، يەنە سادىر ئۇنىڭ نازۇك كۆكسىنى يۇمشاققىنا تۇتۇپ قويدى. بۇ ئوتلۇق ئالىقان يەنە بەختاجىخاننى بىر قىسما قىلىپ قويدى. شۇ چاغدا توكمۇ ياندى. ئۇلار تېزلا تۇرۇپ كەتتى، ئەمدى سادىرمۇ پات- پات بەختاجىخانغا قاراپ قوياتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن بەختاجىخان تېخىمۇ باشقىچە بوپقالدى. ئاشۇ قېتىمقى تاساددىپىي بولغان ئىشنى ئويلىسىلا، ئۇنىڭ سادىرنى سېغىنىشى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاتتى. ئۇنى كۆرۈۋېلىشنى ئىستەپ، دادىسىدىن يىراق بىر تۇغقىنىنى يوقلاپ كېلىشنى سوراپ مەھەللىگە پات- پات بارىدىغان بوپقالدى. ئۇلار بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپمۇ قالدى. ئۇچراشقاندا ھەر ئىككىيلەن كەينىگە قاراپ- قاراپ كېتىپ قېلىشاتتى. بىر- ئىككى قېتىم بەختاجىخان سادىرنىڭ ئۆزىنى توختىتىپ گەپ قىلماق بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە ئالدىقانداق قورقۇنچمۇ چۈشۈپ قالغان، بۇ قورقۇنچ يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا بەخت ئىچىدىكى قورقۇنچ ئىدى. شۇنداق، بەختاجىخان سادىرنىڭ ھەربىر قارىشىنى كۆرگەندە خۇددى يۈرىكى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك قاتتىق سىلىپ كېتەتتى...

بەختاجىخاننىڭ خىيالىدا يەنە دادىسىنىڭ جىگدە ھەققىدە ئېيتقانلىرىمۇ جۇلالىنىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇمۇ جىگدىگە قەۋەتلا ئامراق. بۇرۇن ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ سېلىنغان قىرى جىگدىلەرنىڭ تۈۋىدىن كېتەلمەيتتى. چۈنكى جاھاندا جىگدە چېچىكىنىڭ ھىدىدىن خۇشبۇي ھىد بار دېسە، بەختاجىخان بۇنىڭغا چىنپۇتمەيتتى. گۈپۈلدەپ خۇشبۇي پۇرايدىغان جىگدە چېچىكى ئۇنىڭغا ئاللىقانداق ھۇزۇرلۇق تۇيغۇلارنى ئاتا قىلاتتى. بۇ خۇش ھىد تاكى ياز ئاخىرلىرىغىچە ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىدىن كەتمەيتتى. ئەمما ھازىر پەقەت شۇ بىر تۈپلا جىگدە قالدى.

ئادەملەرمۇ قىزىق. «ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنى يۇكسەلدۈرىمىز، ئۆزگەرتىمىز» دەپ ئاسمانپەلەك ئۆسكەن بەھەيۋەت دەرەخلەردىن تارتىپ، ئەمدىلا بوي تارتىشقا باشلىغان كۆچەتلەرنىڭ ھەممىنى كېسىۋەتتى. نېمىشقىدۇر، بەختاجىخاننىڭ ئويىدا بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى ئەمەس، پەقەت قىلغىلى ئىش تاپالمىغان، ئاللىقانداق يېڭىلىق باھانىسىدا ئۆسۈشنى ئويلىغان يەرلىكتىكى پۇرسەتپەرەس، شەكلۋاز، ئۆپكىسى يوق قاپاق باشلارنىڭ ئىسلاھ قىلىمىز دەپ تاپقان ئىشى ئىدى. شۇڭا بۇرۇن ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسىدىغان سەگۈ تېرەك، قاپاق تېرەكلەر مەھەللىدە ھازىر قالمىدى. ئاللىقانداق ئۆي، ھويلا- ئارام ئۆزگەرتەرمىش. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىمۇ «تۆت كونا» قاتارىدا يوقىتىلماي قالغان كونا دەرەخلەرمۇ بۇ قېتىمقى ئۆزگەرتىشتە ئامان قالمىدى. قانداقلا بىر يېڭى سىياسەت كەلسە ئۇنىڭ دەردىنى ئادەملەر بىلەن دەرەخلەر تەڭ تارتىش، يارالمىشتىن بىر قىسمەت ئوخشايدۇ. مەھەللە تاپتاقىرلا بوپقالدى. ھەتتا ئۇلار مەھەللىدىن خېلىلا ئۇزۇك بولغان مۇنۇ قاسىمئاخۇننىڭ ئۆيىگىمۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئانچە ئويلىشىپ كەتمەيدىغان بىر توپ دېھقان ياشقىنە بىر تۇكۇۋاش بالىنىڭ يولباشچىلىقىدا پالتا- ھەرىلەرنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى. «كېسە- كەس» بىلەن ھەممە جىگدىنى كېسىپ، بىرلا جىگدە قالغاندا قاسىمئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ يالغۇز قىزى بەختاجىخان جىگدىنى قۇچاقلىۋېلىپ كەستۈرگىلى ئۇنىمىدى. قاسىمئاخۇن تىترەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى: «ھاي، پالتا كۆتەرگەن نادانلا يوقىلىش! جېنىم كادىر بالام، مۇشۇ بىر تۈپ جىگدەم ئامان قالسۇن، جىگدە دېگەن ئەسلى خانقىمىز ياراپتىكەن. بۇ جىگدە ھېچقانداغ يەگە تاقاشمايتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېۋىسى چوڭ، نان جىگدىدى». ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كەلگەن ياش كادىر بالا بوۋايغا گەپ يېگۈزەلمەسلىكتىن قورقتىمۇ، ياكى باھالاشنى بۇ چەتكە كەلمەيدۇ دەپ ئويلىدىمۇ، بېشىنى ماقۇلغا لىڭشىتتى ۋە ئادەملەرنى باشلاپ كېتىپ قالدى. شۇ ئىش بولۇپ كېلەركى يىلدىن باشلاپ يەرلەر قۇرغاقلىشىشقا باشلىدى. بوران ئۇچۇپ، يەر- جاھان ھەمىشە توپا رەڭگىدە بوپقالدى. بوران چىقمىغان كۈنلىرى توپا ياغاتتى. تولا كۈندە بوران چىقىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باساتتى. شۇ مەزگىلدە ئەزەلدىن موھتاجلىقتا ئۆتۈپ چاپىنى تېزىدىن ئاشمىغان، مەھەللىنىڭ قەرز ھېسابىدا ئىسمى ئۆچمەيدىغان قاسىمئاخۇن نېمىنى ئويلىدى، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى بىر ئېتىز يەرگە غەلۋىردە جىگدە ئۇرۇقلىرىنى ئاچىقىپ تېرىپ قويدى. جىگدىلەر ئاز كۈن ئۆتمەيلا بولۇق ئۆسۈشكە باشلىدى. شۇ مەزگىلدىمۇ كاللىسى ئوڭدىن بىرسى، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقىغا جىگدە ئەڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى، جىگدە بولمىسا بولمايدىغانلىقى، كۆپلەپ جىگدە قويۇپ، بورانىنى توسۇش بەلۋېغى ياسىمىغاندا قۇرغاقلىشىش ۋە قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان چېغىۋا، جىگدە كۆچىتى ئىزدەش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمما جىگدە كۆچىتىنى نەدىن تاپسەن؟ كۆچەت تۈگۈل قۇرتلاپ كەتكەن جىگدە مېۋىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان، بۇرۇنقى ئېغىزغا بىرنى سالسا قوۋۇزى لىق تولىدىغان نان جىگدىلەرنى ئۇچرىتىش چۈشكە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كۆچەتنى تېخىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ- دە. ئەمما كىشىلەر قاسىمئاخۇننىڭ

كۆچەتلىرىنى كۆرۈپ قىلىشتى. تېرىغىلى بىر يىلدىن ئاشقان جىگدىنىڭ كۆچەتلىرى ئادەمنىڭ بويىدىن ئېگىز بوپكەتكەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان كەنت باشلىقىنىڭ موتسىكىلىتىنىڭ سەت ئاۋازى ھەركۈنى دېگۈدەك قاسماخۇننىڭ شادا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن كەتمىدى:

— جىمى قەزىڭلىنى كوتۇۋرۇۋەتتۇك، قاسماخۇن، جىگدىنى كەنتكە ئۆتكۈزەپ بېرىڭلا.

— ياق!

— قىزنى كۆتۈرۈۋەتكەنىنىڭ سىرتىدا مىڭ كوي بېرتىمىز، كەنتكە...

— ياق. ھەممىسى ئۆزەمگە لازىم.

— ئىككى مىڭ كوي...

— ياق، بومماپتۇ.

— ئۇنداق قىلىشىپ كەتمەيلى، قاسماخۇن، يەنە بىر ـ بىرىسىمىزگە لازىم بولىتىمىز. بولاپتۇ، بەش مىڭنى بەدۇك.

— بوپتۇ. ئەمما بۇندىن كېيىن ئۆيەمگە قىز دەپ ھۆددەس كەممەيسلە، بەش مىڭنى ساق سانايسلە، يەنە ماڭا يۈز تۈپ قوياپ قويسلە، ماقىما.

— ماقۇل، قاسماخۇن. سىلىمۇ پەيتىنى تۇتۇشنى بىلىتكەنسلە. مانا، سىلىنىڭ جاھىللىقىڭلىنى بىلىپ بەش مىڭنى نەق ئەكەگەن، سانىۋېلىڭلا.

قاسمىئاخۇن پۇلنى ساناپ بولغۇچە مەھەللىدىكى بىر مۇنچە ئادەم كۆچەتلەرنى قومۇرۇشقا باشلىدى. كەنت باشلىقىنىڭ نېمشقا شۇنچە ئالدىراش، يەنە كېلىپ شۇنچە يۇقىرى باھادا جىگدىلەرنى سېتىۋالغانلىقىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەن قاسمىئاخۇن كۆچەتتىن ساناپ يۈزنى ئېپقالدى. ئەمما ئەسكى تېمىنىڭ كەينىدە باشقىلارنىڭ «كەنت باشلىقىمۇ يامان ئەدەمىكە. ماۋۇ قاسماخۇن دېگەن گادايغا بەش مىڭ كوينى تۇتقۇزۇپ قوياپ، بۇ بەش مىڭ تۈپ كۆچەتنى ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا دانىسىنى ئۈچ كويدىن ئونبەشمىڭغا قوياپتۇ» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇنى ئاڭلاپ قاسمىئاخۇن بىلەن بەختاجىخاننىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدىيۇ، «مەيلىلا» دەۋەتتى. شۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ، بۇ ـ چەتتىكى ئۆي يەنە قايناشقا باشلىدى. چۈنكى، ئەمدى قاسمىئاخۇن يۈز تۈپ كۆچەتنى ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا سالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ھەممىسىنى ئوغرىلاپ كېتىشكەن بولسىمۇ، قاسماخۇن يەنە مەيلى دەپ، ئۆيىدىكى تۆت تاغار نان جىگدىنىڭ ھەممىسىنى سوغا باستى. ئەمدى تېرىسام بولىدۇ دېگەن يېرىگە كەلگەندە ھەممىسىنى بەش مو يېرىگە تېرىپ، ئۈستىدىن سۇ قويۇۋەتتى. بىر ئايدىن كېيىن جىگدىلەر ئۈنۈپ بىر غېرىچ بولغاندىكى كارامەتنى كۆرۈڭ: كەنت باشلىقى يەنە ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دەمدۇ، يوغان قورساق بىر ئادەمنى باشلاپ كېلىپ قاسمىئاخۇننى ئولتۇرغىلى قويمىدى. ئوتتۇز مىڭ، قىرىق مىڭ، ئەللىك مىڭ، ئەللىك مىڭغا چىققاندا ئەمدى كەنت باشلىقى قاسمىئاخۇنغا يالۋۇرۇشتىن تەھدىت سېلىشقا ئۆتتى. ئەزەلدىن غەۋغادىن قېچىپ كۆنۈپ قالغان قاسمىئاخۇنغا كەنت باشلىقى ۋە ھېلىقى يوغان قورساقنىڭ تەھدىتى تەسىر قىلدىمۇ، ياكى ئەمدى باھاسىغا چىقتى دەپ قارىدىمۇ، كۆچەتلەرنى ئەللىك مىڭ كويغا بېرىۋەتتى. ئۇلار بۇ قېتىممۇ ئەللىك مىڭ يۈەن پۇلنى نەقلا قاسمىئاخۇنغا تۇتقۇزۇپ، ئالدىن تەييار قىلغان ھۆججەتكە قولىنى باستۇردى ۋە تېزلا كېتىپ قېلىشتى. بۇ گەپمۇ بىر دەمدىلا ھەممىنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ كەتكەن، تېرىغىلى بىر تالمۇ جىگدە تاپالمىغان كىشىلەر قاسمىئاخۇننىڭ تەلىيى بىلەن، بۇرۇنقى سوختا ـ سوختا ئۆسىدىغان، مەرۋايىتتەك پارقىرايدىغان نان جىگدىلىرىنى ئويلاپ، پۇشايماندا ياقىسىنى چىشلىمەكتە ئىدى.

مانا، ئەتىگەندە قاسمىئاخۇن نەچچە قات ئورالغان پۇللىرىنى ئۆيدىمۇ قويماي، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى بەھەيۋەت ئۆسكەن ئاشۇ بىر تۈپ جىگدە دەرىخىنىڭ پورىغا چىڭ تىقىۋەتتى. ئاندىن ئېپقالغان مىڭ يۈەن پۇلنى يانچۇقىغا پۇختىلاپ سالدى ۋە قىزىنى ئېلىپ بازارغا كىردى. ئۇلار بازاردىن كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسىنى ئالدى. بولۇپمۇ قاسمىئاخۇن قىزىنىڭ كۆزى قانداق كىيىمگە چۈشسە، تالاشمايلا سودا قىلىپ شۇ كىيىمنى ئېلىپ بەردى. ئاندىن بىر ئاز گۆش ئېلىپ بازاردىن يانغانىدى.

ئەلياتقۇ بولغاندا ئۇلار ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. بەختاجىخان ئۆيگە كېلىپلا ئاۋال گۆشلەرنى قازانغا سېلىۋەتتى. ئاندىن قوي ـ كالىلارغا ھەلەپ بېرىپ بولۇپ، ئۆيدە مۈگدەپ ئولتۇرغان دادىسىنى باشقا ئۆيگە چىقىرىۋەتتى ـ دە، يېڭى ئالغان كىيىملىرىنى بىر ـ بىرلەپ كىيىپ بېقىشقا تۇتۇندى...

شۇ كېچىسى بەختاجىخان چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئۇنىڭ سادىر بىلەن تويى بولغۇدەك، ئەمما توي بولۇۋاتقاندا قاتتىق بوران چىقىپ دادىسىنى ئۇچۇرتۇپ كەتكۈدەك...

سىياھەتەك قاپقاراڭغۇ كېچە. قومۇش چەللىلىك ھويلىدا يېتىپ ئۇخلاۋاتقان قاسمىئاخۇننىڭ خورىكى دەم توختاپ قالسىمۇ، بىر ھازادىن كېيىن بوغۇلۇپ يەنە خارتىلدايتتى. توساتتىن قارا باسقاندەكلا قاسمىئاخۇن تىپىرلاپ قالدى. ئۇيقۇسى پۇتۇنلەي ئېچىلىپ كەتتى. ئەمما گەپ قىلالمىدى، يۇلقۇنۇپ ئاجرىيالمىدى. چۈنكى ناھايىتى كۈچلۈك قوللاردىن بىرسى قاسمىئاخۇننىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى ئېتىپ، يەنە ئىككىيلەن ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى دەست كۆتۈرگىنىچە ھويلىدىن ئاچىقىپ كېتىۋاتاتتى.

— ھاي ئۇكىلىرىم، بۇ نېمە قىلىق، — ئۆيدىن خېلىلا يىراق بىر يەردە ماتاپ باغلىۋېتىلگەن قاسمىئاخۇن يەردە يېتىپ ئېغىر تىناتتى. ئۇ ئۆزىنى باغلىغانلارنى تونۇپ قالدى:

— سادىران ئۇكام، سېنى تونۇپ قالدىم. مەن داداڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن. نېمشقا مېنى يە بىلەن تەڭ قىپ باغلاپ، بۇنچە خا قىلىسەن.

— خاپا بوما، ئاكا، — سادىرنىڭ ئۈنىمۇ بوغۇلۇپ چىقاتتى، — مېنىڭمۇ بۇنداق قىلىش نىيىتىم يوقتى. ئەمما موھتاجلىق ئادەمنى ھە كويغا سالىتكەن. نەق گەپ، پۇلنى چىقا.

— قايسى پۇلنى، ئەستا، جىگدە ساتقان پۇلنىمۇ، مەن ئۇنى...

— تىلىڭنى چاينىما، ئاكا. چىقامايتقان بوساڭ، ئاۋۋال ئاۋۇ قىزىڭنى تىرىك كۆمۈۋېتىمىز، ئاندىن سېنى... ئاڭلىدىڭمۇ؟

— نېمە؟ ئەستا، كۆڭ ئاغىلى قويىمامسىلە ئەدەمنى...

— شاپ بول، ئاكا، پۇل نەدە؟

قاسىمئاخۇن ئەمدى تالاشقاننىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن پۇلنىڭ بار جايىنى ئېيتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. چۈنكى بۇ قولاق كەستىلەر قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان قارام نېمىلەر ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار بەختاجىخاننىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ تەھدىت سېلىۋاتاتتى. نېمە ئامال، قىزى بىلەن ئۆزىنى ئامان قويسا بولدى ئەمەسمۇ؟

— ئۇكام سادىران، بولاپتۇ، پۇلنى سىلەگە بېرەي. ئەمما قىزىم بىلەن ماڭا چېقىلماسلىققا ۋەدە بېرىڭلا. پۇلنى ئېلىپ ھەم بۇيەردىمۇ تۇماي يىراققا كېتىڭلا.

— بىزگە ئىش ئۆگىتىپ كەتكىنىنى بۇ قېرىنىڭ. ئەلۋەتتە يىراققا كېتىمىز. كېيىن قولىمىز ئۆزىراپ قاسا پۇلۇڭنىمۇ قايتۇرامتۇق تېخى. شاپ بول، پۇل نەدە؟!

— جىگدىنىڭ، ھويلىدىكى جىگدىنىڭ پورىدا.

— سەن مۇسا، بۇيەدە قاراپ تۇ، مەخەت ئىككىمىز بېرىپ پۇلنى ئەكېلىلى...

ئۇچەيلەن بوۋاينى ئاشۇ يەرگە باغلاقلىق پېتى تاشلاپ قويۇپ پۇلنى ئېلىپ ماڭدى.

ئەمما شۇنچە كۆپ پۇلغا ئەجەبمۇ ئاسان ئېرىشكەن ئۈچەيلەننىڭ قەدىمى بىردىنلا ئاستىلاپ قالدى. بوۋاينى ئەتە خەقلەر قۇتقۇزۇۋالىدۇ. ئۆيدىكى ھېلىقى قىزى ئويغىنىپ كېتىپ ئادەملەرنى چاقىرسا، ياكى ساقچىغا مەلۇم قىلسا قانداق قىلغۇلۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا قۇمچاق، تازا رەسىدە بولغان ئوماق قىز، بىر جانان ئۆيدە يالغۇز ياتىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۆيدىكى ھېلىقى قىزنى بىر ئوينايلىچۇ، سادىركا. ئۇنىمۇ باغلاپ، قانغۇچە ئويناپ بولاپ ئاندىن ماڭلى. تېخى تۇن ئۇزۇن، ئالالقاچان كېتىۋالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە - ئۆگۈنمۇ، ھەتتا بىرە ھەپتىگىچىمۇ بۇيەرگە مەھەللىدىكىلە كەمەيتۇ.

— ياق، ئۇنداق قىمايلى، ئۇلا ئۆلەپ قاسا ئىش چوڭىيىپ كېتىتۇ.

— ماقۇل دېگىنە سادىركا، يۈتتىن كېتىش ئالدىدا تازا بى يايرىۋاللى. قىزلىقى سېنىڭ...

ئۇلار بىر ھازا دىلىغۇل بولۇشتى. ئاندىن سادىرنىڭ بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇشى بىلەن قالغان ئىككىسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

بەختاجىخان كۆرگەن چۈشىدىن قورقۇپ، ئويغىنىپ كېتەيلا دەپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئۈستىگە قوپال ھەم ئېغىر بىر گەۋدە تاشلاندى. بەختاجىخان دەسلەپىدە بۇ گەۋدىنىڭ زورلۇقىدىن تىنالمىغان بولسا، ئەمدى بىلدىكى، بۇ، سادىر ئىدى. ئۇ، سادىرنىڭ پۇرىقىدىنلا ئۇنى تونۇيالايتتى. بۇ چاغدا سادىر ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، بەختاجىخان توختىماي تىپچەكلەيتتى. ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ، بىر قولىنى بوشىتىۋالدى. ئاندىن ئۈستىدە يەنە بەختاجىخاننىڭ كىيىملىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان سادىرنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈردى ۋە:

— تۈفى، سېنىڭ يىگىت بولاپ قاغىنىڭغا، ساڭا كۆيەپ يۈگىنىمگە... — دېدى بوغۇق ئاۋازدا ئاخىرقى گەپىنى پەس چىقىرىپ.

پۈتۈن بەدىنى تىترەپ تۇرغان سادىر بەختاجىخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى، بولۇپمۇ ئاخىردا دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ لاسسىدە بوشاپ كەتتى. ئۇ، بەختاجىخانغا قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالدى. گەرچە ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرمىسىمۇ، شۇ تاپتا ھەر ئىككىلىسىنىڭ قەلبى توختاۋسىز غەلىيان كۆتۈرمەكتە ئىدى. سادىر ئاستاغىنە بەختاجىخاننى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ:

— بەختاجىخان، راست ماڭا كۆيەمسە؟ — نىھايەت جىملىقنى بۇزۇپ ئۈنىگىدىن سورىدى. بەختاجىخان زۇۋان سۈرمىدى.

— راست گېپىڭنى دە، بەختاجىخان، ماڭا كۆيەمسە؟

ئەمدى بەختاجىخاننىڭ ۋۇجۇدىدا جان دېگەن نەرسىنىڭ ئەسرى قالمىدى. ئەسلىدە بەختاجىخاننىڭ سادىرغا بولغان سېغىنچى تازا قىيامىغا يەتكەن بولسىمۇ، تەڭ كېچىدە كېلىپ قىلغان بۇ قوپاللىقىدىن چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى ۋە سادىرنىڭ سوئالىغا قوپاللىق بىلەن ئەمما پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— كويسەم نېمە بولاپتۇ. سەنمۇ ئەدەمما؟ نېمە يېرىم كېچىدە ئاۋۇ تالادىكى دادامدىن ئەيمەنمەي يېنىمغا كىردىڭا؟

نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان سادىرمۇ بەختاجىخانغا ئوخشاش پىچىرلاپ دېگۈدەك:

— مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىتمە، بەختاجىخان. بۈگەن سىنى كۆڭۈم كېپ چىدىيالماي يېنىڭغا كىگەنتىم. سەنمۇ ماڭا كۆيەسەنمۇ جېنىم، — دېدى. يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئولتۇرغان بەختاجىخان ئاخىرى سادىرنىڭ قۇچىقىغا يۆلىنىپ قالدى ۋە:

— راست، سادىر، جېنىم، مەن ساڭا كۆيىتمە. بەك... بەكمۇ كۆيىتمە، — دېدى پىچىرلىغاندەك ئاستا ئاۋازدا. ئۆي ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. بەختاجىخان بىردىن چۆچىگەندەك بولۇپ:

— سادىر، يىتتىك چىقىپ كەت، تالادا دادام با، — دېدى جىددىي ئاھاڭدا.

— داداڭ يوق، بەختاجىخان. مەن كەسەم داداڭ يوقكەن. شۇڭا يېنىڭغا كىگەن.

— نەگە كەتكەنتۇ؟

— تاڭەي، — سادىر ئۇنىڭغا يالغان ئېيتتى.

— كۈندۈزى كەسەڭ بولماملى، ساراڭ.

— داداڭ با تۇسا.

— تېخى كۈندۈزى دادام ئۆيدە تۇمايتۇ.

— راستما؟

— سېنى كۆرەش ئۈچۈن كۈندە نەچچە قېتىم مەھەللىگە باغىنمىنى بىلەمسە، ساراڭ.

بۇنى ئاڭلىغان سادىرنىڭ ۋۇجۇدى بىر قىسملا بوپقالدى. ئاندىن ئاستىلا بەختاجىخاننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— راستمۇ، مەن بىلگەن، بەختاجىخان. مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرىتىم. ئەمما ئۆزەمگە ئىشىنەمەي كېپتىمە.

— چېلىشتا ھەممىنى يەڭگەن تۇساڭ، يەنە شۇنچە يۈرەكسىز بولامسە.

— ياق، بەختاجىخان، ئەمدى مەن يۈرەكسىز ئەمەس.

بەختاجىخان سادىرنى ھىدلاپ جىمىپ قالدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ بەختنى ئۇ چۈشۈممىكىن دەپ قالغانىدى. شۇڭا

ئۆزىنى چىك قۇچاقلىۋالغان سادىرنىڭ پاتىڭدىن قاتتىق چىشلىۋالدى، سادىر ئاغرىققا چىدىماي ئاستا بىر ئىڭرىغاندىن كېيىن:

— نېمىشقا چىشلىسە؟ — دەپ سورىدى.

—چۈشۈمىمكىن دەپ قالدىموي ساراڭ. ئەمدى بىلدىم، راستىكەن، مەن كۈتكەن ئادىمىم ئاخىرى كېپتۇ. بىلەمسە ساراڭ، مەن بىر ئۆمۈر سېنىلا سۆيىتمە، ئەسكى ساراڭ.

قىزنىڭ گېپىدىن سادىرنىڭ بوغۇزىغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، يىغا تۇتتى. تېخى بۇ مەھەللىدىكىلەر ئۇنى مۇنۇ بەختاجىخاندەك ئەتىۋارلاپ باققان ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۆزى ھەمىشە بىللە بولۇشنى خىيال قىلىدىغان مۇنۇ بەختاجىخاندەك تاتلىق ھىدلاپ باققان ئەمەس. ئۇ ھەمىشە كەمستىش، چەتكە قېقىلىش ئىچىدە تاش يۈرەك بوپكەتكەن. ئەمما بۈگۈن، بۇ كېچە... شۇ چاغدا نىھايەت بەختاجىخان سوراپ قالدى:

— سەن نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيگە ئەلچى ئەۋەتمىسە؟

— مەن... مەن ئەۋەتىي دېگەن، لېكىن داداڭنىڭ ئۇنىماسلىقىدىن قوقاپ...

— دادام ئۇنايتتى...

— نېمە؟ ئاھ، جېنىم... بەختاجىخان، مەن نېمىلەنى قىپقويدۇم-ھە؟ مەنمۇ ساڭا كۆيىتمە. ئەمما... ئەمما ساڭا دېسەم بەختاجىخان، مەن ئېغىي بى گۇناھ ئۆتكۈزەپ قويدۇم.

— قانچە ئېغىي گۇناھ ئۆتكۈزەپ قويغان بوساڭمۇ دادام مەن ئۈچۈن سېنى كەچۈرۈۋېتتۇ. دادام ماڭا بەك ئامراق، شۇڭا ئۇنايتۇ. مەن ساڭا بىر ئۆمۈر ۋاپادار بولىتمە، سادىر. يىگىتتەك بول، ئەلچى كىگۈز. ماقىما؟

بەختاجىخان شۇ سۆزلەرنى دېگەندىن كېيىن سادىرنى ھىدلاپ جىمىپ قالدى. شۇتاپتا نېمىشقىدۇر سادىرنىڭ نەپىسى توختاپ قالغاندەك بوپقالغان، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ، توساتتىن ئورنىدىن دەست تۇردى ۋە ئۆزىگە خىتاب قىلغاندەك پەس ئاۋازدا:

— ماقۇل، بەختاجىخان، مەن ئەلچى كىگۈزەي... — دېدى ۋە دەمبەس قەدەم بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— توختا، سادىر، توقايلىقتىن، كېچىدە توقايلىقتىن يالغۇز ماڭساڭ بومايتتى...

بەختاجىخاننىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئىشىك گۈپ قىلىپ يېپىلدى...

— قانداق، سادىركا، ئىش ئەپلەشكەنتۇ، بەك ھايال قالدىڭاي، ئەمدى مەن كىرەيمىكى.

— ياق، كىرىشكە بومايتۇ. بەختاجىخانىنى ئالىتمە، ئۇنى ئەمرىمگە ئالىتمە.

— ساراڭ بولداڭما، نەدىكى بى تېجىمەل گادايىنىڭ سەت قىزىنى ئالىتمە دېمىسەڭمۇ، شەگە كىسەك ساڭا قىزلار دېگەن ساماندەك. جۆيلۈمىگىنە، ئەمدى مەن كىيەي.

— توختا، مەخەت، مەن بى قاراغا كەلدىم. ئەزەلدىن ئىككىڭلا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ كەگەن، بىز ھېچنىمىمىزنى بى- بىسىمىزدىن ئاياپ باقمىغان. بۇ قېتىمقى ئالاھىدە ئەھۋال. بۇنۇۋەتمۇ گېپىمنى ئاڭلاڭلا. ئەزەلدىن مېنى ھېچكىم ياخشى كۆمەيتۇ دەيتتىم. ئۇ مېنى قاتتىق ياخشى كۆرىتكەن. سىلەگە دېسەم، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىتتىم. بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىتمە. ئەمدى باشقىلارنىڭ مېنى ياراتماسلىقىدىن، قاسىمكامنىڭ ئۇنى ماڭا بەمەسلىكىدىن قوقمايتمە. ماڭا بەختاجىخاننىڭ مەھەببىتىلا كۇپايە.

— «مانتا كۆمگەن قەلەندە قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك بىر ئىشقۇ بۇ. كاللاڭنى سىلكىۋەت، سادىركا. بۈگۈنلا ئىچكىرىگە مېڭىپ كېتىدىغاننى دېيىشكەنتۇققۇ. ئاشۇ پەس...

مەخەتنىڭ ئېغىزىدىن شۇ سۆز چىقىشى بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىغا سادىرنىڭ قاتتىق بىر شاپىلىقى كېلىپ تەگدى:

— ئۇنى پەس دېمە، ئۇقتۇڭما؟ ئىككىڭلىغا يەتكۈدەك پۇل بېرىتمە. ماڭا كاشىلا قىمماڭلا. مەن ئەمدى ھېچ يەگە بامايتمە. مۇشۇ بەختاجىخانىنى ھالاللاپ ئەمرىمگە ئېلىپ ئەدەمدەك ياشايتمە.

شۇ تاپتا ئۇ ئىككىيلەن ھەسرەپ، ئېغىر تىناتتى.

— پوق يەپسەن، سادىر، — باياتىن بېرى جىم تۇرغان مۇسا بىردىن ۋارقىرىۋەتتى، — بىزنىمۇ ئانىمىز يىگىت دەپ تۇققان. سەن قىلىدىغاننى قىپ بولاپ، بىزنى شۈۋىكەش كۆرەپ قالدىڭما. ئەمدى نۆۋەت مېنىڭ...

ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان مۇسا ئاخىرى شۇنداق دەپلا گۈس- گۈس دەسسەپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. غەزىپىنى ئاران بېسىپ تۇرغان سادىر ئىككى سەكرەپ بېرىپ ئۇنى بىر تېپىك بىلەن دۇم سېلىۋەتتى. ئاڭغىچە يېتىپ كەلگەن مەخەتمۇ سادىرنى چاپۇتلاپلا يىقىتتى ۋە ئورنىدىن تۇرغان مۇسا بىلەن ئىككىسى ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. قاتتىق جېدەل باشلىنىپ كەتتى. سادىر يالغۇز ئۇلارغا تېتىيالايتتى. ئەمما ئۇ ئىككىسىمۇ قارام نېمىلەر بولغاچقا، ئۇرۇش- جېدەل ھەدېگەندە بېسىقمايۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا زاڭقىغا قاتتىق بىر تېپىك يېگەن مۇسا ئورنىدىن تۇردى، ئەمما ئۇنىڭ قولىدا بىر پىچاق سوغۇق يالتىرايتتى. سادىرنىڭ دۈمبىسى كۆيۈشكەندەك بولدى ۋە قاراپلا مۇسانىڭ ئۆزىگە پىچاق سالغىنىنى بىلىپ، ئۇمۇ يېنىدىن پىچىقىنى ئېلىپلا مۇسانىڭ كۆكرىكىنى چەنلەپ تىقىۋەتتى. ئاڭغىچە يەنە بىر دولىسى ھەرە چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا مەخەتمۇ پىچاق سېلىۋەتكەنىدى. سادىر پىچاقنى تەتۈرسىگە سىقىمدىدى ۋە كەينىدىن يېتىپ كەلگەن مەخەتنىڭ ئۆلەر يېرىگە قارىتىپ پىچىقىنى سېپىغىچە پاتۇرۇۋەتتى. مەخەتمۇ قاتتىق بىر ۋارقىراپ يىقىلدى. سادىر ئىككىسىگە سوغۇق بىر قاراپ قويۇپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ چامدىدى. ئەمما ئىككى قەدەم ماڭمايلا يەرگە يىقىلدى. ئەتراپتا قانغا بويالغان يۈز كويلۇق باغلام- باغلام پۇل چېچىلىپ ياتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلىقىغا بەختاجىخاننىڭ «سادىر!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى غۇۋا ئاڭلانماقتا ئىدى. سادىر بەختاجىخاننىڭ شۇ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاجايىپ شېرىن بىر بەخت تۇيغۇسىدا كۆلدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆلكىسى مېيىقىدا قېتىپ قالغانىدى...

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ماائارىپ ئىلمى ئىنستىتۇتى ئالاھىدە تەربىيىلەش سىنىپىنىڭ كۇرسانتى(M1)



# پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىش جەريانى

ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان

**تەپەككۇر كۆزى**

بىز پىكىر قىلىش ۋە بىلىش دائىرىمىزنىڭ نەقەدەر تار ھەم بېكىك ئىكەنلىكىنى ئاز- تولا بىلگەن ۋاقتىمىزدا دۇنيا بىزدىن تولىمۇ ئۇزاپ كەتكەنىدى. ۋە ھالەنكى، دۇنيانى بىلىش ۋە كۆزىتىش ئۈچۈنمۇ يۇكسەك دەرىجىدىكى بىلىم، سىستېمىلىق تەپەككۇر ئەندىزىسى بولمىسا بولمايتتى. ئۇنداقتا، تەپەككۇر ۋە پىكىر قىلىش دېگەن نېمە؟ تەپەككۇر ھەر بىر ئادەم ئۆز ئالدىغا ئويلاپ، شەيئىلەر ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسە ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلىرىگە قارىتىلىدۇ. پىكىر بولسا، شۇ ئويلىغانلىرىنى تۈتۈق ياكى مەتبۇئات ئارقىلىق كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ، ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىشقا بولغان تىرىشچانلىققا قارىتىلىدۇ. مەلۇم كۆز قاراش، تەپەككۇر ياكى پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئىسلاھات يۈنىلىشىدە ئاكتىپ رول ئوينىشى ئۈچۈن ۋاقىت ئالدىنقى شەرت بولىدۇ. ۋاقىت تارىخ زەررىلىرىدىن بىر زەررىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئاقىللىرى مۇشۇ زەررىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن خەيرلىك ئىشنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققان. ئىنسان ھەر ۋاقىت تەپەككۇردىن خالىي ئەمەس. تەپەككۇرسىز ئىنسان ئىنسانلىق سالاھىيىتىدە بولمىغان بولىدۇ. مەن مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2008-يىل 1-سانىدىكى «ئۈزلۈك تەپەككۇردا مائارىپ جەريانى» دېگەن ماقالەمدە بىر تامچە سۇ ھەققىدە مۇلاھىزە قىلغانىدىم. بىر تامچە سۇ قارىماققا بەك ئاددىي نەرسە. ئەمما ئۇ دۇنيا ۋە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيەت قانۇنىيىتىگە ئوخشاش مۇرەككەپ ھېكمەتلەرنى ئۆزىچىگە ئالغان شەيئىلەرنىڭ بىرىدۇر. گۈل بەرگىدىكى بىرتامچە سۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىلھام- ھاياجانغا چۆمۈلگەن شائىرلار سۇ ھەققىدە تالاي نەزمە توقۇشقان. مانا بۇ بىر تامچە سۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، تېخىمۇ يېقىن قارايدىغان بولساق، ئاشۇ بىر تامچە سۇدىن ئۆز ئەكسىمىزنى كۆرەلەيمىز، تېخىمۇ يېقىنلاشساق، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت سۇدا زاھىر بولىدۇ. تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ زامانىۋى كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بىلەن بىر تامچە سۇنى كۆزەتسەك، بىز تامامەن بىر مىكرو دۇنياغا كىرىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. بۇ مىكرو دۇنيا بارلىق كائىناتنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر مەركىزى بولۇپ، ۋەھدانىيەت دۇنياسىدا ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە يارىتىلغان ئىنسان ئاشۇ بىر تامچە سۇدىن ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئىنسان ئاشۇ تامچە سۇدىن يارىتىلغاندۇر. يامغۇرلارمۇ ئۆز قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن تامچىلاپ چۈشىدۇ، گۈل بەرگىدىكى شەبنەم قەترىلىرىمۇ تامچە ھالەتتە ئۆزىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ئىنسان ئازابلار ئىلكىدە يىغلىغاندا، كۆز چاناقلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلارمۇ تامچە ھالەتتە تۆكۈلىدۇ. ھازىرقى زامان مېدىتسىناسىدىكى ۋىناغا سۈيۇقلۇق تېمىتىش تېخنىكىسىمۇ تامچىنىڭ خاسىيىتىدۇر. دېمەك، تامچە ھاياتلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. غايەت زور كائىناتقا نىسبەتلەشتۈرگەندە دېڭىزمۇ بىر تامچىدۇر. ئۇنداقتا، دۇنيا ئاشۇ تامچىدىن بەرپا قىلىنغانمۇ؟ تامچە ئادەتتە يۇملاق ھالەتتە بولىدۇ، ئالمىمۇ يۇملاق. نىھايەت، نيۇتون باغدا ئارام ئېلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز شېخىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بىر تال ئالمىنىڭ بېشىغا تېگىشىدىن ئالەمنىڭ ئۆزئارا تارتىلىش قانۇنىنى ئىختىرا قىلغانىدى. تۇخۇممۇ يۇملاق، ياڭاقمۇ يۇملاق، ئادەم مېڭىسىمۇ يۇملاق،

كۆز قارچۇقىمۇ يۇمىلاق، يەنە تالايلىغان شەيئىمۇ ئەشۇ تامچىغا ئوخشاش يۇمىلاقتۇر. يەرشارىمۇ يۇمىلاق، قۇياشمۇ، ئايمۇ يۇمىلاق. شۇنىڭدەك، ئاسماندىكى بارلىق جىسىم- پىلانېتىلار يۇمىلاق. ئۇنداقتا، شۇنچە پايانسىز تەبىئەت دۇنياسى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ يۇمىلاق بىلەن تولۇپ كەتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ يۇمىلاق جىسىملار ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى جەريانىدا بىرسىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەردۇر. خوش، بۇ قىزىقارلىق يۇمىلاق نەرسىلەر بىزنىڭ تەبىئەتكە بولغان مەھلىيالىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، ھاياجانلىق تەپەككۇرلارغا باشلايدۇ. بىز دەۋاتقان بىر تامچە سۇغا شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ نەرسىلەر فىزىكىلىق، خىمىيىلىك، ئاسترونومىيىلىك ۋەياكى بىئولوگىيىلىك تۇغقاندارچىلىق بىلەن ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى داۋام ئەتتۈرۈۋاتقان شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلار كائىناتتىن ئىبارەت چوڭ گىپ خەرىتىسىنىڭ دائىرىسىدە ئىنسانىيەتنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئۆز مەھلىيالىقىنى ئىپادىلەپ، ۋەھدانىيەت دۇنياسىدا سەير ئېتىپ تۇرۇپتۇ. يۈرەك ئىنسان ئورگانىزىملىرىنىڭ رەئىس ئەزاسى بولۇپ، ئۇ، ھاياتلىقنىڭ ماتورى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، يۈرەك قانداق نەرسە؟ ئۇ، مېدىتسىنا ئىلمىدە پۇتكۇل بەدەنگە ئېنېرگىيە يەتكۈزۈۋاتقان ئىنتايىن خاسىيەتلىك بىر پارچە نىسپىي يۇمىلاق قىزىل گۆشتۇر. ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەبەدىي شان- شۆھرەتنى ئالەمگە مەشھۇر باھادىر - ئەزىمەتلەر ئۆتتى. ئالىم- سىياسىيونلار، ئىسلاھاتچى، مۇتەپەككۇرلار ئۆتتى. بەجايىكى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ جىسمىدا ئاجايىپ دولقۇنلۇق يۈرەك يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. بۇلار قانداق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى؟ ئۇلارنىڭ مەۋجۇد رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش كۈرەشلىرىدە يۈرەك قانداق روللارنى ئوينىدى؟ ئۇلار دۇنيادا دەۋر سۈرۈۋاتقان مۇدھىش قەھرىتانلىق ئۈستىدىن ئاشۇ يالقۇنلۇق يۈرەكنىڭ ھارارىتى بىلەن غالىب كەلدى. كىشى ھاياجانلانغاندا يۈرەك نېمە ئۈچۈن شىددەتلىك سوقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇ ھاياجان ئىلكىدە كۆزدىن ياش تۆكۈلىدۇ؟ ئىنسان بىلەن تەبىئەت مانا بۇ ئوخشاشلىقتا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. دەھشەتلىك بورانلار چىقىدۇ، چاقماق چېقىلىدۇ، ئارقىدىن زېمىنغا يامغۇر تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. تەبىئەت ئۆز ھاياجانلىرىنى مۇشۇنداق ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداقتا، تەبىئەتنىڭ يۈرىكى نېمىگە مۇشۇنداق ھاياجان ئىلكىدە سوقىدۇ؟ ئىنسان مۇھەببەت بىلەن سۆيىدۇ، غەزەپ بىلەن ئۆچ ئالىدۇ، تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەيدۇ، مۇسىبەت بىلەن يىغلايدۇ. ئىنساندىكى بۇ خىل تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەر كائىنات خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئەڭ كىچىك بىر پارچىسىدۇر. چۈنكى ئىنسان ئاشۇ كائىنات تەركىباتلىرىدىن نۇسخىلانغان بولۇپ، بەلگىلىك نىسبەتتە تۇپراق بىلەن، بەلگىلىك نىسبەتتە سۇ بىلەن، يەنە بەلگىلىك نىسبەتتە ھاۋا بىلەن، بەلگىلىك نىسبەتتە ئوت بىلەن ۋۇجۇدى تاكامۇللاشقان. ئىنسان ۋە تەبىئەت مۇشۇ تۆت ئاناسىر بىلەن ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى جارى ئېتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننىڭ ھېسسىي ئامىللىرى تەبىئەتنىڭ ھېسسىي ئامىللىرىغا تامامەن ئوخشاشتۇر. كائىنات ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ئىنسانىيەتمۇ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىلدىكى قانداشلىق ئۇلارنى مەڭگۈلۈك تەقدىرداشلىق بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە كۆرە ئىنسان بىلەن تەبىئەت بىر- بىرىنى پەرۋىش قىلىدۇ. تەبىئەت چوڭ كۈچ، ئىنسانىيەت كىچىك كۈچ. تەبىئەتنىڭ تەپەككۇرى ئىنساننىڭ تەپەككۇرىدىن ھامان ئۈستۈن تۇرىدۇ. تەبىئەت ئىنساننىڭ مەنپەئىتى ئۈستىگە تەپەككۇر قىلىدۇ، ئىنساننىڭ تەپەككۇرى كۆپىنچە ھالدا تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە ماس ھالدا چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. تەبىئەت بىلەن بولغان ئەنە شۇنداق مەپكۇرە بىرلىكى ئىنساننىڭ ئەڭ توغرا چىقىش يولىدۇر. تەبىئەت تەبىئىي ئېكولوگىيىنى ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇق مۇۋازىنىتى قىلىپ تۇرسا، ئىنسانىيەت سىياسىي ئېكولوگىيىنى ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇق مۇۋازىنىتى قىلىپ تۇرىدۇ. زامان كۆللى مەۋجۇداتلارغا ئورتاق بولغان تارىخ خاھىشى بولۇپ، ئۇ، كائىناتنى قېرىتىش خاراكتېرىگە ئىگە. دەۋر ئايلىنىپ تۇرىدۇ. يەرشارى ۋە باشقا پىلانېتىلارمۇ ئايلىنىپ تۇرىدۇ، تارىخمۇ ئوخشاش رەۋىشتە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل رەۋىشتىكى ئايلىنىش نىھايەت بىر يۇمىلاق ھالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ. كائىنات، زامان ۋە ماكان مۇشۇ يۇمىلاق چەمبەر ئۈستىدە سەير ئېتىپ تۇرغان ھاياتلىق چەمبىرى بولۇپ، غايەت زور بىر غەيىب كۈچ بۇ مەۋجۇداتلارنىڭ ئېنېرگىيىسىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا، ئاشۇ بۈيۈك كۈچ نەدىن كەلدى؟

بىز تەپەككۇر قىلدۇق، ئەمما دائىرىلىك تەپەككۇر قىلالمىدۇق. ۋۇجۇدىمىزدىن بىر ناقىسلىق ئورۇن ئالدى. كۆپىنچە ھالدا بۇ ناقىسلىق سىرتقى تەسىرلەردىن كەلگەنىدەك بىلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئىچكى ئىللەتلىرىمىز ئىدى. بىزنىڭ تەپەككۇر قاتماللىقىمىز تارىخىي رىيازەتلىرىمىزنىڭ تەركىبى بولغان مائارىپسىزلىق ئىللەتلىرى بىلەن يىلتىزداش ئىدى. مائارىپ ئىنساننىڭ دائىم يېڭىلىنىپ تۇرۇشى، قاسراق تاشلىشىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىدۇر. ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئۆزلۈك مائارىپىدىن كېلىدۇ. تەپەككۇر ئاشۇ ئۆزلۈك مائارىپىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، ئۇ، دۇنيانى بىلىش، دۇنيا يۈزلىنىشلىرىنى بىلىش، دۇنيا ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىۋاتقان پىكىر - مۇلاھىزىلەرگە ئورتاقلىشىشقا ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولدۇر. ھەربىر شەيئى تالاي ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شەيئىلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكمەتلەر ئىنساننىڭ بىلىش دائىرىسى ئىچىدىكى زاھىرىي نەرسىلەر بولۇپ، بۇ خىل زاھىرلىقنى ئەقىللىق كىشىلەرلا بايقىيالايدۇ. پەقەت تەپەككۇر كۆزى ئارقىلىقلا كۆرگىلى بولىدىغان بۇنداق زاھىرەن نەرسىلەر ئەقىل ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان قوۋم ئۈچۈن ھېچبىر مەۋجۇد ئەمەستەكلا تۇيۇلىدۇ. تەپەككۇر ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىدۇر. پىكىر جاھان ھېكمەتلىرىنى بىلىشتىكى ئاچقۇچ بولۇپ، بۇ ئاچقۇچ ئارقىلىق ئىنسان تالاي تىلسىمنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ھەربىر شەيئىدە ئۆزىگە خاس سىر ۋە ھېكمەت بولىدۇ. بۇ ھېكمەتلەرنى بىلىش ئاشۇ تەپەككۇر ئىگىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىجتىھاتى بەدىلىگە زاھىر بولىدىغان قىممەتلىك كەشپىيات سەمەرىسى بولۇپ، ئۇ، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنىڭ يېشىمىدۇر. قىممەت تەپەككۇر ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. كەشپىيات تەپەككۇر ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. تەپەككۇر

مۇكەممەل ئىسلاھات جەريانىدۇر. ۋەھالەنكى، تەپەككۇر تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى تىنچ بىر سۆزلەشمە جەريانى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق زامان شەرھلىنىدۇ، زامان ئىسلاھ قىلىنىدۇ. سانائەت ئىنقىلابىدىن ئۇچۇر ئىنقىلابىغىچە بولغان زامان تالاي كەشپىياتنىڭ زامانى بوپقالدى. بۇ، غەرب تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ ئىلغار ھەم مەدەنىي تەركىبلىرىدىن بولۇپ، بۇ كەشپىياتلار غەرب كاپىتالىنىڭ گۈللەپ- ياشىنىشىغا سەۋەب بولدى. ئەمدى يەنە بىر قېتىم يىغىنچاقلىساق، تەپەككۇر كاپىتال دىمەكتۇر. تەپەككۇر مەلۇم بىر زاماننى ۋە شۇ زامان ئۆز ئىچىگە ئېلىۋاتقان مۇئەييەن شەيئى- ھادىسىلەرنى قايتا-قايتا شەرھلەيدۇ، ئەڭ يېڭى ھالەتتە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىدۇ. بىلىم تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرىدۇر. بىلىم پىشقان نەزەرىيە بولۇپ، تەپەككۇر بىلىمنىڭ خورۇچىدۇر. ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ھەربىر تەپەككۇر خورۇچى ئىنساننىڭ روھىيەت مۇۋازىنىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنتلاردىن بولۇپ، بۇ خىل ئېلېمېنتلار ئىنسان ۋۇجۇدىدا كېمەيگەنسىرى، ئىنسان روھى زەئىپلىككە يۈزلىنىدۇ. ئىنساننىڭ پىكىرسىزلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان روھىي زەئىپلىكى مەدەنىيەتنىڭ ۋە شۇ مەدەنىيەتكە ھامىي بولۇۋاتقان پۈتۈن بىر قوۋمنىڭ چۆكۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. تەپەككۇر تىرىكلىكنىڭ، ئىنسانلىقنىڭ، مىللىيەتلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. تەپەككۇر تەرەققىياتنىڭ، ۋارىسلىقنىڭ، ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. بىز ھازىرقى زامان غەرب دۇنياسىنىڭ قۇدرىتىنى نېمىدىن كۆرۈپ يېتىمىز؟ ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۇلار ئۈچۈن چەكسىز تەرەققىيات بوشلۇقى، مەدەنىيەت بوشلۇقى، بازار بوشلۇقى، ئەڭ مۇھىمى، مۇكەممەل ئىمپېرىيە بوشلۇقى ھازىرلاپ بەردى. بىز غەرب دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتىنى بىرتامچە سۇدىن، بىرتال چىشلىق چاقتىن، بىرتال دىۋىگاتېل ناسوسىدىن كۆرۈپ يېتەلىشىمىز مۇمكىن. ئۇلار ئەڭ كىچىك نەرسىلەر بىلەن، يەنى زەررىچىلەر بىلەن قۇدرەت تاپتى. ماددىلارنىڭ ماسسىسى، مولېكۇلا قۇرۇلمىسى، ئاتوم تۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنى بىلىشنى شەيئىلەرنى بىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلدى. بۈيۈك رۇس خىمىكى مېندىلېيېفنىڭ بىر ۋاراق ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىگە غەرب دۇنياسىنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تەپەككۇر مۇساپىسى سىڭىپ كەتكەنىدى. غەرب نېمە ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئىلىم پاسىبانلىقىنى قولىغا ئېلىۋالدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ دۇنيادىن كۆپ ئۇزاپ كەتتى؟ بۇ دەل تەپەككۇر مەسىلىسى. غەربلىكلەر ئېلىپ بارغان «سانائەت ئىنقىلابى» دەل تەپەككۇر ئىنقىلابىدۇر. جامىس ۋات ئەسلىدە بىر ئاددىي كېمسازلىق ياغاچچىسى ئىدى. ئۇلار ئاتا- بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ كەسىپ بىلەن جان باقاتتى. ۋات نېمە ئۈچۈن غەرب سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسچىسى بوپقالدى؟ ئۇ تەپەككۇر قىلدى. ئەزەلدىن كېلىۋاتقان كېمسازلىق ياغاچچىلىقىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. ئۇ، پالاق ۋە شامال بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كېمىلەرگە قاراپ، قانداق قىلغاندا مۇشۇ كېمىلەرنى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىدىغان قىلغىلى بولىدۇ دەپ ئويلاندى. ئۇ، كىچىكىدىنلا شەيئى- ھادىسىلەرگە تەپەككۇر كۆزى بىلەن قاراش، سوئال قويۇشقا ھېرىسمەن بولغاچقا، مەش ئۈستىدە چەينەكتە قايناۋاتقان سۇ ھورىنىڭ چەينەك ئاغزىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ تاراقشىتىپ، ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەئەججۈپ ئىلكىدە بۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ. ئەگەر چۆگۈندىكى سۇ نەچچە مىڭ ھەسسە ياكى نەچچە يۈزمىڭ ھەسسە ئاشۇرۇلسا، بۇنىڭدىكى كۈچ غايەت زور بولۇشى مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. شۇنداق. توغرا بىر تەپەككۇر ئۇسۇلى بولغاندا ئىنسان كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنىڭ نۇرانە شولىسىنى قىلغان ئەمەللىرىدىن كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. ۋات 20 ياشقا كىرگەندە پار ماشىنىسى ھەققىدە رەسمىي تەتقىقاتقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئاشۇ تەپەككۇرى پار ماشىنىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. تەبىئىي قانۇنىيەتلەر ھامان ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاددىي تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ئاجايىپ سىرلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئاشۇ سىرلار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ ئىزدەنگەندە، ئۇنىڭدىن غايەت زور قىممەتكە ئىگە مۆجىزىلەر پەيدا بولىدۇ. ئەسلىدىنلا سۇ قاينىسا ھورىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئاددىي ئىش. ئەمما ھېچ كىشى بۇنىڭ ئېنېرگىيە قىممىتىگە دىققەت قىلمىغان. پەقەت ۋات تەپەككۇر ئارقىلىق بۇنى بايقىدى. ئاخىرى قايتا- قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق ۋات 1679-يىلى يانۋاردا تۇنجى قېتىم پار ماشىنىسىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. يېرىم ئەسىردىن كېيىن، ۋات كەشىپ قىلغان بىرلەشمە ھەرىكەت شەكىللىك پار ماشىنىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدا قوللىنىلىپ، سانائەت ئىنقىلابىنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى. مانا بۇ دەۋر بۆلگۈچ كەشپىيات غەرب دۇنياسىدا مەشھۇر سانائەت ئىنقىلابىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى. سەن ئالدى بىلەن تەپەككۇر قىل، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگەن، شۇ چاغدىلا ساڭا كەشپىيات بوشلۇقى كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ. مەن كۆپىنچە ھالدا تەپەككۇرنىڭ يىلتىزىنى مائارىپتىن ئىزدەيمەن. بىزدىكى مائارىپ شەكلى ھېلىھەم تەربىيىنى ئاساس قىلىدىغان يولدا كېتىۋاتىدۇ. تەربىيە بويسۇندۇرۇشتىكى بىر خىل سىلىق ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار تەپەككۇرغا ئۈندەلمەيدۇ. بۇخىل مائارىپ ئوقۇغۇچىلارغا سىنىپتا ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، ئۆيدە ئاتا- ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان، جەمئىيەتكە ياكى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن باشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان كىشىلەردىن بولۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تولىمۇ بىكىك ھالەتتىكى مائارىپ مېتودى بولۇپ، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسىدۇر. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىنساننىڭ تەپەككۇر بايلىقىنى ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ مېڭىسى غايەت زور بايلىق يوشۇرۇنغان مۇنبەت زېمىنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن قازغانسېرى بايلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئىنسان مېڭىسى بىر سۆيۈملۈك ۋەتەندۇركى، ئۇ سېنىڭ ھاياتلىقىڭدىكى ئەڭ مۇستەھكەم پاناھىڭدۇر. جىسمىڭ مۇساپىر بولسىمۇ، ۋەتىنىڭ روھىڭدا مۇستەھكەمدۇر. ۋەھالەنكى، تەپەككۇرۇڭ سەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ۋەتەن. يەھۇدىيلار دەل مۇشۇ خىل ۋەتەن تۇيغۇسىنى قەلبىگە ھەم مائارىپىغا مۇجەسسەملىگەن مىللەت بولۇپ، ئۇلار تەپەككۇر ئارقىلىق مېڭىسىنى بۇرغىلاپ، بايلىق ھاسىل قىلدى. ئۇلار ياراتقان بۇ خىل بايلىق يەرشارى ئىقتىسادىنىڭ يادرولۇق تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئەقلىنى ئېچىش ھەرىكىتى روكفېللېرغا ئوخشاش دۇنيا ئىقتىسادىنى كونترول قىلىدىغان كاپىتالىستلارنى،

ئېينشتېينىدەك ئۇلۇغ ئالىملارنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇلار ئەقىل ئارقىلىق ۋەتىنىنى تاپتى. ۋەتەن ئۇلارنىڭ روھىدا ساقلانغانىدى. بىزدىكى ماتارىپ دىگەن ئاتالغۇ ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، «بىلىش، تونۇش» دىگەن مەنىنى بېرىدۇ. بىزنىڭ قەدىمى تىلىمىزدىمۇ «بىلىگ» دىيىلىدۇ. «ماتارىپ» ياكى «بىلىگ» سۆزىدىن ھەرگىزمۇ «بويسۇنۇش» دىگەن مەنە ئاڭلانمايدۇ. شۇڭا ساغلام بولغان ماتارىپ شەيئىلەرنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىلىش بىر ھۈنەردۇر. ھۈنەر تەپەككۇر ئارقىلىق ۋايىغا يېتىدۇ. ماتارىپ ئەلۋەتتە تەپەككۇر قىلىشنى، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك. قۇشلار ئاسماندا ئۇچىدۇ. ئادەم يەردە ماڭىدۇ. سۇ دەريا ۋە ئېرىقلاردا ئاقىدۇ، دېڭىزلاردا ساقلىنىدۇ. قۇياش يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىدۇ. تۇپراق بولسا زىرائەتلەرنىڭ ۋە تۇرلۇك- تۇمەن ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆۋىسى بولۇپ، بۇلار شەيئىلەردىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەردۇر. ماتارىپ مۇشۇلار ھەققىدە پىكىر قىلغاندا ئۇ ئەسلىنى تاپقان بولىدۇ. ئىلىمگەر قوۋملار بۇ ھەقتە كۆپ تەپەككۇر قىلىدۇ. بۇ شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى، ھالىتىنى، خۇسۇسىيىتىنى بىر- بىرىگە تەتبىقلاش، ئۇلاردىن ئىلھاملار ئېلىش تەپەككۇردۇر. ئادەم ئەسلىدىن يەردە ماڭىدۇ، بۇ، تەبىئىي خۇسۇسىيەت. لېكىن ھازىر ئادەملەرمۇ ئۇچۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ئۇچۇش قۇشلاردىن ئالغان ئىلھامنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىلىمگە ھېرىسمەن كىشىلەر ئۇزۇن ۋاقىت قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىنى تەتقىق قىلىپ، قۇشلارنىڭ تەبىئىي ئۇچۇشىنى ئىنسانلارغا تەتبىقلاپ، ئىنسانلاردىكى سۇنئىي ئۇچۇشنى بەرپا قىلىپ چىقتى. ھەر بىر شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس ماتارىپلىق خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. شەيئىنىڭ ماتارىپقا ياتىدىغان تەرىپىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئېپىدۇر. ماتارىپ قارىسىغا يادلاش بولماستىن، مۇكەممەل بولغان تەجرىبىدۇر. بىز ئۆگىنىۋاتقان ماتارىپ يۇكسەك دەرىجىدە قېلىپلاشقان ۋە گرافىكلاشقان ماتارىپ بولۇپ، ئۇنىڭدا نەزەرىيىلەشكەن بىلىم بولغىنى بىلەن تەپەككۇر يوق. تەبىئەت قوينىنىڭ نەقەدەر ئازادە تەرەپلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلمەيدۇ. ھەرقايسى پەن مۇكەممەل تۈرلەرگە ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، مەڭگۈ قوشۇلالمايدىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. بىزنىڭ ماتارىپىمىزدا ئالگېبرا بىلەن ئەدەبىيات ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدۇ. فىزىكىدا تالانتلىقلار ئەدەبىياتنى چۈشەنمەيدۇ. ئەسلىدە ھەممە پەن بىر تۇغقان بولۇپ، ئىنسان تەپەككۇرىدا ھەممىسى بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ماڭىدۇ، بىرى كەم بولسا تەبىئەتنىڭ بىر تەرىپى ئەكس ئەتمەي قالىدۇ. بىز يىڭناغۇچنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ، بىئولوگىيە پېنىگە تەۋە ھاشاراتقا كىرىدۇ. قارىماققا يىڭناغۇچ ناھايىتى چىرايلىق ھاشارات، كۆل بويلىرىدا، ئېرىق- ئۆستەڭ بويلىرىدىكى گۈللۈكلەردە شوخلۇق بىلەن ئۇچۇپ يۈرگىنىدە كىشىگە چەكسىز زوق ئاتا قىلىدۇ. ئادەم قارىغانسېرى ئۇنىڭدىكى مۇكەممەللىكتىن ئىلھام- ھاياجانلارغا چۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ، تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا بېرىۋاتقان مەنىۋى ئىلھامى. سىز شائىر بولسىڭىز ئاشۇ يىڭناغۇچقا قاراپ بىر پارچە تەبىئەت لىرىكىسى يېزىپ چىقالىشىڭىز مۇمكىن. ھازىرقى زامان ئۇچقۇ ئىنژېنېرلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئىنتايىن مۇكەممەل بولغان ئۇچۇش ئۈلگىسى بولۇپ، ھەربىي سانائەتتە قوللىنىۋاتقان ئۇچقۇ تېخنىكىسىدىكى تىك ئۇچار ئايروپىلان دەل يىڭناغۇچنىڭ ئۇچۇش ۋە قونۇش، سۈرئەت ئاشۇرۇش، ئېغىرلىق بىلەن قانات قېقىش ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىق، ئۇچۇش مۇساپىسى ۋە ئېنېرگىيە خوراش جەھەتلەردىكى خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلانغان. تەپەككۇر تەبىئەتتىن كەلگەن ئىلھام- ھاياجانلار بىلەن قانات قاقىدىغان بولۇپ، ھەممە پەن ئانا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە مۇجەسسەملەشكەن. كەشپىيات دەل تەبىئەتنى بايقاشتۇر. مۇتەپەككۇرلار ئومۇمەن ھاللاردا تەبىئەت خۇسۇسىيەتلىرىنى بايقاشقا ئۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئەتتىن ئالغان ھەربىر ھاياجىنى كائىنات ئۈچۈن روشەن بەلگىلەرنى قالدۇرىدۇ. ئىلھام ۋە تەپەككۇر دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ. ئىنساندىكى بۇخىل ھېسسىي ئويغىنىش كۆپىنچە تاسادىپىي يۈز بېرىدۇ. ئەمما شۇ كىشىدە مۇشۇنىڭغا قارىتا سوئاللار بۇرۇنلا ئىدىيۋى تەييارلىق ھالىتىدە شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. بىر كۈنى ئىساك نيۇتون باغدا ئارام ئالغاچ تەپەككۇر دېڭىزىغا چۆممەكتە ئىدى. گەرچە ئۇ شائىر بولمىسىمۇ، تەبىئەت گۈزەللىكىدىن شائىرلاردىنمۇ بەكرەك ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغان قەلبى ھاياجانلىق ئالىم ئىدى. ئۇ، كائىنات ھەققىدە توختىماي تەپەككۇر قىلاتتى. دەل شۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭ بېشىغا يوغان بىر ئالما چۈشتى. ئۇ، ئالمىنىڭ چۈشۈشى بىلەن دىققىتىنى يىغىپ ئالمىغا قارىدى. ئالمىنىڭ يەرگە چۈشۈشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما نيۇتون ئۇنداق ئويلىمىدى، ئۇ ئۆز- ئۆزىگە سوئال قويدى. «نېمە ئۈچۈن ئالما ئاسمانغا چىقىپ كەتمەي يەرگە چۈشىدۇ؟» بۇ، نيۇتون ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بىر سوئال ئىدى. قاراڭ، مانا مۇشۇ بىر سوئال كېيىن دۇنيانى ئۆزگەرتتى. بۇ، تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى. بىز ئاددىي نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشنى بىلگەن ۋاقتىمىزدا چوقۇم ئاشۇ ئاددىي نەرسىلەردىن قىممەتلىك كەشپىياتلار مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. چەينەك قاينىغان ۋاقىتتىكى ھورنىڭ چىقىشى، ئالمىنىڭ يەرگە چۈشۈشى دېگەندەك ھادىسىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئالدىمىزغا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاددىي ئىشلاردىن بولۇپ، بىز دىققەت قىلمىساق، كۆزەتمىسەك، بۇ ئۆز پېتىچە كېتىۋېرىدۇ. بىز ئاددىي دەپ قارىغان ھەرقانداق شەيئىدە ئۆزىگە خاس بولغان مۇكەممەل ماتارىپلىق خۇسۇسىيەت بولىدۇ. بىز شۇ خىل خۇسۇسىيەتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ شەيئىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ، زېرىكمەي تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا ئويلىغىنىمىزدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. ئۆز تەپەككۇرىمىز بىلەن مەيدانغا كەلگەن نەرسىلەر مەڭگۈ ئۆزىمىزگە خاس نەرسىلەردۇر. ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ماتارىپ ئۆزىمىزنىڭ ماتارىپى، يارىتىلغان ئىقتىسادىي قىممەت ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادى، يارىتىلغان روھىي ئېنېرگىيە ئۆزىمىزنىڭ ئېنېرگىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي جەمئىيەت مىللىي تەپەككۇر خاسلىقىدىكى جەمئىيەت قاتارىغا كىرىدىغان بولۇپ، بۇگۈنكى دەۋر غەرب جەمئىيىتى تىپىك مۇشۇ خىلدىكى جەمئىيەت قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلار تۈرلۈك- تۈمەن كەشپىياتىغا ئۆز تىلىدا نامىلار قويىدى. بۇ نامىلار شۇلارنىڭ ئىجتىمائىيىتىنى، دۇنياۋى ئورنىنى، شانلىق

تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مىللىي خاسلىقى ماھىيەتتە ئىلىم ۋە تەپەككۇر خاسلىقىدۇر. ئىلىم ۋە تەپەككۇر خاسلىقىدىكى مىللىي خاسلىق ئەڭ مۇكەممەل مىللىي خاسلىق بولۇپ، ئۆرپ- ئادەت، كىيىم-كېچەك قاتارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۇنىڭ تاشقى پوستىدۇر. ئۇنداقتا، بىزدە شۇنداق مىللىي خاسلىق مەۋجۇدمۇ؟ مەن دەۋر تەرەققىياتىدىكى ئاجايىپ يۈكسىلىشلەردىن ئۇمىدۋارلىق تۇيغۇسىغا چۆمىمەن. كىشىلەر توكنى، دىۋىگاتېلنى، لامپۇچكىنى، كىنونى، تېلېفوننى، ئايروپىلاننى كەشىپ قىلدى. بۇلار دەۋر بۆلگۈچ يېتەكچى كەشپىياتلاردۇر. باشقا كەشپىياتلار مۇشۇلار ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى ھەم بېيىتىلدى. ئىستېمال قىلىش ئېھتىياجى بىلەن پۈتكۈل يەرشارى مىقياسىدا ئىنسانىيەت تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇلدى. بۇ، غەربنى يادرو قىلغان پاتېنت ۋارىسلىقى بولۇپ، غەرب دۇنياسى مانا مۇشۇ ئاساسىي كەشپىياتلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقىدىن پەخىر ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش روھى باشقىلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش روھى مۇشۇ خىل ئىشەنچ ئۈستىگە قۇرۇلغان. غەرب روھىدىكى ئىلىم ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ھەربىر كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن گۈزەل بولغان يۆنىلىش خاراكتېرلىك ئۈلگىلەردىن بولسىمۇ، بىز ئۇلاردىن پەخىر ھېس قىلالمايمىز. بىزنىڭ ئۇلاردىن ئالغان روھىي قۇۋۋەتلىرىمىز قانچە كۆپ بولغانسېرى، ئۇلارغا بولغان قەرزدارلىق تۇيغۇمىز شۇنچە زور ئېشىپ بارىدۇ. غەرب دۇنياسىدىكى ئىلىم ئۇستازلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار پروگراممىلىرى يەرشارى بويلاپ ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتقان جەريانلاردا ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە مەدەنىيەت نامايەندىلىرى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە سىڭىپ كىردى. مەھسۇلاتتىكى ماركا ۋە بازار ئېچىش تەپەككۇرى ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىك تامغىسى ئىدى.

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تەكلىماكان ئېتىكىدىكى قەدىمىي يېزا ھېلھەم ئېشەك ھارۋىسىنى قاتناش قورالى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ئاندا- ساندا سۇ تۈگمەنلىرىنى ئۇچرىتىپ قېلىش مۇمكىن، جۇۋاز خانىلىرىنىمۇ ئىزدىسەك تېپىلىپ قېلىشى ئېھتىمال. شۇنداق تەقدىردىمۇ يېڭى ئەسىرگە لايىق رەۋىشتە بۇ يېزىدىمۇ تەرەققىيات ئامىللىرى پەيدا بولدى. يوللار ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. يېزا مەركىزىدە كىچىك كىرا ماشىنىلىرى ئايلىنىپ يۈرۈشىدۇ. ياشلارنىڭ خېلى كۆپى موتسىكلىتلاشتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسى زامانىغا يارىشا تۆت قەۋەتلىك سېلىنىدى. بۇ خىل مەنزىرە يېڭى يېزا تەرەققىياتىدىكى تاشقى كۆرۈنۈشلەر ئىدى. دۆلەت مۇشۇ خىل كۆرۈنۈشنى لايىھىلەش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن خېلى كۆپ مەبلەغ سالغان. ئەمما دېھقانلارنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسىدىن يېڭىچە ئېلېمېنتلارنى بايقاش قىيىن ئىدى. ئۇلار غەمخورلۇق ئاساسىدىكى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىكى ئۆزگىچە تەپەككۇر بارغانسېرى يىگىلەشكە باشلاۋاتاتتى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا تۈگمەننى ئۆزلىرى ياساپ، ئۆزلىرى ئۇن تارتقان، جۇۋازنى ئۆزلىرى ياساپ، ئۇنىڭدىن ياغ چىقارغانىدى. چىغرىقنى ئۆزلىرى ياساپ، ئۇنىڭدىن پاختا ۋە چىگىت ئايرىپ، باپكارلار رەخت توقۇغانىدى. بۇ خىلدىكى كەسىپ ئىجادىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۆزلۈك تەپەككۇرى مىللىي خاسلىقنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تەپەككۇر جۇغلانمىسى بولۇپ، ئۆزلىرى بەرپا قىلىپ چىقىۋاتقان مۇشۇ ئىدراكىي جەمئىيەتنىڭ خوجىلىرى ئىدى. غەربتە ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېل مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن دۇنيا ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەت ئاتا- بوۋىسىدىن قالغان ئەنئەنىۋى ھۈنەر- سانائەتلىرىگە دىۋىگاتېللارنى سەپلەپ، قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى. بىز نېمە ئۈچۈن چىغرىق، جۇۋاز، تۈگمەنلەرگە دىۋىگاتېل سەپلىمىدۇق؟ ئەزەلدىن ھۈنەر- سانائەتتە ئىلگىرى ماڭغان بىر مىللەتتە «تۆمۈرچىدىن ئارتۇق فىزىك، بوياقچىدىن ئارتۇق خىمىك چىقماي» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995-يىل 5-، 6-(قوشما)سان. — مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما)، دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىش يولىنى قايسى كۈچ توسۇپ قويىدى؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى يەنىلا پىكىرچان، ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزىسىگە تاپشۇرىمەن. ئەمما مەن سۆيۈملۈك ئاتا-بوۋامنىڭ تەپەككۇر روھى سىڭگەن ئاشۇ تەۋەررۈك ھۈنەر- سانائەت نامايەندىلىرىنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن ۋە روھىيەت جەزىرەمنى قاندۇرۇپ تۇرىمەن. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۆزلۈك تەپەككۇرىنىڭ ئەقلىيەت جەۋھەرلىرى پارلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا بىر سۆيۈملۈك ۋەتەننىڭ، مۇكەممەل روھىيەتنىڭ ھەممىباب ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ سىيماسى ياتىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر غەرب سانائىتىنىڭ جان تومۇرى چىشلىق چاق بولغىنىدەك، ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئىشلەتكەن يارىيار ھارۋىلارنىڭ چاقىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك بولغانىدى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادروسىدا مۇكەممەل ئىلمىي تەپەككۇر روھى پارلاپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە غەربنىڭ ئەڭ ئىلغار پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى بىلەن بىزنىڭ چىغرىقنىڭ ئىشلەش پرىنسىپى ئوخشاش ئىدى. پەرق نېمە؟ ئۇلار ئىسلاھ قىلىپ كېڭەيتتى، بىز بولساق بىر ئىزدا توختىتىپ قويدۇق. بۇنداق بولۇشىدا تۈرلۈك ئىچكى- تاشقى سەۋەب بار. ھۈنەر- كەسىپكە بولغان ئامراقلىق بىزنىڭ ئۇدۇمچانلىق روھىمىزدا ئەزەلدىن ساقلىنىپ قالغان بولغاچقا، ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار غەربنىڭ ئەڭ ئىلغار زاۋۇتى ۋە تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق دىيارىمىز سانائىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، ئۇلاردا ئەنە شۇنداق تېخنىكا ۋە سانائەت تەپەككۇرى بار ئىدى. دېمەك، بىزنىڭ قېنىمىزدا تەپەككۇر ئۇدۇملىرى خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان.

ئادەم ھامان ئىزدىنىپ ياشايدۇ. ئىزدىنىش تەپەككۇرنىڭ ئەمەلىيىتىدۇر. ياشاش ۋە تۇرمۇش بېسىمى ئادەمنى تېخىمۇ ئىزدەنگۈچى قىلىپ قويىدۇ. «بۆرىسى يوق جاڭگالنىڭ قويلىرى بىغەم» بولغىنىغا ئوخشاش، باياشات تۇرمۇش ئادەمنى تەپەككۇردىن چەكلەپ قويىدۇ. ئادەمدە كەلگۈسىگە بولغان خەۋپ تۇيغۇسى بولمىسا، ئىنتىلىش ۋە تەدبىركارلىقتىن ئېغىز

ئاچقىلى بولمايدۇ. دۇنيا ھامان سەۋەب ـ نەتىجىنىڭ ئارىسىدا سەير قىلىپ تۇرىدۇ. سەۋەبنىڭ بىر نەتىجىسى بولىدۇ. سەۋەب ھامان ئەقىل بىلەن بولغىنى ياخشى. ئەقىل تەپەككۇر بىلەن ۋايىغا يېتىدۇ. ۋايىغا يەتكەن ئەقىل شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئاجىزلىقىنى تېز بىلىۋالالايدۇ. ھەرقانداق كۈچلۈك نەرسىنىڭ بىر ئاجىزلىقى بولىدۇ. شۇ ئاجىزلىقنى بىلگەندە، شۇ شەيئىنى بىلگەن ۋە شۇنىڭ مائارىپلىق خۇسۇسىيىتىنى ھەل قىلغان بولىمىز. بۇ ھەقتە مەندە بىر ئەقلىي تەجرىبە بار .

سەن ئوۋچى بولساڭ قورالىڭ بولغىنىلا ھېساب ئەمەس، ئالدى بىلەن سەن ئوۋ قىلماقچى بولغان جاڭگالنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى ئىگىلىشىڭ ئالدىنقى شەرت. سەن بىر كۈن سەرپ قىلىپ ئىنچىكىلىك بىلەن جاڭگالنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇجايدا قانداق ھايۋانلارنىڭ ياشايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيسەن. ھايۋانلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ياشاش قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. سەن شۇ قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن يەنە ئىككى كۈن سەرپ قىل. قايسى ھايۋاننىڭ قايسى نەرسىنى ئوزۇق قىلىدىغانلىقىنى، قايسى يول بىلەن قايسى ۋاقىتتا سۇ ئىچكىلى ماڭىدىغانلىقىنى، قايسى بۇلاقتىن سۇ ئىچىدىغانلىقىنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭ مۇۋاپىق بىر ئورۇن تېپىپ مىلتىقىڭنى بەتلە ياكى توزىقىڭنى قۇر. شۇندىلا سەن كۆپ ئولجىغا ئېرىشەلەيسەن. بۇنىڭدا مېنىڭ بىر ئەمەلىي تەجرىبەم بار. بىزنىڭ قومباغ مەھەللىسىنىڭ بىر چېتى كەڭ كەتكەن جاڭگاللىق ئىدى. بۇ جاڭگاللىق مەھەللىنىڭ ئېتىزلىرىغا تۇتىشاتتى. سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ مول بولغان بۇ گۈزەل شارائىت تۈپەيلىدىن بۇ جايدا ياۋا توشقانلار كۆپىيىپ كەتتى. مەھەللىنىڭ ياشلىرى بۇ توشقانلارنى تۇتۇشنى ئويلىدى. ئۇلار دەسلەپتە توپ ـ توپ بولۇشۇپ بىردىن كالتەك ئېلىپ توشقانلارنى قوغلىدى. ئەمما بىرمۇ توشقان تۇتالمىدى. توشقان ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغان يۈگۈرۈش ماھىرى بولغاچقا، ئۇلار توشقاننى قوغلاپ ياكى كالتەك بىلەن سوقۇپ تۇتۇشتىن ئۈمىد ئۈزدى. ئەكسىچە، توشقانلار ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك كۆز ئالدىدا ئويناقشىپ، يەردىن بىرنەرسە ئېلىپ سوقاي دەپ بولغىچە قېچىپ، كۆپ ئەخمەق قىلدى. بۇ جەرياندا توشقانلار ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتى ۋە ياشاش ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئاۋۇپ كەتتى. قورۇلغان قاپقانلارغىمۇ دەسسىمەس بولۇۋالدى. زىرائەتلەر توشقانلار تەرىپىدىن زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ ھال دېھقانلارغا ئەلەم بولدى. ئۇلار توشقانلار ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەر قېتىم توشقانلارنى قوغلىغاندا، پەقەت بىرلا يول بىلەن ـــ يەنى ئۆزىنىڭ كونا چىغىر يولى بىلەن قاچىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قېچىش ئۇسۇلىنى ھېس قىلدى. توشقانلار ئۆز پىسخىكىسىدا بۇرۇن بىر قېتىم ماڭغان يولنى تامامەن بىخەتەر يول دەپ قاراپ، ھەر قېتىم شۇ كونا چىغىر يولى بىلەنلا ماڭىدىكەن. ھەرقانچە قوغلىسىمۇ شۇ كونا چىغىر يولىدىن چەتنىمەي قاچىدىكەن. دېھقان ياشلار توشقاننىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىنى ساق يېرىم يىلدا بىلىۋالدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار بېلىق تۇتىدىغان تورنى بىر كۋادرات مېتىردىن كېسىپ، ئىككى تەرىپىگە بىر مېتىرلىق تاياقچىلاردىن تىرەك ياساپ، توشقان چىغىرىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىگە قورۇپ چىقتى. دەسلەپكى قەدەمدە سىناق ئۈچۈن ئوتتۇزچە تور قۇردى. ئاندىن بەش ـ ئالتە كىشى يۈز مېتىردىن ئىككى يۈز مېتىرگىچە دائىرە ئىچىدىن توشقانلارنى ئۈركىتىپ قوغلىدى. پاھ! نېمدېگەن زور نەتىجە. تۇنجى قېتىملىق سىناقتىلا ئوتتۇز دانە تورنىڭ ساق ئون بەشىگە توشقان چۈشكەنىدى. بۇ، دېھقانلار ئۈچۈن ئويلىمىغان بىر غەلىبە ئىدى. مانا ئەمدى توشقانلارنىڭ نەزىرىدىكى بىخەتەر يول ئۇلارنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان يولغا ئايلانغانىدى. بەلكىم توشقانلار ئاشۇ بىخەتەر چىغىر يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرغىلى نەچچە مىڭ يىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھەر قېتىم ئاشۇ قەدىمىي يولدا شىددەتلىك يۈگۈرۈپ كېلىپ تورغا ئۆزىنى ئۇرغاندا، تور بىلەن بىرگە يىگىرمە مېتىر يىراقلىققا پۇرلىشىپ بېرىپ يىقىلاتتى. بۇنى كۆرۈپ ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىپ قالاتتى. كېيىن مەھەللە ياشلىرى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۈنۈملۈك تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ بىركۈندە مۇشۇ بىچارە توشقاندىن يۈزنىمۇ تۇتۇۋالدى. ئۇلار تەپەككۇردا ياراتقان بۇ يېڭىلىقى ئارقىلىق ئۇزۇنغا قالماي مەھەللىگە يېقىن جاڭگالنىڭ توشقانلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۇتۇپ بولدى. مانا ھازىر ئۇ جاڭگالغا بارسا بۇرۇن مالدەك ئوتلايدىغان توشقانلارنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. دۇنيادا ھەرقانداق نەرسىنىڭ سىرىنى بىلىپ، تومۇرىنى تۇتقاندا ئۇنىڭ ئاجىزلىق جايلىرى مانا مەن دەپلا چىقىدىغان گەپكەن. شۇنداق تېز يۈگۈرۈپ قاچالايدىغان توشقاننىڭ سىرى ئاشكارا بولۇۋىدى، زور قىرغىنچىلىققا يولۇقتى. بۈگۈنكى دۇنيا شاللاش ۋە تاللاش دۇنياسى. قاراڭ، بۇ مىسالدىكى شاللىنىش نېمدېگەن تېز. شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى كىم بالدۇر بايقىسا، ئۇنىڭدىن شۇ بۇرۇن پايدىلىنىدۇ. مائارىپ دېمەك بىلىش ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇ، يۈكسەك دەرىجىدىكى تەپەككۇر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. كىم شۇ مائارىپتىن تەپەككۇر ئارقىلىق بەھرىمەن بولسا، ئۇنىڭ ياشاش جەريانى ئۈستۈن ماقامدا بولىدۇ. دېمەك توشقان تەپەككۇردا ئىنساندىن تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولدى. مەن مۇشۇ توشقان مىسالدىن ئىلھام ئېلىپ، غەرب تەپەككۇرى بىلەن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئامېرىكا سىياسىيسىدىكى ئوتتۇرا شەرق ئىستراتېگىيىسىدىن تەئەججۈپلەرگە چۆممەن. تەپەككۇر پۈتكۈل دۇنيانىڭ تۈگۈنىدۇر. پەقەت تەپەككۇر قىلغاندا دۇنيانىڭ يۈزلىنىشىنى توغرا بايقىغىلى بولىدۇ.

تارىخ بۈگۈننىڭ ئىستىرلىكىسىنى كۆرسەتكەندە، دۇنيا ئىنساننىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغىدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ھازىر كىشىلەر كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىنتېر كۇنۇپكىسىنى بېسىپلا دۇنيا بىلەن باغلىنىپ، ئېلېكترونلۇق مۇڭداشقۇ ۋە سىنكۆرگۈلەر ئارقىلىق مەغرىب ۋە مەشرىق تامان دىدارلىشالايدىغان، پىكىرلىشەلەيدىغان بولدى. پىكىرلەر دۇنيا بويلاپ جانلىنىشقا باشلىدى. بىز ئارقىدا قالدۇق، ئەمما يەنىلا بىزدە تەپەككۇر ۋە تەرەققىيات بوشلۇقى بار. زامان قانچە تەرەققىي قىلسىمۇ، ئۆزىمىزگە خاس پىكىر ئىنتېرىيۇلىرىمىز قەلبلىرىمىز ئارا مەڭگۈ سەير ئېتىپ تۇرىدۇ.

---

ئاپتور: شائىر، خۇسۇسىي چىش دوختۇرى، يېڭىسار ناھىيە «ئابدۇلباسىت» چىش كېسەللىكلىرى ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ مەسئۇلى(M1)




▲ بوۋاق — تاڭ سەھەر.

— ئابلاجان ئابلەت

---

ئاپتور: گۇجۇاڭ ناھىيە ۋۇماچاڭ يېزا «قوش تىل»مەكتىپىدە مۇئەللىم

## تەپەككۇر سەپىردە...

▲ تەقدىرنىڭ بەزىدە بىر ئېغىز سۆزگە، بەزىدە بىر پارچە قەغەزگە باغلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

▲ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كۈچمۇ، ئەڭ ئاجىز كۈچمۇ — بەرداشلىق بېرىش.

▲ زېمىن سۈكۈتى، ئىنسانلار سىرى بىلەن گۈزەلدۇر.

▲ باشقىلارنى ئاسان تىللايدىغان كىشىلەر، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ ئاچچىقلىنىش يېڭىلگەنلىكنىڭ، سۈكۈت يەڭگەنلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

▲ ھاياتتىكى ئاقىلانە ياشاش — ئالدىماي ھەم ئالدانماي ياشاش.

▲ ھېچ نەرسىدىن قورقمىغاننى ئۆلۈم قورقىتىدۇ.

▲ كىشىلەر، بىرى، پۇلغا، يەنە بىرى، سۆزگە ئاسان ئالدىنىدۇ.

▲ پۇل ھەممە ئەيىبىڭنى ياپىدۇ ياكى بارلىق نۇقسانىڭنى ئاچىدۇ.

▲ بەزىلەر ھەۋەسنىڭ ئوتىدا پۇچىلانسا، بەزىلەر ھەسەتنىڭ ئوتىدا پۇچىلىنىپ ياشايدۇ.

▲ ئارتۇقچىلىقىڭنى كۆرسەتكۈچە، كەمچىلىكىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

▲ يارامىلىقلارنى ئەتىۋارلاپ، يارامسىزلارنى جازالاپ ياشايدۇ ئىنسان.

▲ بەزىلەرنى «يوقلۇق»ئىچىدە قىينىسا، بەزىلەرنى «توقلۇق»ئىچىدە قىينار بۇ ئالەم.

بەزىلەرنى بىلدۇرۇپ قىينىسا، بەزىلەرنى بىلىندۇرمەي قىينار بۇ دۇنيا.

▲ ئۆتكەن ئىشلارنى تەكرارلاش — يارىماسلارنىڭ ئىشى.

— شەمسقەمەر ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىنىڭ پۇقراسى

## تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار

▲ بىلىم قەدىرلەنمىگەن يەردە ھوقۇق بازارلىق.

▲ نەپ ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇناسىۋەت، زىيان تارتقاندا ئاخىرلىشىدۇ.

▲ ئۆزۈڭدىن كۈچلۈكلەرگە ئاز نەسىھەت قىل.

▲ ئۆزۈڭگە قاراپ ئەمەس، ئاڭلاپ باھا بەر.

▲ ئەيىبلىگەن دۈشمەن، كۆرسەتكەن دوست.

▲ قورۇق غەمدىن، قاداق جاپادىن.

▲ تەزىم ھۆرمەتتىن، ئېگىلىش قۇللۇقتىن.

▲ توغرا گەپكە قوشۇمچە قاتما.

▲ ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىمىغان، دوست ۋە دۈشمەننى ئايرىماس.

▲ غەزەپ ھەقىقەتتىن بولسا، شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ.

▲ مىللىنى ماختىغاننىڭ كۆزى يانچۇقۇڭدا.

▲ ئۆلۈمدىنلا بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسىنىڭ سىنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلىۋال.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق كۈلكە، بىرى، سەبىيلەرنىڭ، يەنە بىرى، ياشانغانلارنىڭ كۈلكىسى.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ قاتتىق يىغا ئاجىزەلەر بىلەن يېتىملارنىڭ يىغىسىدۇر.

▲ ھەرقانداق بەخت سەن ئۈچۈن سىناق، ھەرقانداق قايغۇمۇ ھەم شۇنداق.

▲ چوڭلارنى ئاتا-ئاناڭ، كىچىكلەرنى بالاڭ قاتارىدا كۆر.

▲ سالام خەتنىڭ قاتلى — تېلېفون.

▲ پۇشايمىنىڭ بىر قېتىم، كۆلكەڭ مىڭ قېتىم بولسۇن.

▲ ئاتا-ئاناڭنىڭ قەدرىنى ئاتا-ئانا بولغاندا بىلمىسەڭ، ئۆلگەندە بىلىسەن.

▲ بارنىڭ قەدرىنى يوقاتقاندا، يوقنىڭ قەدرىنى ھاجەتمەن بولغاندا بىلىسەن.

▲ نادانىدىن جاھىل يامان.

▲ ئويلاپ قالدىم، پەقەت يازغۇچى - شائىرلارنى تەربىيلەيدىغان مەكتەپ يوق ئىكەن.

▲ ئايال كىشى بىلەن تىللاشما، ئەر كىشى بىلەن تىركەشمە.

▲ قاراڭغۇدا قەرز ئالما.

▲ مۇسىبەتتىن ساۋاق ئالمىغان، ھېچ نەرسىدىن ساۋاق ئالمايدۇ.

▲ پۇرسەت بىر قولدا تەلەي، بىر قولدا پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. تۇتۇۋالساڭ تەلەي بېرەر، تۇتالمىساڭ پۇشايماننى تاشلاپ كېتەر.

▲ مائارىپ شەكىلۋازلىق بىلەن تولسا ، جەمئىيەت جىنايەت بىلەن تولۇر.

▲ ئانىسى ھاراقكەش بولسا بالىسى بوتۇلكا، ئانىسى ھاياسىز بولسا قىزى ئىپپەت ساتۇر.

— ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

* * *

▲ ئابرۇيۇڭ ئاشقانسېرى كۆتۈرىدىغان يۈكۈڭمۇ ئېغىرلايدۇ.

▲ كەچلىك تاماقنى ئازلاتقىنىڭ — كۆرىدىغان كۈنۈڭنى ئۇزارتقىنىڭ.

— مەتقۇربان توختىيۇسۇپ

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە قاراقىر يېزا قاغىلىق كەنتىدە دېھقان

▲ بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە تەمكىن بول، بىر تەرەپ قىلغاندا كەسكىن.

▲ كىشىلەرنىڭ ئېشىغا قاراپ باھا بەرمە. چۈنكى بەزىلەر يۇزۇر كىيىنىپ كىشىلەرنى ئالدىسا، بەزىدە پادىشاھلار يۇقراچە كىيىنىپ جاھان ئارىلايدۇ.

— مەخسۇم مۇھەممەتئېلى

ئاپتور: بېيجىڭ شەھىرى تۇڭجۇ رايونى لۇخې ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 2-يىللىق 14-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ قائىدە چۈشەنمەيدىغان ئادەمنى قايىل قىلىش، تىلسىز ھايۋاننى مايىل قىلىشتىنمۇ قىيىن.

— ئاۋاتخان تۇردى

ئاپتور: نىيا ناھىيە 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىمە

# كېسەل كارىۋىتىدىكى ئويلار

▲ ئۆزۈڭنى سۆي، باشقىلارغا خار بولمايسەن؛ ئۆزۈڭنى ئاسرا، دوختۇرغا موھتاج بولمايسەن؛ ئۆزۈڭگە ئىشەن ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىل، ئىناۋەتلىك بولىسەن.

▲ ئەر كىشى ئۈچۈن «يىقىلغان يېرىدىن دەس تۇرۇش» — قايتا تۇغۇلغانغا باراۋەر.

▲ تولا قاۋايدىغان ئىت ئادەم چىشلىيەلمەيدۇ.

— ياسىنجان ئۆمەر

ئاپتور: پىچان ناھىيە تويۇق يېزا مەركىزىي مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

# توغرۇل تىنىقلىرى

▲ دۈشمەن خاتالىقىڭنى كېيىن، دوست ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

▲ ئىتتىك ياغقان يامغۇر ئىتتىك توختايدۇ.

▲ كىتاب-ژۇرنالنىڭ كونىسى قىممەت، كىيىم-كېچەكنىڭ يېڭىسى.

▲ ساق نەرسىنى ھېچكىم تاشلىۋەتمەيدۇ.

▲ بىر ئادەمگە قانچە كۆپ مەسلىھەت سالساڭ، ئۇ ئادەم سېنى شۇنچە كۆزگە ئىلمايدۇ.

▲ سەپەر قىلساڭ نەزەر - دائىرەڭ ئېچىلىدۇ، سۆكۈت قىلساڭ كۆكسى-قارنىڭ.

▲ ئايىلى كۆڭلەمچى ئەرنىڭ يۈرىكى، ئېرى كۆڭلەمچى ئايالنىڭ يۈزى يارا كېلىدۇ.

▲ ئورۇنسىز خاپىلىق تارتماي دېسەڭ، بىرى، باشقىلارنىڭ ئارامىنى بۇزما، بىرى، ئىشىنى.

▲ كونا نەرسىنىڭ ئارىسىدا ساقلانغان (قويۇلغان)يېڭى نەرسىمۇ كونىراپ كېتىدۇ.

▲ ياخشى ئادەم بىر خىل تۇرار، يامان ئادەم ھەر خىل.

▲ يەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمىسەڭ، قورسىقىڭغا ياكى دۈمبەڭگە بىراۋنى بەش مىنۇت دەسسىتىپ كۆر.

▲ ئاچچىقلىنىش، قوپاللىق پەقەت ئەرلەرگە خاس، ئاياللارغا يات قىلىقتۇر.

▲ كۆپ خوتۇن ئالغان ئەرلەر يۈزسىز، كۆپ ئەرگە تەگكەن ئاياللار قەدىرسىز بوپقالىدۇ.

▲ ئوغلۇڭ ئۆيدە تۇرمىسا كۆپرەك ئىشقا سال، قىزىڭ ئۆيدە تۇرمىسا ئىشىككە قۇلۇپ.

▲ ئوغلۇڭ ئۆيدە تۇرمىسا يا ھۈنەرگە بەر، يا ئۆيلەپ

قوي، قىزنىڭ ئۆيدە تۇرمىسا چوقۇم ئەرگە بەر.

▲ بىراۋنى دورىغانلىق، ئەمەلىيەتتە شۇ ئـادەمنى زاڭلىـق قىلغانلىقتۇر.

▲ «سەۋر قىل» دېگۈچىلەر خوراپىي، قۇل مىجەز كىشىلەر، «سەۋەب قىل» دېگۈچىلەر تەرەققىيات ۋە ھۆرلۈككە ئىنتىلىدىغان كىشىلەردۇر.

▲ خىزمەتنى تاپالمىغانلار ــ ئۆزىنى تاپالمىغانلاردۇر.

▲ گازىرچىنىڭ بېشى، دوغاپچىنىڭ قورسىقى تولا ئاغرىيدۇ.

▲بىر نەرسىنىڭ قانـداقلىقىنى قـاتتىق يەرگە چۈشـكەندە بىلىسەن.

▲ پاھىشە كۆپ يۇرتتا جىگەرلىك بالا ئاز بولىدۇ.

▲ باشقىلار سەپەرگە چىقسا خەرىتە كۆتۈرۈپ بارىدۇ، بىـز بىر يەرگە بارساق گەپ كۆتۈرۈپ.

▲ يامغۇرنىڭ شەپىسىنى قارلىغاچ بىلىدۇ، تاڭنىڭ شەپىسىنى خوراز.

▲ ئاغزى ئىتتـىـك ئادەمنـىڭ دەردى، ئـايىغى ئىتتـىـك ئادەمنىڭ رىزقى كۆپ بولىدۇ.

ــ ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

ئاپتور: ئۈرۈمچى «توغرۇل» كىتابخانىسىنىڭ خادىمى

* * *

▲ بۇ دۇنيا چۈشەنگەنگە سىر ـ ھېكمەت،
چۈشەنمىگەنگە تەقدىر ـ قىسمەت.

ــ مەمتىمىن مەھمۇت

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت مائارىپ ئىنستىتۇتى مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

▲كۆردۈم، بىلمىگەننى بىلدىم، بىلـدىم، چۈشـەنمىگەننى چۈشەندىم، چۈشەندىم، ئويلىمىغـاننى ئويلىـدىم، ئويلىـدىم، قىلمىغاننى قىلدىم، قىلدىم، ئېرىشەلمىگەنگە ئېرىشتىم. مانا بـۇ نەتىجە.

ــ ئالىمجان روزى

ئاپتور: قەشقەر شەھەر قورغان يېزا 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ غەيۋەتخور قورقۇنچاق ئىتقا ئوخشايدۇ.

▲ خەلقنى رازى قىلالمىساڭ ، بولدى، قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ ئاۋارە بولما!

ــ ماھىرە ئابلا

ئاپتور: خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومى ئاياللار كېسەللىكى 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## سەرگەردان ھېسلار

▲ كايىپ سۆزلىسەڭمۇ، ئالىيىپ سۆزلىمە.

▲ باي بارماق سانىسا، كەمبەغەل يارماق سانايدۇ.

▲ ئادىمىلىك ئاخلاقتـا نابـاب ئەل ـ قـوۋم ھەرقـانچە قۇدرەتلـىـك بولـسىمۇ، باشـقىلارنىڭ ھەقىقـىي قايىللىقىنـى قوزغىيالمايدۇ.

▲ قۇلىقى يۇمشاق ئىشقا ماغار، قولى يۇمشاق ئاشقا.

▲ ئاتا ـ ئانا مېھرىنى يېتىمدىن سـورا، ئـائىلە مېھرىنـى سەرگەرداندىن.

ــ غولام تۇرسۇن

ئاپتور: يەكەن ناھىيە بەشكەنت بازار ساگبازار كەنتىدە دېھقان

* * *

▲پەن ـ مائارىپ تەرەققىي قىلغان مىللەتتە ئۆگىنىش كۆپ، ئويۇن ـ تاماشا ئەۋج ئالغان مىللەتتە ئۆكۈنۈش .

ــ ئەمرۇللا ئابدۇسالام

ئاپتور: شەرقىي مىچۈەن سانائەت رايونى كازنۇەن 3 ـ ئەترەتتە ئىشچى

▲ ساختا كۈلكە پىتىش ئالدىدىكى قۇياشقا ئوخشايدۇ.

▲ سەن غادايساڭ، باشقىلار تۇرماق سايەڭمۇ ساڭا قـاراپ غادىيىدۇ.

▲ ھۇرۇننىڭ يېنىدا ئوتۇن تۇرمايدۇ،، بېخىلنىڭ يېنىدا خوتۇن.

ــ ئابلىكىم غوپۇر

ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق پۇرسەت، چۈشـۈپ كېـتەي دەپ قالغان يارلېۋىدىن قايتىشقا ئوخشايدۇ.

ــ ئابلىكىمجان مۇھەممەت

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئازادباغ يېزا دۆڭئۆستەڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە تەنتەربىيە مۇئەللىمى

## تەپەككۇر يانغىنلىرى

▲ دوستنى كۆرسەڭ ئەما بولۇۋالما،
دۈشمەننى كۆرسەڭ تەنھا.

▲ دوستقا ئەدەپ بىلەن قارا،
دۈشمەنگە غەزەپ بىلەن.

▲ نادانني بىلىم ئۇڭشايدۇ،
جاھىلنى بېسىم.

▲ گۆشكە پىياز قاتقان غىزادا تەم بار،
سۆزگە ئەقلىيە قاتقان ئادەمدە پەم.

▲ «جاپاكەش» ــ ئاجىزلارغا بېرىلگەن ئۇنۋان.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا بولغـان قـىـزىقىش ۋە ھۆرمەت ياشلىقتىكى تۇنجى مۇھەببەتكە ئوخشايدۇ.

ــ ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

ئاپتور: يېڭىشەھەر نـاھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشـۇرۇش مەكتىپىنىـڭ پېنسىيىدىكى ئاشپىزى

* * *

▲ ئۆزۈڭگە رەھىمسىز بولغىن، بولمىسا ،باشقىلار تەرىپىدىن رەھىمسىزلىكنىڭ قانداقلىقىنى تېتىپ قالىسەن.

ــ ئاسىيە ئابلىز

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ نەزەرىيىدە بار، ئەمەلىيەتتە يوق كىشىلەر دۇمباققا ئوخشايدۇ.

ــ گۈزەلنۇر موللام

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى تەبىئىي پەن تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲جاھىلغا نەسىھەت، ئاقىلغا مەسلىھەت كېرەك ئەمەس.

ــ ئىززەتگۈل رەھمان

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى 2008 ـ يىللىق 18 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲بىر قىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر قېتىم بىللە بازار ئايلىنىشلا كۇپايە.

ــ ئابلەتجان شۈكۈر خۇشچاقچاق

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دوڭقوتان بازار لەڭگەر كەنتىدە دېھقان

▲ بىر ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ بىلىمىدە بولسا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدە.

ــ ئەمەتجان يۇسۇپ

ئاپتور: قەشقەر «سەمەن»ستۇدىيىسىنىڭ خادىمى

# تۇرمۇشتىن تامچە

▲ تالانتىڭنى باشقىلار ھېس قىلغاندا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ چېكىنى بىلەلمىگەندە ئاندىن ھەقىقىي ھۆرمەتكە ئىگە بولىسەن.

▲ مۇھەببەت قىمار ئەمەس تەلەي سىنايدىغان، ھايات چەكسىز ئەمەس، كېيىن تولۇقلىغۇالىدىغان.

▲ يوشۇرۇن بىلىم ئۆزىگە ئەسقاتىدۇ، ئاشكارا بىلىم كۆپكە.

▲ ئۆزۈڭدىكى نۇقسان ــ يۈزۈڭدىكى داغ، ئۇ، دۈشمەنلىرىڭنىڭ كۆزى ئۈزۈلمەيدىغان غەلىبە نىشانى.

▲ ئەڭ ياخشى نەتىجە، بىرلا ئىشنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ. ئەڭ ئېتىقسىز مەغلۇبىيەت ــ ھەممە ئىشقا ئېسىلىۋېلىش، چۈشىن چىچقاقلىقتىن.

▲ تۈنۈگۈنگە ئۆكۈنمە، بۈگۈننى بوش ئۆتكۈزمە، ئەتىگە ئىرادە بىلەن قارا، مانا بۇ مەنىلىك ھايات فورمۇلىسى.

▲ بۈگۈننى ھەرگىز بوش ئۆتما، چۈنكى ئۇ تۈنۈگۈنكى ئىشلىرىڭنى تولۇقلايدىغان، ئەتىگە ئاساس سالىدىغان ئېپىلماس پۇرسەت.

▲ بىركىمنىڭ ئىچكى ماھىيىتى، مەلۇم ئىش ئۈستىدە چىقىرىلغان تۈنجى ھۆكۈمدە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرمىغىنىڭ، ئاجىزلىقىڭنى جارى قىلدۇرغىنىڭ.

▲ سەن مەلۇم نەرسىنى ئۆگىنەلمەيمەن دېگەن ئوي كاللاڭدا پەيدا بولغان ھامان، مۇشۇ نەرسىنى نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆگىنىپ بولغانلىقىنى ئويلا.

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيلىرىگە ئىسىم ـ فامىلىسى، تەپسىلىي ئادرېسى، كەسپىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان.

# ياشلىق تەپەككۇرلىرى

▲ مەشھۇر كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئەخمىقانىلىك، ئۆزىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاقىلانىلىك.

▲ ئۆز نەپسىگە يۇگەن سالالىغان كىشى،
ئۆز بەختىنى قولىغا ئالالىغان كىشى.

▲ خۇشھال بولغاندا«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇڭ، تەمكىنلىكىنى ئۆگىنىسىز؛ ئازابلانغاندا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇڭ، ئۆزىڭىزگە تەسەللى بېرىشنى ئۆگىنىسىز.

ــ ھاۋاگۈل قادىر

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەت 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆمۈر ساڭا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ پۇرسەت تۇرسا، سەن يەنە نەدىن پۇرسەت ئىزدىمەكچى؟

▲ ھېسسىيات ــ بىردەملىك مەۋج ئۇرغان غايەت زور دولقۇن.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر ئېغىز ياخشى سۆزى، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تەقدىرىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن.

▲ بالىنىڭ بىر كۈلكىسىدىن ئاتا ـ ئانا بىر يىل روھلۇق يۈرىدۇ.

▲ چىرايلىق ــ يېرىم گۈزەل، ئۇنىڭغا ئەخلاق قوشۇلسا ئاندىن ئۇ پۈتۈن گۈزەلدۇر.

▲ «مەن»دىن شەخسىيەتچىلىك تۇغۇلىدۇ، «بىز»دىن ئىتتىپاقلىق ـ ئۇيۇشقاقلىق.

▲ ھەسەتخورنىڭ قىلتىقى ــ ئۆزىگە قاراتقان مىلتىقى.

ــ ئابدۇمەھمۇت مەنسۇر

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ مەدەنىيەت ئىنستىتۇتى تەييارلىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «تەلەي» ــ تىرىشچانلارغا ھاقارەت،ئاجىزلارغا مەدھىيە سۆزى.

▲ ھەممە ئىشنى تەقدىردىن كۆرگەن ئادەم ئۈمىدسىز، ئۆزگىدىن كۆرگەن ئادەم تەجرىبىسىز، ئۆزىدىن كۆرگەن ئادەم ئىرادىسىزدۇر.

▲ پۇرسەت ــ پەيتى كەلگەندە ئامەت، ۋاقتى ئۆتكەندە بولسا نادامەت.

▲ ئادەم نام ـ ئاتاققا موھتاج. چۈنكى جىسمى ھامان ئۆلىدۇ.

▲ ئادەم يىقىلىپ ـ قوپۇپ مېڭىشنى ئۆگەنگىنىدەك ، يىغلاپ ـ كۈلۈپ ياشاشنى ئۆگىنىدۇ.

ــ گۈلمېھرى ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر «غەرىبي دىيار»شوپۇرلۇق مەكتىپىنىڭ ئارخىپ خادىمەسى

▲ سۇ توختىماي ئېقىش بىلەن پاكلىنىدۇ، ئىنسان ھەرىكەت بىلەن ئۆزىنى يارىتىدۇ.

▲ تەربىيىنىڭ ھاسىلاتى ــ خاراكتېر.

▲ بىراۋنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەك بولساڭ، بىرى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا قارا، يەنە بىرى، غەرىزىنى بىل.

ــ غۇنچەم ئەلى

---

ئاپتور: «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»دە مۇخبىر

▲ ھۇجراڭ بىلەن مېھمانخانائڭنى سېلىشتۇرۇپ باق، شۇندىلا ئۆز تەبىئىتىڭگە باھا بېرىشىڭ مۇمكىن.

▲ ھەرۋاقىت«بىز»نىڭ كەينىدە«مەن»نىڭ بارلىقىنى ئويلاپ تۇر.

▲ رومان ــ نىشانلىق ھايات، پوۋېست ــ ئەبجەش خىياللىق تۇرمۇش، ھېكايە ــ پەسىل، شېئىر ــ ياشلىق، رۇبائىي ــ ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى ئاچچىق ھەم تاتلىق رېئال تۇرمۇش، يىغىنچاقلىسا، ھەممىسى ــ ھاياتلىقتىن خۇلاسە.

ــ مۇختار ھاجى

---

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزا سەيپۇڭبېرىق كەنتىدە دېھقان

## «غەلىتە» پىكىرلەر

▲ بىر ئادەمنىڭ تەپەككۇرى بەزىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە يول ئاچالايدۇ. ئەمما ھەر بىر ئىنساننى ئۆزىنىڭ قارىشىغا ئىگە قىلىپ بولالمايدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، بىر ئادەمنىڭ بىر خىل تەپەككۇرى ئۆزىگە مەنسۇپ. مانا بۇ خاسلىق، نەتىجىدە، كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

▲ بىلىش دېگەن نېمە؟ مېنىڭچە، نېمىلەرنى بىلىش ۋە نېمىلەرنى بىلمەيدىغانلىقنى بىلىش، بىلىش دېمەكتۇر.

▲ ئېينشېيىننىڭ ئېككى ئاساسي ماتېرىيالى ئەقىل ۋە پىكىردۇر.

▲ قىممەت بىمەنە گەپ بىلەن يوقالمايدۇ، بەلكى بىمەنە ئوي ـ پىكىر بىلەن يوقىلىدۇ.

ــ ئابدۇنىياز تۇرسۇن

---

ئاپتور: ئاقسۇ شەھىرى «خەزىنە» شىركىتىدە كورسانت

* * *

▲ نادانلار ــ دەۋرنىڭ قۇلى .

ــ ئابلىكىم ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەت ــ بىر ۋاق تاماق، بىز ئۇنىڭ بىلەن بىردەملىكلا قورساق تويغۇزالايمىز.

ــ ئەنۋەرجان ئىمەر

---

ئاپتور: باي ناھىيە 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھايات ھېكمەتلىرى

▲ باشقىلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن شادلىنىش، ئۆز مەغلۇبىيىتىدىن زارلىنىش، مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر.

▲ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلەشكەنلىكى خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خىزمەت بېسىمىنىڭ ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ئاۋامنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەك ئاسان، ياقماق تەس.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، ئېتىبارى يوق مىللەتنىڭ ئالىملىرى تالاشتا، مەدەنىيەت مىراسلىرى بۇلاشتا قالغان.

▲ غەيۋەت ھەسەتتىن، مەدھىيە ھەۋەستىن بولىدۇ.

▲ كۈتۈش بىر بولسا ئۈمىدتىن، بىر بولسا، ھۇرۇنلۇقتىن بولىدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئېتىبارسىز كىشى، باشقىلارغا ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ يوق ئادەمدۇر.

▲ ھەقىقەتنى ئاشكارىلايدىغان ئادەم چىقمىغۇچە، ھەقىقەت ئۆزىنى ئاشكارىلىمايدۇ.

▲ دىلدىن كەتمىگەن تىلدىن كەتمەيدۇ.

▲ ئەۋلادقا بولغان مەسئۇلىيەت بەزىلەرنى سۆزلىتىدۇ، بەزىلەرنى يىغلىتىدۇ.

▲ بۇ دۇنيادا يېگىلى بولمايدىغان تائام بولغىنىدەك، قىلغىلى بولمايدىغان گەپمۇ بار.

▲مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تالانتلىقلارغا نىسبەتەن ۋاقىت مەسىلىسى، گالۋاڭلارغا نىسبەتەن ئىقتىدار مەسىلىسى.

▲ دۇنيادا تېررورچى ئادەم بار، ئەمما تېررورچى مىللەت يوق.

▲ ئەۋلادىنىڭ ساپاسى ئەجدادىنىڭ جاپاسى ئارقىلىق قولغا

كېلىدۇ.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ھەق سۆزدىن سۈكۈتنى ئەلا بىلگۈچىلەر، بىر بولسا، ھەق سۆزلەپ بۇرنىغا يېگەنلەر، بىر بولسا، ھەق سۆزنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنلەردۇر.

▲ ئېغىزدىكى ھەقىقەتلەر ئۇنتۇلىدۇ، ئەمەلدە كۆرسىتىلگەن ھەقىقەتلەرلا يادلىنىدۇ.

▲ دۇنيا چۈشەندۈرۈشكە قۇلاق سالمايدۇ، بەلكى ئىنسانىنى چۈشىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

▲ پىتنىدىن يىراق بولاي دېسەڭ غەيۋەتتىن يىراق، سۈكۈتكە يېقىن بول.

▲ ئىشنىڭ ئوڭ ياكى تەتۈر كېلىشى، بەزىدە تەدبىردىن بولسا، بەزىدە تەقدىردىن بولىدۇ.

▲ ئاۋامغا پايدىلىق ئىشتىن بىرى كۆپەيسە، زىيانلىق ئىشتىن مىڭى ئازىيىدۇ.

▲ دۇنيا تارىخىدىن مەلۇمكى، سىياسىيونلار بىر بولسا مىللەتچى، بىر بولسا ئىسلاھاتچىدۇر.

▲ مالغا تۇرغان قوۋمدىن جانغا تۇرغان «ئەزىمەت»لا چىقىدۇ.

▲ سىياسىيونلارنىڭ خەلققە كېرىكى نۇتۇقى ئەمەس، ئۆتۈقى.

▲ ۋاز كېچىش جۈرئەتنى، ئېرىشىش كۈرەشنى شەرت قىلىدۇ.

▲ ياخشىنىڭ ئۆزى كەلگۈچە سۆزى كېلىدۇ.

▲ روھسىزلىق يوقسۇزلۇقتىن يامان.

▲ بىراۋنىڭ ئىشى ساڭا ياقمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى خاتا دېمە. سېنىڭ نەزىرىڭدىكى خاتا ئىشتا بىر ھېكمەت ياكى ئىبرەت بولۇشى مۇمكىن.

▲ ھەقنى ئاڭلايدىغان قۇلاق يوق يەردە، ھەق گەپ قىلىدىغان ئېغىز كارغا كەلمەيدۇ.

▲ ئىنساننىڭ مەۋجۇد ھالىتىگە بولغان نارازىلىقى، بىر بولسا، ئالغا ئىنتىلىشتىن، بىر بولسا، ناشۈكۈرلۈكتىن بولىدۇ.

▲ كۆڭۈللەر تارايغاندا داغدام يوللارغىمۇ ئادەم سىغمايدۇ.

▲ ئەقىلنى غەپلەت باسقاندا، كىشىنى پالاكەت باسىدۇ.

▲ ساپاسى يوق پەرزەنتنىڭ ۋاپاسى يوق.

▲ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئەرنى ئالدىغىلى بولغان بىلەن ، ئەلنى ئالدىغىلى بولمايدۇ.

▲ ئاقىل ئوقۇپ سۆزلەيدۇ، نادان توقۇپ.

▲ كۆپ يېيىلگەن تائام ئاشقازانغا، كۆپ دېيىلگەن سۆز قۇلاققا زىيان قىلىدۇ.

▲ نادان بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يېڭىپ چىققان كىشى يوق، بېخىل بىلەن سودىلىشىپ پايدا كۆرگەن كىشى.

▲ نادان ئاغزىغا كەلگەننى دەر، ئاچ كۆز ئالدىغا كەلگەننى يەر.

▲ قېرىنداشنىڭ مېھىر ـ ۋاپاسى، بىر بولسا كېسەلگە، بىر بولسا قەرزگە مۇپتىلا بولغاندا بىلىنىدۇ.

▲ كىشى مىننەتسىز ياردەمگە پەقەت ئۆز تۇركۇمىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىنلا ئېرىشەلەيدۇ.

▲ ئەتراپلىق ئويلىنىپ قىلغان توي ئۆمۈردە بىر، ئالدىراقسانلىق بىلەن قىلغان توي يىلدا بىر بولىدۇ.

▲ نادان بىلەن زالىمنىڭ ئالدىدا ھەق سۆز كار قىلمايدۇ.

▲ دۇنيادا سىر ساقلىيالمايدىغان ئادەمنىڭ تارتىدىغان زىيىنى، مال ساقلىيالمايدىغان ئادەمنىڭ زىيىنىدىن كۆپ بولىدۇ.

▲ ئىنسان بىر بولسا جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدۇ، بىر بولسا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىدۇ.

▲ دانالار قىلالايدىغان ئىشنى سۆزلەيدۇ، نادانلار قىلالمايدىغان ئىشىدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ.

▲ بېخىلدىن گەپ چىقسىمۇ، نەپ چىقمايدۇ.

▲ ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ ئىش بېشى بوپقېلىشى نادانلارغا پۇرسەت، ئاقىللارغا مۇشەققەت.

▲ گەپ پاتمىغان يۈرەككە دەرد پاتمايدۇ.

▲ ئانا ھەققىدە داستان پۈتكىچە، ئالدىغا داستىخان تۇت.

▲ ماكانسىز قالساڭمۇ، ھۈنەرسىز قالما.

▲ دۇنيادا قەھرىمان بار دېيىلسە، ئانا بىرىنچى قەھرىماندۇر.

— ئەھمەتجان قاسىم

ئاپتور: مەكىت ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ مۇئەللىمى

## ئۇيغۇرزادە تىنىقلىرى

▲ ئۆزۈڭنى ھۆرمەتلەشنى بىلسەڭ، باشقىلارنىڭ خار كۆرگىنى بىلىنمەيدۇ.

▲جايىنى تېپىپ قىلىنمىغان ھۆرمەت سېنى خارلىققا قالدۇرىدۇ.

▲ئۆزۈڭگە تەۋە بولمىغان بارلىق نەرسە، خىيالىڭنىڭ بىر قىسمىدۇر.

▲سۈكۈت — ئىختىيارنى باشقىلارغا بېرىش.

▲بىپەرۋالىق — بىر مەھەل ھەممىنى ئۇنتۇش.

▲ ئۆزىنى كۆرسىتىش — لاپ قىلىپ ئۆچۈش.

▲ غۇرۇرسىز جان — تەننى سۆرەپ ماڭغان كالىغا ئوخشايدۇ.

▲ ھەسەتخور— ئالدىڭدا «گەپ» بىلەن، كەينىڭدە«خەپ»بىلەن بابلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

▲ سېنىڭ نامىڭ — يەنىلا سېنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ ئاغزىدا سېسىق بولىدۇ.

▲ ئەڭ چوڭ ئاسىيلىق — بىرى، مىللىتىگە، بىرى، ئاتا ـ ئانىسىغا ، يەنە بىرى، ئۆز شاگىرتى(ئوقۇغۇچىسى)غا قىلىنغان ئاسىيلىقتا كۆرۈلىدۇ.

▲ بىر قوۋمدىكى نادانلىقنىڭ مەنبەسى — بىرى، ئالىملىرىدا، بىرى، باش بولغۇچىدا، يەنە بىرى، ياشلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ بىر قوۋمنىڭ ئالىملىقى — مويسىپىتلاردا، نادانلىقى — زالىملىرىدا، ئەخمەقلىقى — ياشلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ھەقىقىي ئۇستاز — شاگىرتىنى ئۆزىدىنمۇ ئاشۇرۇپ تەربىيىلەيدۇ.

▲شاگىرتىنىڭ ئۆزىگە رىقابەتچى بوپقېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئۇستازدىن بىلىم ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولما.

▲ ئارزۇ — كۆندە چېچەكلەيدىغان، ئەمما ئاز بىر قىسمى تولىمۇ تەستە مېۋە بېرىدىغان دەرەختۇر.

▲ قوپاللىق — بىرگە، تەربىيە كۆرمىگەن، بىرگە، ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلايدىغان، يەنە بىرگە، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلارنىڭ قىلىقى.

▲ يۈرەكنىڭ گۆش بولغانلىقى — ئادەمنىڭ تالاي ئىشقا چىداپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر.

▲ باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى ھۆرمىتىڭنى ئويلىساڭ— بىرگە، يالغان سۆزلەشتىن، يەنە بىرگە، چوڭ سۆزلەشتىن ساقلان.

— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇررزادە

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت لەڭگەر مەھەللىسىدە دېھقان

# تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ئۆزىنى قوغداشنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ غالىبىيىتىدىن مەغلۇبىيىتى كۆپ.

▲ئىسراپ قىلىش تەرلەپ تاپمىغانلىقتىن، بۇزۇپ-چېچىش قەدرىگە يەتمىگەنلىكتىن بولىدۇ.

▲ئۈمىدسىزلىك — ئۆزۈڭ ئۆزۈڭگە تەڭلىگەن قورال.

▲پۇرسەت كەم ئەمەس، ئادەم خام، ئادەم خام ئەمەس، جۈرئەت كەم.

▲ئۆز كەمچىلىكىنى بىلىشمۇ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىق.

▲ كۆپ كۆرگەننىڭ كۆزى، كۆپ ئاڭلىغاننىڭ ئەقلى، كۆپ ئويلىغاننىڭ تەپەككۇرى ئېچىلار.

▲ خاسلىقى يوقنىڭ قىممىتى، ماسلىقى يوقنىڭ كۈچى يوق.

▲ ئەلنىڭ ئىشەنچىسى ئەڭ چوڭ ھوقۇق ۋە ئىناۋەت.

▲ بىلىم مېۋە، ئۇنىۋان باراڭ، مېۋىسىز باراڭدىن ئۈمىد كۈتكەن ئادەم ساراڭ.

▲ ئىنتىزامسىز ئادەم كوللېكتىپنىڭ خائىنى.

▲ يېتەكچىسىز ئادەملەرنىڭ مەسلىھەتى پىشمايدۇ.

▲ كۆپ گەپ قىلغان ئادەمنىڭ ئىچى قۇرۇق، ھەممىنى ئىچىدە ساقلىغاننىڭ ئىچى پۇرۇخ.

▲ قاراملىق غەپلەتكە، ئېھتىياتچانلىق مەقسەتكە، تەپەككۇر غەيرەتكە ئۈندەيدۇ.

▲ «ئۆز بەگ، ئۆز خان»لارنىڭ يولباشچىسى بولمايدۇ.

▲ يولدىن ئاداشقان يول سورىغان بىلەن، ئەقىلدىن ئاداشقان ئىلىم سورىمايدۇ.

▲ تايىنى يوق ئىشلارغىمۇ ئەرز قىلىدىغانلارنىڭ دەۋاسى مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ.

▲ كونىلار: «مېھمان ئۆينىڭ بەرىكىتى، مېھمان ئۆيگە ئۆز بەرىكىتى بىلەن كېلىدۇ»دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مېھماندارچىلىق رېستورانلاشسا، ئائىلىنىڭ بەرىكىتى ئازلاپ كېتىدۇ.

▲ كىتاب يىغقان ئادەم، ئەۋلادلىرىغا مەرىپەت باغچىسى تەييارلاۋاتقان ئادەمدۇر.

▲ پىلاننىڭ جېنى ئىنچىكىلىكتە، تەدبىرنىڭ جېنى ئەمەلىيەتچانلىقتا.

▲ ئىشنىڭ ئەڭ قىيىن تەرىپى، ئىنچىكىلىك ۋە سەۋرچانلىق تەلەپ قىلىدىغان تەرىپى.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ قورققان يېرىدىن چىقساڭ غەلىبە قىلالايسەن، كۈتكەن يېرىدىن چىقساڭ مەغلۇب بولىسەن.

▲ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىش ماھارەت ھېسابلانمايدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت چۈشەنمەسلىكتىن، ئىناقسىزلىق ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲تەدبىرسىزلىك تەقدىرچىلىك دېمەكتۇر.

▲ ئادەملەردىكى ئەڭ چوڭ پەرق تەربىيىلىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ كونىلار: «تار يەردە گۆش يىگۈچە، كەڭ يەردە مۈشت يە»دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. كۆرىمىزكى، كەڭ تەبىئەتتە چايانمۇ بىر-بىرىگە زەھىرىنى سانجىمايدىكەن، ئەمما بىر بوتۇلكىغا ئىككى چايانىنى سولاپ قويسا، بىرى يەنە بىرىنى يەيدىكەن

▲ جاسارەت غۇرۇرنىڭ، تەپەككۇر ئەقىلنىڭ كۆركى.

▲ بىلمىسىمۇ بىلىمەن دېيىشتىن نومۇس قىلمايدىغان ئادەم، قىلمىسىمۇ، قىلدىم دېيىشتىن ئەسلا نومۇس قىلمايدۇ.

▲ باشقىلاردىن ئەقىل سورا، لېكىن تەدبىرىنى ئۆزۈڭ تاپ.

▲ باشقىلار نېمە دېسە شۇنى قىلساڭ ئىشەنچىسىگە، دېمىگەن ياكى ئۇنتۇپ قالغان يەرلىرىنى تولۇقلاپ قىلساڭ، ھۆرمىتىگە ئېرىشىسەن.

▲ سۇ يۈزۈڭنى، تەر ئابرۇيۇڭنى يۇيۇپ پاكىزلايدۇ.

▲ ئۆزىگە بېقىپ ئىش قىلمىغان ئادەم، خەقنىڭ كۆزىگە بېقىپ ئىش قىلار.

▲ پۇل بەرگەن ئادەم سېخىي، تەربىيە بەرگەن ئادەم كۆيۈمچان، مۇھەببەت بەرگەن ئادەم ۋاپادار، ھەممىسىنى بەرگەن ئادەم ئۇلۇغ.

▲ ھايۋاننىڭ كېرەكسىزىمۇ پۇلغا يارايدۇ،ئۇنىڭدىن قۇتۇلماق ئاسان؛ ئادەمنىڭ كېرەكسىزى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، قۇتۇلماق قىيىن.

▲ ۋىجدانسىزنىڭ غايىبى،ئۆز مەنپەئىتى بىلەن قانائەت تېپىش.

▲ مەغلۇبىيەت خام خىيالنىڭ ئارقىسىدا.

▲ كۈچۈڭ بىلەن مال-دۇنيا، بىلىمىڭ ۋە ئەخلاقىڭ بىلەن ئىناۋەت تاپىسەن. مال-دۇنيا تاپماق ئاسان، لېكىن ئىناۋەت تاپماق تەس.

▲ باشقىلار سېنى قانچىلىك قوللاپ-قۇۋۋەتلىسە، كۈچ-

قۇدرىتىڭمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قورالliq بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

## خىيال سۆزمىلىرى

▲ ئانا، سىز جەمئىيەتكە ئامەت (يارامliq)بالا تەربىيىلەۋاتامسىز ياكى ئاپەت بالا؟

▲ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ـ ئۆز بېشىڭدىن ئۆتكۈزمىگۈچە زادى چۈشەنمەيدىغان ئاتالغۇ.

▲ ھازىر ئۆزۈڭنىڭ كىمگە ئوخشاپ قالغانلىقىڭنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۆتمۈشۈڭگە ئەمەس، ئۈستىۋېشىڭغا قارىساڭلا كۇپايە.

▲ ئانا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق سىزگە بېرىلگەن ئىمتىھان قەغىزى. ئۇنى توغرا ئىشلەڭ ياكى خاتا ئىشلەڭ، ئۇ سىزنىڭ بىلىمىڭىزگە باغلىق.

▲ نۇرغۇن ئەنئەنىمىز يوقماقتا. ئەڭ قورقۇنچلۇقى، ئەنە شۇ ئەنئەنىمىزنى ئەسلىگۈدەك كاللىمىزنىڭ يوقاپ كېتىشى.

▲ بىلىمسىز كىشىلەر خۇشامەتچى كېلىدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار ھەسەتخور.

ـ خالىدە ئابدۇۋاھىد

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ارىخشۇناسلىق 2006 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

*　*　*

▲ ھەممىلا ئادەمدە بىر خىل ئارتۇقچىلىق بولىدۇ، بىراق، ئاشۇ ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلار تولىمۇ ئاز.

ـ ئابدۇۋەلى ئەلى

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە ج خ ئىدارىسى تۈيۈق يېزا ساقچىخانىسىدا ساقچى

## ئىنغان خىياللار

▲ «ئىشىك»ئېچىشتىن بۇرۇن «دېرىزە»نى ئاچ.

▲ مېڭە ئاچىدىغىنى تەپەككۇر، كۆز ئاچىدىغىنى تەرەققىيات.

▲ ھايات خۇددى ۋېلسىپىت مىنگەنگە ئوخشايدۇ، تەپسەڭ ئالدىغا ئىلگىرىلەيسەن، بولمىسا ئورنۇڭدا قالىسەن.

▲ تەبىئەت دۇنياسىدا شەيئىلەر يوقلۇقتىن بارلىققا، بارلىقتىن يوقلۇققا كەلمەيدۇ، پەقەت بىر خىل شەكىلدىن يەنە بىر خىل شەكىلگە ئۆزگىرىدۇ.

ـ ئامانگۈل ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزلۈكسىز مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

*　*　*

▲ كىچىك ئۆزگىرىشلەرگە بالدۇرراق دىققەت قىلىڭ، پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان تېخىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىشىڭىزغا ياردىمى بولىدۇ.

ـ ئاينۇرەم مامۇت

---

ئاپتور: كونا شەھەر ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ يىللىق 12 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ مەرد ـ مەردانىلەر مەيدانغا چۈشسە نىمجانغا جان كىرەر.

▲ نىيىتىڭ غەرەزگە يېقىن بولسا، ئىشىڭ مەرەزگە يېقىن بولىدۇ.

ـ ئابدۇقەييۇم توختى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى 2008 ـ يىللىق 11 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## شەيتاننىڭ غېمى

ـ ئەي شەيتان، ئەجەب غەمكىن ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟! — دەپ سوراپتۇ بىر ئۆلىما شەيتاندىن.

ـ غەم قىلماي ئولتۇرالامدىم. رېستورانغا قاتار چاي ئوينايدىغان ئاياللارنى ئازدۇرغىلى بارسام، ئۇلار غەيۋەت ـ شىكايەت، مەي ـ شاراب، ئۇسسۇل ـ تانسا بىلەن ئاۋارىكەن. ئەرلىرىنى ئازدۇراي دەپ بارسام بەزىلىرى ھاراق ئىچىپ، بەزىلىرى قىمار ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ. بالىلىرىنى بولسىمۇ ئازدۇراي دەپ مەكتەپكە بارسام، ئۇلار بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا مۇھەببەتلەشكىلى تۇرۇپتۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە مەن خىزمىتىمدىن قالىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شەيتان.

*　*　*

▲ بىز شەيتاننى كۆرەلمىگەچكە، قىلغان گۇناھلىرىمىزنى ئۇنىڭغا دۆڭگەپ قويىمىز، خۇددى ئارىمىزدا يوقلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلغىنىمىزغا ئوخشاش.

ـ ئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ غەيۋەتخور ـ چۈشىن، پىتنىخور ـ چايان، چېقىمچى ـ يىلان، خۇشامەتچى ـ كۈچۈك.

▲ بالاڭنى باشقۇرغىنىڭ ـ بىر ئۆينى باشقۇرغىنىڭ، خوتۇنىڭنى باشقۇرغىنىڭ ـ بىر شەھەرنى باشقۇرغىنىڭ.

▲ شەھەرلىكلەر ئۆزىنى، ئۆيىنى، بالىسىنى بەك ياسايدۇ؛ سەھرالىقلار يېرىنى، مېلىنى، جابدۇقىنى بەك ئاسرايدۇ.

▲ بالىسىنى ياخشى تەربىيىلىمىگەن ئاتا ـ ئانىلار ـ جازا ھۆكۈمى چۈشمىگەن جىنايەتچى.

▲ شەھەردە سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر، يېزىدا سۇ قىسلىقى.

▲ ھەر يەردە كىتاب ئوقۇغان ـ ھېچقاچان كېيىن قالمىغان.

▲ يېڭى مەدەنىيەت، بىدئەت شەھەردە تېز يامرايدۇ؛ يېزىدا ئۆرپ ـ ئادەت، خۇراپات ئۇزاق ساقلىنىدۇ.

▲ جورۇسا ئىشلەش ھايۋاننىڭ ئىشى، ئۆز ئىشىنى تېپىپ قىلىش ئادەمنىڭ پەزىلىتى.

▲ تىرىك چېغىڭدا ئەڭ سوغۇق، قورقۇنچلۇق، ئادەملىرى سۆرلۈك جاي ئوپېراتسىيە ئۆيى.

▲ ئايالالار يالغۇز تاماق يېيىشتىن، ئەرلەر يالغۇز يېتىشتىن بىزار.

▲ بىرى، ئىشچى-دېھقانى، يەنە بىرى، زىيالىي، شائىر- يازغۇچىنى ئاتا-ئانىدەك قەدىرلىگۈلۈك. چۈنكى ئالدىنقىلار ماددىي ئوزۇق، كېيىنكىلەر روھىي ئوزۇقتا تويۇندۇرغۇچىلاردۇر.

▲ مائاشلىقلار ئايغا قارايدۇ، دېھقان پەسىلگە.

▲ ئىشەنمەي قول بەرمە، جۇشەنمەي كۆڭۈل.

▲ ئاننى سېغىنماي بالنى سېغىنىش، ئاتىنى سېغىنماي ئېرىنى سېغىنىش— مۇھەببەتتىكى شەخسىيەتچىلىك.

▲ ئاشنى كۆرسەڭ ئىشتىها قوزغىلىدۇ، يالىڭاچنى كۆرسەڭ ئىشقى سەۋدا.

▲ كۆز كۆرگەننى دورىغان — مايمۇن، قۇلاق ئاڭلىغاننى سۆزلىگەن — شاتۇتى.

▲ ئەسلي شەيتان يوق، ئادىمي شەيتانلار كۆپ.

▲ چۈن ئوزۇق خىللمايدۇ، پاھىشە خوتۇن ئەر تاللىمايدۇ.

▲ ئەڭ جەلپكار ئېزىتقۇ ئۈچ: 1. پۇل-مال، 2. ساھىبجامال، 3. مەنسەپ - ئەمەل.

▲ بىرى، تىلەمچىدە، بىرى، ئاچ كۆز بايدا شۈكۈر-قانائەت بولمايدۇ.

▲ نان — دېھقانىنىڭ جىسمىدىكى تەر-قان.

▲ ھەر ئائىلىدە ئاشخانا بولغىنىدەك ، كىتابخانىمۇ جەزمەن بولۇشى كېرەك-تە!؟

▲ قانۇن بىلمىگەن ھىماتسىز، ئەدەپ بىلمىگەن دوست-يارانسىز قالىدۇ.

▲ كىتابنى تاللاپ ئوقۇ، دوستنى خىللاپ تۇت.

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا ئاتا- ئانىڭنى كۆپ يوقلا، مەغلۇپ بولغاندا ئۇستازىڭدىن سورا.

▲ جاپا تارتمىغانىنىڭ سۆزىكى قاتمايدۇ، تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن پىكىر پىشمايدۇ.

▲ تەبىئەتنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلساڭ سىر ئېچىلىدۇ، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلساڭ پىكىر.

▲ ئالىم بىلەن دوست بولساڭ ئاقىل بولىسەن، زالىمغا دوست بولساڭ قاتىل.

▲ بەشنى ئۇنتۇما: 1. ئاتا-ئانا ۋەسىيىتى، 2.ئاياللىڭنىڭ سەممىيىتى، 3. پەرزەنتىڭنىڭ ئۈمىدى، 4. دوستۇڭنىڭ تەنقىدى، 5. دۈشمىنىڭنىڭ سۇيىقەستى.

▲ ئۇۋچى ھايۋانلار كۈچ، جۈرئەت،سۈرئەتكە تايىنىپ غەلىبە قىلىدۇ، رىقابەت دەۋرىدىكى ئادەملەر ئەقىل، پىكىر، تەدبىر، جۈرئەت، سۈرئەت، سۈپەتكە تايىنىپ.

▲ سورۇندا ئىككى ئايالنىڭ پىچىرلىشىشى غەيۋەتتىن، ھەسەتتىن، مەسخىرىدىن.

▲ قىز-يىگىتنىڭ نىكاھلىنىپ ئۆيلۈك بولۇشى— پىشۇرۇلمىغان خام خىشنىڭ خۇمدانغا كىرىشى.

▲ قۇرۇق خىيال ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشايدۇ، قۇرۇق گەپ ئوسۇرۇققا.

▲ ئەي قىز! ھەممىگە ھۇزۇر بېرىدىغان باغ گۈلى بولماي، بىرگىلا ھۇزۇر بەخش ئۆي گۈلى بول.

▲ يىراقتىكى ئوتىنىڭ يورۇقى بار، ئىسسىقى يوق؛ يىراقتىكى خوتۇننىڭ ئىشقى بار، ھۇزۇرى يوق.

▲ بالاڭنى باغ ئارىلىتىپ كېپىنەك قىلغۇچە، تاغ ئارىلىتىپ چۈمۈلىدەك تەربىيلە.

▲ پاھىشىنىڭ كۆزى ئىتتىك، سۇخەنچىنىڭ ئاغزى.

▲ بالا كۆپ بولسا باقماق قىيىن، بىر بولسا، تەربىيىلمەك.

▲ مەكتەپتە كۆرمىڭ بالىغا تەلىم بەرگەن مۇدىر ، ئۆزىنىڭ بىر بالىسىنى پەزىلەتلىك تەربىيىلەشى ناتايىن.

▲ كۆرگەن ئىشەنچلىك، ئاڭلىغان گۇمانلىق، سۆزلىگەن قۇرۇق گەپ، ئىشلىگەن ئەمەلىي نەپ.

▲ ئازازۇل خوتۇننىڭ تېنىنى ئېچىپ يۇرۇشى شەھۋەتتىن، ئېغىزىنى ئېچىشى غەيۋەتتىن، كۆزىنى ئېچىشى ھەسەتتىن نېرى ئەمەس.

▲ يالغانچىنىڭ يۈزىدە قان، ئوغرىنىڭ پۇت-قولىدا جان، ھۇرۇننىڭ ئۆيىدە نان يوق.

▲ ئوزغانلارغا يول بەرمەي، يولنى كولىغانلار— مىللەتكە گۆر قازغانلار.

▲ بىرى-بىرىنى قوللىغانغا غەلىبە يار، بىرى- بىرىنى كولىغانغا گۆرى تەييار.

▲ ناخشىلىرىمىزنىڭ تولىسى «كۆيدۇم»، «سۆيدۇم» تۇرسا، باللىرىمىزنىڭ تولىسى ئىشقىۋاز بولماي قالامتى.

▲ خاسلىق — مەۋجۇدلۇق، قارىغۇلارچە ئەگىشىش — مەھكۇملۇق، دوراش — مەھرۇملۇق.

▲ ھاراق ئېچىپ ماشىنا ھەيدىگىنىڭ — ئەزرائىلنىڭ قېشىغا ئالدىرىغىنىڭ.

▲ ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاتا-ئانىسىز يارالغاچقا، ئاتام، ئانام دېمىگەن، بالام، باللىمىنلا بىلگەن. شۇڭلاشقا، «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» بوپقالغان.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە پېنسىيىدىكى مۇئەللىم(M1)



# سىركچىلىكتىن

# «نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى»گىچە

ئابدۇشۈكۈر دولقۇن

سىرك ــ قالتىس ماھارەت؛ ئىنساننىڭ ئەقىل، تەن، تۇيغۇ جەھەتتىكى ئەڭ ئىنچىكە، يۇقىرى ئىقتىدار- ماھارىتىنى تەلەپ قىلىدىغان سەنئەت. خەتەرگە، تەۋەككۈلچىلىككە، شۇنداقلا ھەيرانلىققا تولغان سەنئەت...

قاچاندىن باشلاپ سىركقا قىزىقىپ، مەپتۇن بوپقالغىنىم ئېسىمدە يوق. بەلكىم قايسىدۇر بىر سىركچىنىڭ ئاجايىپ ئەپچىل، چاققان ماھارىتىدىن؛ كىشىنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرىدىغان سېھرىگەرلىكىدىن؛ كۆزنى غەلەت قىلغاندەك بارنى يوق، يوقنى بار قىلىپ كۆرسىتىدىغان كارامىتىدىن ھەيران قالغاندىمەن. مەندىمۇ ئاشۇنداق كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ماھارەت، كارامەتلەرنى دوراش ئىشتىياقى قوزغالغاندۇ...

بالىلىقتا كىم نېمىلەردىن ھەيران قالمايدۇ، نېمىلەرگە قىزىقمايدۇ، نېمىلەرنى قىلىمەن دەپ قەغەشلىك قىلمايدۇ دەيسىز؟ ھەيران قالغان، قىزىققان، دورىغان ياكى دوراشنىڭ كويىدا ئۇنى- بۇنى قىلىپ باققان، ئۆينى مالىماتاڭ قىلغان ۋە ياكى قەغەشلىك قىلىپ چوڭلارنىڭ بېشىنى ساراڭ قىلغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن... بۇلار ئېسىمدە يوق... ئەمما بىر نەرسە ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، مەن سىركقا قىزىقىپ قالغاندىم. سىرك ئوتى ماڭا تۇتاشقاندى. ئاشۇ ئوت مەن تېخى ئالتە ياشقىمۇ كىرمەي تۇرۇپلا مېنى كۆيدۈرگەن، ئەس- يادىمنى ئۆلۈككە ئېلىۋالغاندى...سۇت چىشىمۇ چۈشمىگەن، ئېغى ئوچۇق ئىشتاندىن ئەمدىلەتىن ئايرىلغان سەبىي بالا مۇنداق ئوت، مۇنداق ھەۋەس ئالدىدا نېمە قىلالىسۇن؟... بەلكىم شۇ خىيالدىلا ئوينايدۇ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قىلىقلارنىلا قىلىدۇ ياكى ئەتىدىن- كەچكىچە دادىسىنىڭ- ئانىسىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ غىڭىشىپ- مىڭىشىپ، يىغلاپ، باتناپ، قېيداپ ئۇرۇشىدۇ... قانداق قىلغانلىقىم ئېسىمدە يوق. ئەمما شۇ بىر نەرسە ئېنىق ئىدىكى، دادام- ئانام ئوقۇغان، جاھاننى چۈشىنىدىغان ۋە ھەتتا كەلگۈسى ھەققىدە ئالدىنئالا باش قاتۇرالايدىغان ئىلىملىك ئادەملەر ئىدى... ئۇلارغا مىڭ رەھمەتكى، ئۇلار بالىسىنىڭ قەلبىدىكى ئوت- ئىشتىياقنى قانداق قىلىشنى بىلىدىكەن. ئۇنى ۋارقىراپ- جارقىراپ، قورقۇتۇپ ئۆچۈرمەستىن، بەلكى سەبىيلىكتە يانغان مۇنداق ھەۋەس ئۇچقۇنىنى قانداق ساقلاش، ئۇنىڭغا قانداق تەرمەچ تاشلاپ، ئوتقا، يالقۇنغا، گۈلخانغا ئايلاندۇرۇشنى بىلىدىكەن... ئاخىردا قانداق پاراڭ، مەسلىھەت، رەسمىيەتلەرنىڭ بولغانلىقى ئېسىمدە يوق. ئەمما ھازىرقىدەك ئېسىمدە باركى، مەن ئالتە ياشقىمۇ تولماي، سۇت چىشلىرىممۇ چۈشمەي تۇرۇپلا شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بوپقالدىم... ھەۋەس ئۇچقۇنى مۇھەببەت يالقۇنىنى، مۇھەببەت يالقۇنى ئەقىدە گۈلخىنىنى،

## «تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخنى قاقار»

ئەقىدە گۈلخىنى ئىرادە ۋولقىنىنى چىللايدىغۇ ئاخىر.

شۇنداق بولدى، لېكىن ئۇ ئاجايىپ زور بەدەل تەلەپ قىلدى. ئۇچقۇننىڭ ئوتقا، يالقۇنغا، گۈلخانغا ئايلانمىقى شۇ قەدەر مۈشكۈل ئىكەنكى، ئۆتكۈنچى ــ يەڭگىل ئۆتكەن شامال، سەم- سىم يامغۇر، ئاز- تولا تەرنى تۆرگەن ھاۋامۇ بەزىدە ئۇنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغىلى تاس- تاماس قالىدىكەن...

شۇنداق بولدى! دەسلەپ قىزىققان، ئارزۇلىغاندا بەلكىم كىرپىلا ئاجايىپ قالتىس ماھارەت- كارامەتلەرنى ئورۇنداپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغاندەك تۇيغۇدا بولغان بولسام كېرەك. بىر چاقلىق ۋېلىسىپىتتا ماھارەت كۆرسىتىش، قارتا چىقىرىش، ساندۇقتىن ھەر خىل بۇيۇم چىقىرىش... دېگەندەك ماھارەتلەرنى ئورۇندىغۇدەك بولغۇچە نەچچە يىل قان ئېقىتىپ مەشىق قىلىدىغىنىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولسام كېرەك... شۇنداق، ئالتە ياشقىمۇ توشمىغان شۇمتەك نېمىنى بىلسۇن؟... ئەمما ئەمدى بىلۋاتاتتى... خەقنىڭ مەندەك بالىلىرى ئاتا- ئانىسىنىڭ قېشىدا ئەركىلەپ يۈرگەندە، مەن ياتاقلىق تۈزۈمنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئۇلارنى كۆرگۈم كېلىپ مۆلدۈرلىنەتتىم. ئۇلار ئەتىگىنى تاتلىق پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتقاندا مەن تاڭ سەھەردە، سائەت بەشتىلا قوپۇپ مەشىققە ماڭاتتىم؛ ئۇلار غەمسىز ئويناپ يۈرگەندە مەن كۈنىگە 12 سائەتلەپ مەشىق قىلىشىم كېرەك ئىدى؛ ئۇلار ئۆزىنىڭ نورمال ئوقۇشى ئىچىدە تىرىشاتتى، مەن ھامان بىر جەڭ مەيدانى، رەھىمسىز چېنىقىش لاگېرى ئىچىدە تۇراتتىم. چىلىق- چىلىق تەرگە چۆمگۈچە، قول- پۇتلارنى كۆتۈرگۈسىز بوپكەتكۈچە داۋاملىشىدىغان ئېغىر مەشىق، ھەرىكەتكە ماسلىشالمىغان، ئۆزۈمنى كونترول قىلالمىغاندا تولىمۇ تەلەپچان، قاتتىق قول مەشقاۋۇلدىن ئاڭلايدىغان ئاچچىق تەنبىھ، يەيدىغان ئەدەپ، رەھىمسىز- سورلۇك مەيدان... يىقىلىش، يارىلىنىش، يىقىلساقمۇ يەنە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قايتا ئىشلەشكە بۇيرۇلۇش، پەي سوزۇلۇپ كېتىش، بېغىشلار ئورنىدىن چىقىپ كېتىش، قول- پۇت سۇنۇش، قاناش، يىغلاش، ۋايساش، زارلىنىش... مانا بۇ مەن بىلىپ- بىلمەي ئىنتىلگەن، ئارزۇلىغان يەر ئىدى... تويە- توي!...

تويدۇم، بۇرۇن- قولىقىمغىچە، كېكىرگىچە تويدۇم. قانچە قېتىم قورقۇپ تىترىگىنىم، يىغلىغىنىم، ئىزا- ئاھانەتتىن خورلىنىپ، مۇنداق رەھىمسىز «جازا مەيدانى»دىن قېچىپ كېتىشنى ئويلىغىنىم ئېسىمدە يوق، قانچە قېتىم يارىلانغىنىم ئېسىمدە يوق. پۇت- قولۇم تۆت قېتىم سۇندىمۇ، بەش قېتىممۇ، ئۇمۇ ئېسىمدە يوق. ئېسىمدە بارى: چېنىقىش، مەشىق قىلىش، توختاۋسىز، قايتا- قايتا ھەرىكەت ئىشلەش، تېخىمۇ تېز، چاققان، نەپىس، سەنئەتلىك ھەرىكەت چىقىرىشقا كۈچەش ئۈچۈن تىرىشىش... يىقىلسىمۇ، يارىلانسىمۇ، ھارسىمۇ، ئاچسىمۇ، چىپىلداپ تەر چىقسىمۇ، قان ئاقسىمۇ قايتىماسلىق، بەل قويۇۋەتمەسلىك! ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ھالقىش ئۈچۈن توختاۋسىز تىرىشىش!...

17 يىل ئۆتتى. سۈت چىشىمۇ، سېرىق تۈكىمۇ چۈشمىگەن ئاشۇ سويمەكنى مانا ئەمدى ساقال- بۇرۇت باستى؛ قول- پۇتى يۇمران ئاشۇ بالىنىڭ پەي- مۇسكۇللىرى تارمۇشتەك قاتتى؛ ھەۋەس ئۇچقۇنى پۇچىلىغان سەبىي قەلبتە بۈگۈن سېرىككە بولغان مۇھەببەت يالقۇنى گۈرۈلدىدى. لېكىن ئاشۇ كىچىككىنە ئۇچقۇننىڭ ئوت يالقۇنغا ئايلىنىشى ئاسانغا توختىدىمۇ؟...

ئېسىمدە يوق! توغرا، «ئېسىمدە يوق» دېيىشنىڭ ئۆزىدىلا ھەممە نەرسىنىڭ ئەستە بارلىقى، يۈرەكنىڭ قات- قېتىغا ئورناپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن 17 يىلدىن كېيىنكى مەن ئۇنى «ئېسىمدە يوق» دەپ ئەسلەشنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئويلاپ قالدىم. تارتقان جاپا- كۈلپەت، ئىشتكەن ئىزا- ئاھانەت، يېگەن ئەدەپنى كىم ئۇنتۇپ قالدۇ؟... ھېچكىم. لېكىن مەن ئەمدىلىكتە ئۇلارنى بىر خىل نارازىلىق، ئاچچىق غەزەپ، ھەتتا ئۆچمەنلىك بىلەن ئەمەس، مەمنۇنلۇق، سۆيۈنۈش بىلەن ئەسكە ئالىمەن. ئۇلار كۆيۈنۈپ، ئۈمىد كۈتۈپ رەھىمسىزلەرچە قاتتىق تەلەپ قويۇپتىكەن. ئۇلار مەندەك يۇمران قەلبتە مۇنداقلا ئويغىنىپ قالغان ھەۋەس ئۇچقۇنىنى گۈرۈلدىتىپ ياندۇرۇش ئۈچۈن رەھىمسىز سىناق، ئۆتكەللەردە تاۋلاش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەنىكەن. كۆيمەسە، كۆيۈنمەسە، ئۈمىد كۈتمەسە، تاشلىۋېتەركەن، «بولدىلا» دەپ كارى بولماسكەن. شامالدا ئۆچۈپ قالمىغان ئوتنىڭ بوراندا تېخىمۇ ئۇلغىيىپ گۈرۈلدىيەلەيدىغانلىقىنى، قامچىدىن قورقمىغان ئاتنىڭ يۈگۈرۈك ئات، ھەتتا ئۇچقۇر تۇلپار بولالايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلىدىكەن. شۈكىمۇ ئۇلارنىڭ ماڭا تەلەپ قويۇش جەريانىدا دېگەن- قىلغان قوپاللىقلىرى ئېسىمدە يوق. ئېسىمدە بارى: ئۇچقۇن ئەنە شۇنداق ئوت بولىدىكەن، ھەۋەس ئەنە شۇنداق تاۋلىنىش ئارقىلىلا مۇھەببەتكە، ئەقىدىگە ئايلىنىدىكەن. ئادەم ئۆزىدىن ھالقىشقا تىرىشىش ئارقىلىلا ھاياتنىڭ مەنە- ئەھمىيىتىنى تاپالايدىكەن...

17 يىل ئۆتتى. جىق ئىش ئېسىمدە يوق. ئەمما 2009- يىل 15- يانۋار ئېسىمدە، ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە! مېنىڭلا ئەمەس، شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىدىكى ھەممەيلەننىڭ ئېنىق

ئېسىدە. ياق، يەنە تالاي كىشىنىڭ ئېسىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇ كۈنى چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق سىرك تىياتىرى «سالام، نەسرىددىن ئەپەندىم» ئۈرۈمچىي «خەلق» تىياتىرخانىسىدا تۇنجى قېتىم قويۇلدى ۋە قالتىس ئالقىشقا ئېرىشتى. شۇ چاغدا تىياتىرخانىنىڭ قانچىلىك ھاياجان، تەنتەنە، ئالقىش بىلەن دەۋرەپ كەتكەنلىكى ئېسىمدە يوق. بىزنىڭ قانچىلىك جىددىيلىك، ھاياجان بىلەن نومۇر ئورۇندىغانلىقىمىزلا ئېسىمدە. شىنجاڭ سىركچىلىكىدىكى نامايەندە سۈپىتىدە قارىلىۋاتقان بۇ چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق سىرك تىياتىرىغا سىلىنغان غايەت زور مەبلەغ، سىڭدۈرۈلگەن بىھېساب تەر ـ ئەجىر مېنىڭلا ئەمەس، ئۆمەكتىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلانغان. شۇڭىمۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن قەلبلەر شاد، نەتىجىدىن كۆڭۈللەر شادىمان ئىدى. قەلبىمدە كىچىككىنە ۋاقتىمدا يانغان ھەۋەس ئۇچقۇنى ئەمدى تېخىمۇ ئوتلۇق مۇھەببەت، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىغا ئايلانغانىدى...

سەھنىدە ئالقىش، تەبرىك سادالىرى ئىچىدە مەن ئۆتكەن، ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى ئەسلىدىم. ئۇ، ئاددىي ھەۋەسنىڭ پىشىپ يېتىلىش ۋە بوشاشماس ئەقىدە، ئېتىقادقا ئايلىنىش جەريانى ئىدى... كۆڭلىگە تاتلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى پۈككەن بىر بالىنىڭ 17 يىلدىن كېيىن چوڭ تىپتىكى بىر تىياتىردا مۇھىم، شۇنداقلا ئورۇنداش قىيىن بولغان بىر رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ ئالقىشقا ئېرىشىشى نېمىنىڭ نەتىجىسى؟... جاۋاب نۇرغۇن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھەممىدىن مۇھىمى، بەرداشلىق بېرىش، توختاۋسىز تىرىشىش، چىن دىلىدىن ئەقىدە ـ ئىخلاس قىلىش...

ــ نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى!

ئۆزۈمگە قارايمەن، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيمەن. «ئەپەندىمنىڭ ئەقىللىق ئېشىكىنىڭ رولىنى ئالسەن» دېگەندە، كاللامدا پەيدا بولغان تۇنجى ئىنكاس «ياق» ئىدى. نومۇس قىلىش، سۆز ـ چۆچەك، لەقەمگە قېلىشتىن ئەنسىرەش، خۇدۇكسىرەش ــ مەندە پەيدا بولغان تۇنجى تۇيغۇ ئىدى... ئەمما ئۆمەكتىكىلەر ماڭا، مېنىڭ ماھارىتىمگە ئىشىنىۋاتاتتى، ئۈمىد بىلەن بۇ مۇھىم رولنى ماڭا سۇنۇۋاتاتتى. توپ نىگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار مېنى ئېشەك بول، ئېشەككە ئايلان دېمىگەنىدى، بەلكى رول ئال، ئوبراز يارات دەۋاتاتتى، ماڭا نوختا، سامان ئەمەس، پۇرسەت سۇنۇۋاتاتتى. ئەمما... ئىنساندىكى ئاجىزلىق، چەكلىمىلىك يوپۇرۇلۇپ كەلگەنىدى. لېكىن سىرك ئەنە شۇ ئىنساندىكى ئاجىزلىقتىن ھالقىشقا بېغىشلانغان سەنئەت ئىدى. مەن ئادەتتىن، ئاجىزلىقتىن، ئۆزۈمدىن ھالقىشىم كېرەك ئىدى... ئەقىل ئاخىرى ماقۇل تاپتى. بار كۈچۈم بىلەن ئېشەك ئوبرازىنى ياخشى يارىتىشقا تىرىشتىم. ئادەم تۇرۇپ ئېشەكنىڭ قىلىق ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى دوراش، ئىپادىلەش ئاسانمۇ؟...تەس، ئەمما قىلغىلى بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس...

شۇنداق ئىكەن... تۆت يىللىق جاپالىق، ئىنچىكە، قايتا ـ قايتا مەشىق قېپقالدى. مېنىڭ ــ «نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى»لا ئەمەس، بۇ مۇزىكىلىق سىرك تىياتىرىغا قاتناشقان ھەربىر ئادەمنىڭ تۆت يىللىق قان ـ تەرى، ئەجىر ـ مېھنىتى، مېھىر ـ مۇھەببىتى ئورتاق بىر نىشانغا بېغىشلاندى... ئاشۇنداق تىرىشىش بىزنى ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت بوسۇغىسىغا باشلاپ كەلدى... چاۋاك، ئالقىش ياغدى... «نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى»مۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇرغان ئوبراز بوپقالدى...

ئارقامغا قارىدىم... نۇرغۇن نەرسە ئېسىمدە، ئەمما يەنە نۇرغۇن نەرسە ئېسىمدە يوق... ئالدىمغا قارىدىم. نۇرغۇن ئارزۇ ـ پىلانىم بار كاللامدا، قەلبىمدە يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى ھەۋەس ئۇچقۇن بولۇپ يېلىنجايتتى. بەلكىم بۇنىڭ بەزىلىرىگە يېتەرمەن، بەزىلىرى بەلكىم مەڭگۈلۈك ئارزۇ ـ ئارمان پېتى قېپقالار. ئەمما شۇ نەرسىنى بىلدىم، چۈشەندىمكى: ئىنسان ئۆز نىشانى، ئەقىدە ـ ئىخلاسى ئۈچۈن توختىماي تىرىشسا ۋە مېھنەت قىلسا ھامان ئەجرىگە يارىشا نەپ ـ نەتىجىگە ئېرىشىدىكەن. مەن ئۆزۈمدىن، ئۆز ئاجىزلىقىمدىن ھالقىش سەپىرىدە تېخىمۇ چوڭ قەدەملەرنى ئالسام دەيمەن.

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى (M3)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت، كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن



# ھاراق (3)

(ھېكايە)

ئابلىكىم ئەيەيدۇللا

... خىياللار ھالسىرىغان، مېڭىلەر تىترەيدىكەن، قىرتاق مېڭىلەر مەيدانلار ۋە يىگىتلەرنىڭ جولاسىغا كىسالەتتەك چېچىلغان. ناگاساكىي، خىروسىمالارغا ئاتوم بومبىسى تاشلانغان، بىزنىڭ بويىرىگە ھاراق بوتۇلكىلىرى تاشلانغان. بىراق ياجىئەنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش، بەلكى بىزدە ئېغىر. ناگاساكىي، خىروسىمالاردىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى زەخىملەنگەن، بويىردىكى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن روھى تەڭ زەخىملەنگەن.

ــــ ئابدۇقادىر جالالىددىن: «داغمۇ ياكى زىناقمۇ؟»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1995-يىل 5-، 6- (قوشما) سان

ــ سۇزۇپ ئىچىمىز!
ــ سۇزۇپ ئىچىمىز!
ــ كۆلۈپ ئىچىمىز!
ــ ھۆرۈپ ئىچىمىز!
ــ پۈرۈپ ئىچىمىز!
ــ ئۆلۈپ ئىچىمىز!
ــ خوشە!

بۈگۈنكى سورۇن دوستلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن شەھىرىمىزدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان «ئالتۇن كۆۋرۈك رېستورانى»غا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئەمەلىيەتتە ھاراق ئىچىش دېگەن سورۇن تاللاپمۇ كەتمەيدۇ، قەيەردە ئولتۇرۇپ ئىچىسىمۇ بەرىبىر، ئوخشاشلا ھاراقنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋېرىدىغان گەپ! ئەمما بۈگۈنكى سورۇنغا جەم بولغانلار ئۇزاق يىللىق ئىچىشىپ ئۆتۈۋاتقان ئۈلپەتلىرىم ئىدى. گەرچە زاھىر بىلەن سادىق دوستلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ ھاراق ئىچىپ بېزىدىن بىمەھەل ئايرىلغان، ئابدۇسالاممۇ ھاراق سورۇنىدىكى جېدەلدە قاتىللىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ھاياتلىرىمىزنىڭ يەيدىغان رىزقىمىز باركەن، «ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولماس» دەپ ئىچىپ تۇرۇۋاتىمىز. قۇرۇقدالغان بوتۇلكىلار دۆۋىلىنىپ، ھاراق رومكىلىرى قولدىن قولغا موكىدەك ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بۈگۈن جەم بولۇشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، ئۇرۇمچىدىن كەلگەن، ئۆزى ياش تۇرۇپلا ئىلىم ساھەسىدە تونۇلغان، پىكرى تېرەن يېقىن دوستۇم قۇتلۇقنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئىدى.

ــ قانداقىدىن ئىچىمىز، ئىلىنىڭكىدىنمۇ، ئۆزىمىزنىڭكىدىنمۇ ياكى...

ــ قانداقلا بولسا ئەكەلمەمسەن ئادەمنى تەقەززا قىلماي، بىر رومكا ھاراق قۇيماي تۇرۇپ نېمانداق تولا گەپ بۇ! ــ مەسۇم سىرتتىمۇ ئازراق قېقۋېلىپ كىرگەندەك قىلاتتى. گېپى

«ھاراق بىلەن دوستلاشقىنىڭ ـ ئەقىل بىلەن خوشلاشقىنىڭ»

تۈز، نېمە خىيالغا كەلسە شۇنى دەيدىغان بۇ ئاغىنىمىز بىلەنمۇ هاراق سورۇنىدا ئۆلپەتچىلىك قىلىپ تونۇشۇپ قالغاندۇق.

ــ يەنىلا يۇرتىمىزنىڭكىدىن ئىچمەيلىمۇ؟ ــ ئابلەت دەرھال گەپ قىستۇردى.

بەش يۈلتۈزلۈق بىر بوتۇلكا «كۇسەن مۇقەددەس هارىقى» تەخسىدىكى رومكىلارغا قۇيۇلۇشنى كۈتمەكتە. سورۇننى مەن تۈزگەچكە هاراقنى چوقۇم ئۆزۈم قۇيۇشۇم كېرەك، قائىدە شۇ. قۇيغانىكەنمەن، ئىككى ئېغىز قەدەھ سۆزى قىلىپ، ئۆزۈم ئاۋۋال ئىچىشىم كېرەك. نېمە ئامال؟ بۇرۇندىن تارتىپ هاراقكەشنىڭ سورۇنىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت شۇكەن، مەن بىر ئادەمنىڭ بۇنى ئۆزگەرتىشىم مۇمكىن ئەمەس!

شىشە ئىچىدە تۇرغان ئاشۇ سۈزۈك سۇيۇقلۇققا قاراپ بىر هازا تۇرۇپ كەتتىم. ئۇنىڭدا قانداق سېھىر ـ ئەپسۇن باردۇر دەيمەن؟! مىڭ قېتىم تۇۋا قىلىپمۇ، ھەتتا جېنىمىزنى سېلىپ بېرىپمۇ يەنە مۇشۇ هاراقتىن قۇتۇلالمىغىنىمىز قىزىقتە! يىراق تارىختا بوۋىلىرىمىز بۇلاق سۇلىرىنى ئېلىپ سۇ ئىچكەن قاپاقلار هازىر ئۇنتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈرۈقلارغا هاراق قاچىلىنىپ، سەھەرنىڭ ساپ هاۋاسىدەك پاكىز، مول تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرغا تويۇنغان نېرۋىلىرىمىزنى ، ئەرلىك جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بەقۇۋۋەت تەنلىرىمىزنى ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن توختاۋسىز زەھەرلەۋاتىمىز. تۇۋا، هاراق ئۆزى شۇنچە ساپ، سۈزۈك تۇرۇپ نېمىشقا ئادەمنى مەست قىلىدىغاندۇ؟ «غەربكە ساياھەت» فىلىمىدىكى ئادەم سۆرەتلىك جىنلارغا ئوخشاش هاراقمۇ كۆرۈنۈشتە، نەپىس بوتۇلكا ئىچىدە بىزنى ئۆزىگە تارتىپ، ئەمەلىيەتتە ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلامدىغاندۇ ـ يە؟! دوستلۇق رىشتى، ئەل ـ ئاغىنىدارچىلىق پەقەتلا مۇشۇ زەھەردەك ئاچچىق هاراق ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان، بىر ـ بىرىمىزگە زورلاپ هاراق ئىچتۈرىدىغان بولساق، كېيىنكى ئىشلار نېمە بوپكېتەر؟!

ــ بۈگۈنكى بۇ سورۇنىمىز بەك خاسىيەتلىك... ــ مەن ئابلەتنىڭ نوقۇشى بىلەن خىيالدىن ئويغىنىپ، لىق هاراق قۇيۇلغان رومكىنى خۇددى قورام تاشنى كۆتۈرگەندەك تەسلىكتە قولۇمغا ئېلىپ، قەدەھ سۆزىنى باشلىدىم:

ــ سورۇندا كۆڭۈلدىكى دوستلار جەم بوپتىمىز. قېنى، ھەرقايسىڭلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەم، ــ مەن قۇتلۇقنى ئىما قىلىپ دېدىم، ــ بۇ ئەزىز مېھمان ئۈرۈمچىدىن كەلگەن يېقىن دوستىمىز، ئىلىم ساھەسىدە ياش تۇرۇپلا شۆھرەت قازانغان قۇتلۇق ئەپەندى بولىدۇ. شۇڭا كۆڭۈلدىكى گەپلەرنى دېيىشىپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرساق. هاراق ئىچىش مەقسەت ئەمەس. «موللامنىڭ ئالدىدا تىلىڭنى يىغ، ئۇستامنىڭ ئالدىدا قولۇڭنى» دەيدىغان گەپ بار بىزدە. شۇڭا سورۇندا دوستىمىز قۇتلۇقنىڭ ھېكمەتلىك پاراڭلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىساق. قېنى، مۇشۇ رومكىنى ياشتا بىزلەردىن چوڭ، ئاكا يوللۇق بولغان ئۆزلىرىگە تۇتاي، ــ توختاخۇن تەمبۇرغا رومكىنى تەڭلىدىم.

ئاغىنىلەر ماڭا ھەيرانلىق، ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە قاراشتى. ئابلەت بىلەن پەرھاتنىڭ كۆزلىرى: «قۇتلۇققا نېمىشقا هاراق تۇتمايسەن؟ ئاچچىق هاراقنى بىزلا ئىچەمدۇق، ئۇنىڭ جېنى جان، بىزنىڭ جېنىمىز جان ئەمەسمىكەن؟ ئاغىنەڭگە يان باسساڭ بولمايدۇ...!» دەۋاتاتتى. بىلىپ تۇرىمەن، قائىدە بويىچە هاراق سورۇنىدا تۇنجى رومكا هاراق سورۇندىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانغا تۇتۇلىدۇ ئەمەسمۇ! ئەمما قۇتلۇق سورۇنغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا ماڭا هاراق ئىچمەيدىغانلىقىنى، سورۇندا خىجىل قىلماسلىقنى ئالاھىدە ئۆتۈنگەچكە ئۇنىڭغا هاراق تۇتمىغانىدىم. مېنىڭچە بولغاندا، مېھماننىڭ رايىغا باققانلىقمۇ ھۆرمەت قىلغانلىق، ئۇنى ئەڭ ياخشى مېھمان قىلغانلىق. بولمىسا، مەن بۈگۈن قۇتلۇققا ئاچچىق هاراقنى زورلاپ ئىچكۈزسەم، بىرسى، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن بولىمەن، يەنە بىرسى، ئۆز ئىرادەمنى ئۇنىڭغا زورلاپ تاڭغان بولىمەن. بۇ ئۇنى مېھمان قىلىش ئەمەس، جازالىغان بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟!

هاراق ئىچىلمەكتە، باياتىن ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغانلار ئەمدىلىكتە ئېچىلىپ، خۇشخۇيلىشىپ، چاقچاقلاشماقتا. ئۆزۈمچە يەنە هاراقنىڭ بۇ كارامىتىدىن سۆيۈنۈپمۇ قالدىم. دېمىسىمۇ، سەن بىر سورۇن قىلساڭ، خۇددى مەسچىتتە ئولتۇرغاندەك سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرسە، ئولتۇرۇشۇڭ قىزىمىسا، كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدىغان گەپ. هاراق ئىچىلگەنچە سورۇندىكىلەرنىڭ روھىمۇ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. قۇتلۇقنىڭ غەرب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، دۇنيا ئىقتىسادى، مىللىتىمىزنىڭ ساپاسى، ياشاش پىسخىكىسى، قەدىمكى كۇسەن ھەققىدىكى ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ، يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى تونۇتۇپ، قانداق ياشاشقا ئۈندەيدىغان ئاجايىپ تىرەن سۆزلىرىنى ئارىلاپ ئابلەت بىلەن پەرھاتنىڭ چاقچاق ـ يۇمۇرلىرى، «قېنى، بىز بىلەن ئىچىشىدىغان قىزلار؟» دەپ تۇۋلاپ قويۇشلىرى ئۈزۈپ قويۇۋاتاتتى. هاراق دېگەننىڭ بولمايدىغان يەنە مۇشۇنداق يەرلىرىمۇ بار ـ دە!

ــ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئەزىز مېھمان بىلەن بىر رومكا ئىچىشكۈم بار، ــ ئابلەت تۇرۇپلا تەخسىدىكى هاراقنى كۆتۈرۈپ قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ يۈزى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارغان، كۆزلىرى خۇددى قارچۇقى تارتىپ، پەغەز قاپاقلىرى ئاستىدا تېخىمۇ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، تەرلىگەن پېشانىسى مىس تاۋاقتەك پارقىرايتتى.

ــ رەھمەت، كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى، مەن ئەزەلدىن هاراق ئىچمەيمەن، خاپا بولمىسىڭىز، ــ قۇتلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

ــ مانى بى ئالسلا دەيمەن. هاراق دېگەن ئاپتونوم

رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئىجاد بولغان. سىلى ئىچمىسىلە قاملاشمايدۇ، بىزنىڭ ئىچكىنىمىزگە قاراپ زېرىكىپ قالىلا. مەنسۇرنىڭ ئاغىنىسى بارغۇ، بىزنىڭمۇ ئاغىنىمىز. ھەرقانچە چوڭ شەھەردىن كەلگەن بولسىلىمۇ، بىزنى ئۇنداق كىچىك كۆرمىسىلە دەيمەن. مېنى يالۋۇرغۇزماي ما ھاراقنى بې ئالسىلا!

— ئاداش، قۇتلۇققا ھاراق زورلىمايلى، ئۇنىڭ ھارىقىنى ماڭا بەر، قۇتلۇقنىڭ ئورنىدا مەن ئىچىۋېتەي، — مەن قۇتلۇقنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھاراق ئىچكۈم بولمىسىمۇ رومكىغا قولۇمنى ئۇزارتتىم. قۇتلۇق نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، پىيالىدىكى چېيىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆرە تۇراتتى.

— سەن ئىشىڭنى قىلە، ھاراقنى يا مەن ساڭا تۇتمىسام، سەن نېمە ساقال تاراپ يۈرسەن؟ بىز دېگەن كۆندە بار ئادەملەر، قاچانلا ئىچسەك بولۇۋېرىدۇ. مەن ماۋۇ يىراقتىن كەلگەن مېھمان بىلەن تونۇشۇۋالاي، بىرنى سوقۇشتۇرۇۋالاي دەۋاتىمەن! — دېدى ئابلەت مېنى سىلكىۋېتىپ. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قۇتلۇق بىلەن بىر رومكا ئىچمىسە زادىلا ئۇنىمايدىغاندەك قىلاتتى. مەست بولغانچە ھاراقنى باشقىلارغا زورلاش ھاراقكەشنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك. قىزىشقانچە ھاراقنىڭ مۇشۇنداق «مېھرى»نىڭ كۈچىيىپ كېتىشى-زە.

— زادىلا ئىچمىگەنىدىم، ھەرقايسىڭلارنىڭ ھۆرمىتىگە بۈگۈن پەقەتلا مۇشۇ بىر رومكىنى ئىچەي، ئەمما قايتا زورلىمىساڭلار، — سورۇندىكىلەر بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىش بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى گەپ ئېغىر كەلدىمۇ، قۇتلۇق ئالدىدا ھاراق تەڭلەپ تۇرۇۋالغان ئابلەتكە يۈزكېلەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزىدە خاپىلىق ئالامىتى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا دۇنيادىكى ئەڭ تەس ئىش ئىلاجىسىزلىق بولسا كېرەك. مانا ھازىر، توم-توم كىتاب يېزىپ ھەممىگە تونۇلغان، ھەتتا ئەنگلىيە، گېرمانىيىلەرگىمۇ چىقىپ خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە نۇتۇق سۆزلەپ زىلزىلە قوزغىغان ئالىم بىر رومكا ھاراق ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەي، توغرىراقنى دېگەندە ئابلەتنىڭ سېسىق تۇخۇمدەك كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان سۆزلىرىگە بەس كېلەلمەي رومكىنى قولىغا ئالدى. سورۇندىكىلەرنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋىسى، مەمنۇنىيەت ئالامىتى چاقنىماقتا. ئۇلار قۇتلۇقنىڭ ھاراق ئىچكىنىگە، مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئالالىغىنىغا خۇش بولۇپ سۆيۈنمەكتە ئىدى. بىراق، بىز بىردەملىك كۆڭۈل خۇشىمىز ئۈچۈن بىر ئالىمىمىزنى قىيناپ، ئۇنىڭ ئىلىم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھۆجەيرىلىرىنى زەھەرلەۋاتاتتۇق.

قۇتلۇق بىر رومكا ھاراقنى تولىمۇ تەسلىكتە تولغىنىپ تۇرۇپ ئىچتى. ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەندىكى ھالىتى خۇددى چوغ يۇتۇۋالغان ئادەمگە ئوخشايتتى. ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرالمىغىنىم ئۈچۈن كۆڭلۈم بىرقىسىملا بوپقالدى. شۇتاپتا كىمدىن رەنجىش، كىمنى ئەيىبلەشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم.

— مەنسۇر ئاداش، پۇشتەك چېلىپ جىنلىرىڭنى چاقىرمامسەن دەيمەن، — پەرھات بىردىنلا ئېغىز ئاچتى، — ئۈرۈمچىدىن ئاغىنەڭ كەلسە مۇشۇنداق سىدام ئولتۇرىمىزمۇ دەيمەن. تانسا-پانسا قىلمايمىزمۇ؟! مېنىڭچە، بۇ ئاغىنىمىز ھاراق ئىچمىگەندىكىن چوقۇم قىز-چوكانلارغا پەيزى بار. بۇ ئاغىنىمىز نېمىشقا ئىچمەيدۇ، بىلەمسەن؟ سورۇندا قىزلار يوق ، ئېچىلالمىغاچقا ئىچمىدى. شۇ تاپتا قىزلار بولىدىغان بولسا ئەمما لېكىن ھاراقنى كارامەت ئىچىپ قوياتتى-دە!

— توغرا، پەرھات توغرا دېدى. دېمىسىمۇ باشقىلىرىمىز سورۇن قىلساق بۇنداق سىدام ئولتۇرمايتتۇق، بۈگۈن قانداق بوپكەتتى بۇ ئىشلار؟! — دېدى ئابلەتمۇ ئۇلاپلا ، — سەن خىجىل بولساڭ مەنلا چاقىراي بولمىسا...

— بولدى، بۈگۈنچە مۇشۇنداق ئولتۇرايلى، قۇتلۇق بىر ئوبدان ئېسىل گەپلەرنى قىلىپ بېرىۋاتسا نېمە قىلىمىز ئۇ نېمىلەرنى چاقىرىپ، — مەن تېلېفون قىلغىلى تەمشەلگەن ئابلەتنى توختىتىپ قويدۇم، — بۈگۈنچە رەنجىمە، تۈلكەجىنلىرىڭ بىلەن كېيىن ئايرىم ئولتۇرۇۋالارسەن، ئاداش.

— ئادىشوي، كاللاڭ جايىدىمۇ سېنىڭ؟ مەن بارغۇ، ئۆزۈمنى ئەمەس، ما مېھماننى ئويلاۋاتىمەن، سېنىڭ يۈزۈڭنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن! بولمىسا، ماڭا قىز دېگەن ساماندەك، كوچىدا ماڭساممۇ قەدەمدە بىر پۇتلىشىپ تۇرىدۇ! ماڭا باياتىن تېخى بىرنەچچە تۇمۇچۇقتىن تېلېفون كەپتىكەن، ۋاقتىم يوق دەپ كەسكىن رەت قىلىۋەتتىم، — دېدى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئابلەت.

— مۇشۇ ھۆرمەتلىك ئالىم مېھمان بىلەن مەنمۇ بىر رومكا ئىچىۋالاي دەيمەنغۇ، — پەرھات ھاراقنى كۆتۈرۈپ قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ غىلايغان كۆزلىرى، كالپۇكلىرىنى توختىماي يالاشلىرىدىن ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ، بۇ ... — قۇتلۇق گەپ قىلساڭچۇ دېگەندەك ماڭا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— پەرھات ئاداش، گېپىمىزدە تۇرايلى، قۇتلۇققا ئەمدى ھاراق زورلىما، بىزنىڭ يۈزىمىزنى دەپ بىر رومكا ئىچتى ئەمەسمۇ، ئەمدى ئىچمىسۇن! — مەن دەرھال ئارىغا كىردىم.

— ئادىشوي، نېمە دەۋاتىسەن؟ سەن مېھماننىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغىنىڭ بىلەن مانا بىز قىلىمىز جۇمۇ. مەن قۇتلۇققا ھاراق تۇتۇۋاتسام سەن نېمە ئارىلىشىسەن. بايا ئابلەت تۇتقان ھاراقنى ئىچتىغۇ. مەن مېھمانغا زەھەر تۇتۇپتىمەنمۇ-يا؟! ئۇ دۇنياغا بارغاندىمچۇ بىرەر ئالىم بىلەن ھاراق سورۇنىدا ئىچىشكەنمۇ دەپ سورايمىش...

— ھەي ئاداش...

قۇتلۇق مەن بىر نەرسە دەي دېگۈچە رومكىنى قولىغا ئېلىپ ماڭا «بولدى، گەپ قىلما» دەپ ئىشارە قىلدى ۋە «خوشە»مۇ دېمەي ھاراقنى ئىچىۋېتىپ سىرتقا ماڭدى. مەن دەرھال ئارقىسىدىن چىقتىم.

— ياتاققا قايتىپ ئارام ئالاي، يەنە ئولتۇرسام ياخشى بولمىغۇدەك، — ئۇنىڭ قاتتىق رەنجىگەنلىكى ماڭا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— خاپا بولما، ئاداش، بۈگۈن ساڭا ھاراق ئىچكۈزگىنىمىز پەقەتلا قاملاشمىدى. قەسەم قىلاي، بۇنىدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمىز، مەنمۇ ئىلاجىسىزلىقتىن...

— بىر ئۇبدان مېھمان قىلغان تۇرساڭ، نېمىشقا خاپا بولاتتىم؟ قارىمامسەن، «ئېشىكىم نەدىن بىلۈر كۈنجۈرە بىلەن ناۋاتنىڭ پەرقىنى» دېگەندەكلا بىر ئىش بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىنمۇ يامانلاپ كەتكىلى بولمايدۇ، باشقىلارنىمۇ مەندەك بول دېسەك بولمايدۇ-دە!... بولدى، كىرىپ كەتكىن، رەھمەت ساڭا، ئەتە كۆرۈشەيلى.

— مەنسۇر ئاداش، ئاشۇ بى ئۈرۈمچىلىككە ئەجەب قىپكېتىدىكەنسەن. پايپېتەك بولۇپ ئارقىسىدىن ئىشىككىچە ئۈزۈتۈپ چىقىشلىرىڭ تېخى. ۋاي، سەن بىلەن بىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ قالساق بارغۇ، «بىزنىڭ ئۆيلەر ئاشۇ كۆرۈنگەن بىنانىڭ ئارقىسىدىكى بىنادا، باراسىلەر-ھە...» دەپلا كېتىپ قالىدىغان ئۈرۈمچىلىك ئۇ... — دېدى ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ بولغىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ مەسۇم.

— ۋاي شۇنى دەيمەن، — ئۇلاپلا ئابلەتمۇ گەپ قىستۇردى، — ئۈرۈمچىلىك دېگەن بارغۇ، ئۇچىغا چىققان قىزىل كۆز خەق ئۇ. بىز بۇيەردە بېشىمىزغا ئېلىپ قىلمىغاننى قىپكەتكەن بىلەن، ئۈرۈمچىگە بېرىپ قالساق، ئۇسسۇۋالساقمۇ تونۇمايدۇ.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭلار ئاغىنىلەر، ئۈرۈمچىلىكنىڭمۇ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس. قۇتلۇق ئېسىل ئاغىنىمىز. ئۇ بىر تالانت ئىگىسى بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى ئېسىل پەزىلەت ئىگىسى. سەل مىجەزى يوق، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتىقىغا كەتتى، سىلەرمۇ ئاغزىڭلارغا كەلگەنچە جۆيلىسەڭلار بولمايدۇ-دە؟!

— ۋاي شۇنداقمۇ بالاڭزا، ئەجەب ئالقىلاپ كەتتىڭ ئۈرۈمچىلىك دېگەننى. ئەمىسە مۇشۇ گۇناھىم ئۈچۈن ساڭا بىر رومكا تۇتتۇم، كېلە، بىرنى ئىچەمىز! — دېدى مەسۇم بىلىق كۆزى قىلىپ ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى تەڭلەپ.

— ئاداش، قولۇمدا رول بار، ئەمدى ئىچمەي.

— قىزىق گەپ بولدىدە-بۇ. مەن مەستمۇ ياكى سەن مەستمۇ؟ بۇ سورۇن زادى كىمنىڭ؟! ماشىنا ئالدىم دەپ ئۇنداق يوغىناپ كەتمە، ئاداش. يېڭىباچە تونۇشۇپ قالدۇق، بىرەر رومكا ئىچىشىپ باقلى، — مەسۇم مەستلىكتىن ئەلەڭلەپ قالغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا گۆلەيدى.

— شۇنى دەيمەن، ماشىنا دېگەن يوغان نېمە ئەمەس، ئەل-ئاغىنە مۇھىم جۇمۇ، مەنسۇر!

سېسىق گەپتىن قۇتۇلماق تەس، تەڭشەلگەندە ھەممىسىنىڭ كۆڭلى بىر-بىرسىدىن زىللىشىپ، كاجلىشىپ، ئۆزىنىڭلا گېپىنى قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان گەپكەن. بىرنەچچە رومكا ھاراقنى ئارتۇق ئىچىۋالدىم. قايتىدىغان چاغدا رېستوران خوجايىنىنىڭ:«تەڭشىلىپ قاپلا، ماشىنا ھەيدىمىسىلە، ماشىنىلىرىڭغا مەن قاراپ قوياي، ئەتە كېلىپ ئەكەتسىلە» دېگەن ياخشى كۆڭلىگە قوپال گەپلەر بىلەن دەشنام بېرىپ، پىكاپنى ئوت ئالدۇردۇم. كاللام ناھايىتى ساقتەك ئىدى، ھەممە نەرسىنى ئوچۇق كۆرۈۋاتاتتىم، قورقۇمسىزلىشىپ، بەجايىكى شىردەك يۈرەكلىك بوپكەتكەنىدىم.

قىقاس-چۇقان بىلەن يولغا چىقتۇق. خۇددى يۇلتۇزلار ھەم كوچا چىراغلىرى بىلەن بەسلەشكەندەك پىكاپنىڭ ھەممە چىرىغىنى يېقىۋېتىپ كېتىۋاتىمىز. ياز ئايلىرى بولغاچقا پىكاپنىڭ ئەينەكلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، پىكاپ دېرىزىسىدىن كىرگەن شامال يۈزلىرىمىزگە ئۇرۇلاتتى. ئالا-تاغىل ۋارقىراشلىرىمىز، قىقاس-چوقانلىرىمىز كېچە جىمجىتلىقىغا سىڭىپ باراتتى.

— ئاداش، ماشىناڭنى ئۇدۇل «سۇباش قەدىمىي شەھىرى»گە ھەيدە. قۇتلۇق بايا«سۇباش قەدىمىي شەھىرى»توغرۇلۇق سۆزلىمىدىمۇ؟ يىراق ئەمەسكەن، ئۇنبەش مىنۇتلۇق يولمىش، بى كۆرۈپ كېلەيلى. مۇشۇ يەردە تۇرۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ تەۋەررۇكلىرىدىن خەۋەرسىز يۈرۈپتۇق ئەمەسمۇ.

— ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى، — ئاغىنىلەر تەڭلا چاۋاك چېلىشتى، — شۇنداق قىلايلى، مەدەنىيەت دېگەننى باشقىلار تەتقىق قىلغان يەردە، بىز ھېچ بولمىسا كۆرۈپ باقلى!

— بولىدۇ، چاتاق يوق!

پىكاپنى «سۇباش قەدىمىي شەھىرى»گە قاراپ ھەيدىدىم. ئابلەت بىلەن پەرھات يەنىلا قىزلار توغرۇلۇق لەتىپە سۆزلەپ كۈلۈشمەكتە، مەسۇم بىلەن توختاخۇن تەمبۇرمۇ مۇقام توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. قاياقتىندۇر بىر ئادەم ئەرۋاھتەك پەيدا بولۇپ، يىراقتىنلا پىكاپنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ماۋۇ جىنىدىن تويغان ساراڭنىڭ ئۆلگۈسى كەلدىمۇ-نېمە؟! — پىكاپنى ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاتتىق تورمۇزلىدىم، پىكاپ ئازراق سۈركىلىپ، چىيىدە توختىدى.

— ۋوي، دېگەندەك جەمشت ساراڭكەنغۇ بۇ؟!... ئالدىمدا تۇرغان كىيىملىرى قاسماق، ساقاللىرى چاڭگىلىشىپ كەتكەن تونۇش چىرايغا قاراپ تۇۋلىۋەتتىم، — شۇنچە كېچىدە بۇيەردە نېمىش قىلىدىغاندۇ بۇ ساراڭ؟!

— ھى-ھى-ھى... بالام، بالام مۇشۇ يەردە... ماڭا ھاراق، ھاراق بەرسىلە...— ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا قوللىرىنى ئارىدەك سوزۇپ ئالدىمغا كەلدى.

«ھەي بىچارە، يەنە شۇ بالىلىرىنىڭ دەردىدە يۈرۈپتۇ-دە!» — ئىچىمدە شۇلارنى ئويلاپ، پىكاپنىڭ ئارقىسىغا قويۇپ قويغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئۇنىڭغا بەردىم، باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا چولام يوق ئىدى، قەدىمىي شەھەرگە تېزراق بېرىشنىلا ئويلايتتىم. جەمشىت ساراڭ ھاراقنى خۇددى بوۋاق بالىنى كۆتۈرگەندەك قۇچاقلىغىنىچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغىدى.

— ھارىقىم بار، ھارىقىم بار... ۋاي بالام، ۋاي بالام، نەدىسەن بالام...

— ما ساراڭ نەدىن پەيدا بولدى كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇپ،«سۇباش»تا ئىچىدىغان ھارىقىمىزنىمۇ ئېلىپ ماڭدى دېسە.

— جەمشىت مۇئەللىم دېگىنى شۇكەن، بالا دەردى ئەجەب يامانكەن-ھە

— ھەي بىچارە...

سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. كۆز ئالدىمدا ھېلىدىن-ھېلىغا خىلمۇ خىل ھاراق بوتۇلكىسى ئايلىناتتى. تۇرۇپلا زاھىر، سادىق، ئابدۇسالاملار ئېسىمگە كېلىپ، ئېغىر خۇرسىندىم. بەلكىم «ئۇلارمۇ بولغان بولسا...» دېگەنلەرنى ئويلىغاندىمەن. پىكاپ 150كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئاستا مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا. يول يېڭىدىن ياسالغاچقا سىلىق ئىدى، پىكاپ ئازراقمۇ سىلكىنمەيتتى. مەن ماي كىلاپاننى كۆچەپ دەسسەشكە باشلىدىم. ئاغىنىلەر ئالا-تاغىل ۋارقىرىشىپ، ناخشىغا چۈشكەندى:

يار بىلەن ئىچسەم شاراب،
بىر يىل تولمىدى.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ
ئېتىۋارى بولمىدى.

* * *

ئاھ، خېنىم داگىنىزدە،
شۇل ھاراق، شۇل جوزىدا...

«بىر خۇشاللىقنىڭ بىر يىغىسى بار»دېگەندەك، پىكاپ بىر دوقمۇشقا كەلگەندە «ۋاي، چاتاق بولدى!» دېيىشكە ئارانلا ئۈلگۈرەلىدىم. ناخشا ئەۋجىگە چىققاندا پىكاپ بىر تاشقا ئۇرۇلۇپ، ھاڭدىن تۆۋەنگە قاراپ ئۇچتى.

* * *

نامىزىمىز بەك ئاددىيلا ئۆتتى. بەشىمىز زاھىر بىلەن سادىقنىڭ قەبرىلىرىنىڭ يېنىغا قويۇلدۇق. ھاراق ئىچىپ ئۆلگەن ئىمانسىزلار دەپ، ھېچكىم ئۇلارنىڭ يەرلىكىگە يېقىن يولىمىغانىكەن، مانا ئەمدى بىز كەلدۇق. ئۇلارمۇ يالغۇز قالمايدىغان بولدى. ئاڭلىسام، «ھاراق ئىچىپ، ئۆيگە كەچ كىردىڭ، سەندەك ھاراقكەشتىن تويدۇم...!»دەپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەن ئايالىم قازا قىلغانلىق خەۋىرىمىزنى ئاڭلاپلا ھوشىدىن كەتكەنمىش، ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ئىككى بالاممۇ قاتتىق ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ. قالغانلىرىغۇ ئاياللىرىنى بەزدۇرگەن بويتاقلار ئىدى. ئەمما مېنىڭ ئايالىم تېخى ياش ھەم چىرايلىق ئىدى. ئەمدى ئۇ ئىككى بالا بىلەن قانداق قىلار؟ ئۇنى قايسى بۇقا پاتاڭدىن بىرسى خوتۇن قىلىۋالار؟ يەنە شۇ قۇتلۇق، ئايالىمنىڭ ھوشىغا كېلىپ: «ئېرىمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل سەن، سېنى دېمىسە ئۇ ھاراق ئىچمەيتتى، ئېرىمنى تۆلەپ بەر!»دەپ ياقىسىغا ئېسىلىشلىرىدىن رەنجىپ كەتمەي، پۇت-قولى يەرگە تەگمەي يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىزنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمىزنى بىر تەرەپ قىپتۇ. ئۇ، قايغۇرغان، خۇددى بۇ ئىشتا ئۆزى ئەيىبلىكتەك كۆڭلى غەش بولۇپ، ھاراق ئېلىپ كەلگەن بۇ ئېغىر پاجىئەگە قاتتىق ئېچىنغانىدى.

— ھاراق ئىچىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش جايىز ئەمەس! — ئاپئاق سەللىلىك ، يۈزلىرى ياغلاپ قويغان توقاچتەك پارقىراپ، كۆزلىرىدىن ئەقىل نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان نۇرانە چىراي، بەستلىك ئىمام ئاچچىقى بىلەن جامائەتكە شۇنداق دەپتۇدەك.

— بۇنداق قىلساق سىياسەتكە توغرا كەلمەس، ئىمامئاخۇنۇم . ئەمدى ئۇمۇ بىر تەقدىر دېسىلە، يەيدىغان رىزقى شۇنچىلىك. گۇناھى بولسا ئۇ دۇنيادا تارتار. بىز دېگەن بەندە، ئاجىز كېلىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراق ئىچىپ ئۆلگەن ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەپتۇ دېسە، ئالمادىس ھۆكۈمەتنىڭ قولىقىغا يېتىپ قالسىمۇ... — شالاڭ جامائەتنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىمام چۆچىگەندەك بولۇپ دەرھال دۇئاغا قول كۆتەرگەنمىش...

بەشىمىز گۆرلەردە قاتارلىشىپ ياتىمىز. ھاراقنىڭ بەتبۇي ھىدى يۇيۇپ-تارىلىپ يەرلىكلەرگە قويۇلغاندىن كېيىنمۇ مېيىتلىرىمىزدىن كەتمىگەنىدى.

— بۇ پاسىقلارنى قاچان سوراققا تارتىمىز؟ — يېقىنلا يەردىن سۆزلەشكەن ئاۋاز كېلىۋاتاتتى.

— جەمشىت دېگەن ساراڭمۇ تۈنۈگۈن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىنىڭ قەبرىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ ئىچىپ، شۇيەردىلا ئۆلۈپتۇ، ئۇنىمۇ يەرلىكىگە قويغاندا بىراقلا سوراق قىلارمىز، — مۇنكىر-نەكىرلەر بىز توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتى. ما ئىشنى كۆرۈڭ، ھاراق ئاخىرى جەمشىت مۇئەللىمنىڭمۇ بېشىغا چىقىپتۇ.

— بۇ يىل ھاراق ئىچىپ، ئىسپىرتتا زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلەر تالاي. بۇ بەشىنىڭ يېنىدىكى ئىككى گۆردىمۇ ھاراقتا ئۆلگەن زاھىر، سادىق دەيدىغان ئىككىسى بار.

— بۇ دوزىخىيلارنى سىم قامچا، تۆمۈر توقماق بىلەن راسا ئەدەپلەپ، ئىچكەن ھارىقىنى بۇرنىدىن بۇلاق چىقىرىۋېتەيلى.

— پەرمان چۈشكەن ھامان جازالاپ، ئارقىدىن ئۇتقا تاشلايمىز.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كاللامدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. قاتتىق ئۇرۇۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇتتا كۆيدۈرىمىز دېگىنچۇ تېخى!

— بېشىم بەك قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، ھاراق چىشلىۋاپتۇ، — پەرھات ھەممىدىن بۇرۇن ئېغىز ئاچتى، — بىر رومكا ھاراق بولسا چىشنى چىقىۋېتەتتىم.

— شۇنى دېمەمسەن، ئەمدى مەڭگۇ ئىچەلمەيدىغان بولدۇقتە! — ئابلەتمۇ ئارقىدىنلا گەپ قىستۇردى، — خام يېگۈدەك قىزلار ئۇ دۇنيادا قالدى مانا!

— تەمبۇر بولغان بولسا قېنىپ بىر چالاتتىم-دە.

— ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا كەلگەندىمۇ يەنە ئىچىدىغاننىڭ، قىزلارنىڭ، ناخشا تولۇلايدىغاننىڭ گېپىمۇ؟ ھايات قالغانلار بىزدەكلا بولسا، تۈگىشىپتۇق، قان بىلەن كىرگەن خۇيىمىز جان چىققاندىمۇ ئۆزگەرمىگۈدەك، — مەن ئىچ-ئىچىمدىن ئېغىر ئۇھ تارتتىم، — قايتا تۇغۇلۇش ئىمكانىيىتى بولغان بولسا...

— بەربىر جازالانغۇدەكمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەشەيلەن ھەمراھلىق يېتىپتىمىز، بىكار تۇرغۇچە مەن سىلەرگە بىر يۇمۇر سۆزلەپ بېرەي، — دېدى مەسۇم غېمىدە يوق.

— دېگىنە، قېنى ئاڭلايلى، قاراڭغۇ گۆردە زېرىكىپ ياتقۇچە، بىردەم-يېرىمدەم گەپ دۇتار قىلساقمۇ قىلايلى.

— ھەي ي ... بىر بوتۇلكا بولغان بولسا-ھە... — ئابلەتمۇ ئارقىدىنلا گەپ قىستۇردى.

— بۇ يۇمۇرنى غۇلجىلىق بىر ئاغىنەم دەپ بەرگەن، كونا بولسا كۆلەرسىلەر، يېڭى بولسا ئاڭلارسىلەر، — مەسۇم بىرھازا تۇرۇۋېلىپ گەپ باشلىدى:

— بىر ئەنگلىيىلىك، بىر فرانسىيىلىك، بىر شىنجاڭلىق بىرگە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ، تازا ئۇسساپ تەكلىماكان چۆلىگە كەلگەندە بىر كوزا تېپىۋاپتۇ. كوزىنى بىر ھازا تالىشىپ، ئاخىرى ئاغزىنى ئېچىپتۇ. شۇ ھامان كوزا ئىچىدىن تۈتۈن چىقىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا غايەت زور — بەھەيۋەت بىر دىۋە پەيدا بولۇپ ئۇلارغا قاراپ دەپتۇ:

— سىلەر مېنى قۇتقۇزۇۋالدىڭلار، ھەربىرىڭلارنىڭ ئۈچتىن تىلىكىنى ئىجابەت قىلاي.

ئۈچەيلەن دىۋىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مەن ئالدىدا دەيمەن دېسە، مەن ئالدىدا دەيمەن دەپ ئۆزئارا يول قويۇشماپتۇ. ئاخىرى ئەنگلىيىلىك ئالدىدا دەيدىغان بوپتۇ.

— ماڭا جىق پۇل كېرەك، ئاندىن ئېسىل پىكاپ كېرەك، ئۈچىنچى تىلىپىم، ئەنگلىيىگە كەتسەم، — دەپتىكەن، ئۇنىڭ تىلىپى ئىجابەت بوپتۇ.

— ماڭا جىق پۇل كېرەك، گۈزەل قىزدىن يىگىرمىسى كېرەك، ئاخىرقى تەلىپىم، فرانسىيىگە كەتسەم، — دەپتۇ فرانسىيىلىك. ئۇنىڭمۇ تەلىپى شۇ ھامان ئورۇندىلىپتۇ.

— ماڭا بىر بوتۇلكا ھاراق كېرەك، — دەپتۇ شىنجاڭلىق. دىۋە كۆلۈپ كېتىپ، بىر بوتۇلكا ھاراق كەلتۈرۈپتۇ.

— ئىككىنچى تەلىپىم، يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق كېرەك، — دەپتۇ شىنجاڭلىق بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ. دىۋە بۇ تەلىپىنىمۇ ئورۇنداپتۇ.

— ئۈچىنچى تەلىپىم، — ھاراق دېگەننى يالغۇز ئىچسە زېرىكەرلىك بولىدىكەن، ھېلىقى ئەنگلىيىلىك، فرانسىيىلىك ئىككى دوستۇمنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەرسەڭ.

ھەممىسى مەسۇمغا قوشۇلۇپ خىرىلداپ كۆلدى. مەن بولسام ھاراق ھەققىدە تەگسىز خىيالغا كەتكەنىدىم. ھاراق ئىچىپ، دوستلۇق مېھرىنى ئىزھار قىلىشىپ، ئاخىرى مۇنۇ قاراڭغۇ گۆرگە كىرىپ ياتتۇق، خۇددى بۇ دۇنيادىن، ھاياتتىن بەزگەندەك ياش ھاياتىمىزغا بالدۇرلا خاتىمە بەردۇق، ئىنتايىن قەدىرسىز ئۆلدۇق، يامان نامىمىز قالدى. ئەڭ چاتاق يېرى، ئىككى ئوغلۇم يېتىم بوپقالدى. ئۇلار چوڭ بولغاندا نېمە سەۋەبتىن ئۆلگەنلىكىمنى بىلسە، ماڭا لەنەت ئوقۇيدىغان بولدى. شۇغىنىسى، ئۇلارنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى مېنىڭ قېنىم بولغاچقا، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش ھاراقكەش بوپقالمىسا ياخشى بولاتتى.

توساتتىن ئەتراپتىن يەرتەۋرىگەندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار كېلىپ، يەر-جاھان تىترىگەندەك بولدى. ئەسلىدە تەرەپ-تەرەپتىن يىلان-چايانلار لۆمشۈپ چىقىپ، بىزگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر چاقنىتىپ، قىپقىزىل تىللىرىدىن ھەدەپ ئوت پۈركۈيتتى. بىزنىڭ جازا مۇئتلىرىمىز يېتىپ كەلگەنىدى، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، نېمىدېگەن دەھشەت!

— ۋايجان!

— ۋاييەي!

بۇ مېنىڭ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ، بۇنىسى ھازىرچە نامەلۇم. بەلكىم چۈش كۆرگەن بولسام قارا باسقان بولسا كېرەك. مەنمۇ بۇنىڭ بىر چۈش بوپقېلىشىنى تىلەيتتىم. كىمنىڭمۇ بۇ دۇنيادا ئۆزاقراق ياشىغۇسى يوق دەيسىز...

2008-يىل 18-ئىيۇن، كۇچا

* مەزكۇر ھېكايە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىل 5-سان، 2008-يىل 6-سانىدا بېرىلگەن «ھاراق(1)»، «ھاراق(2)» ناملىق ھېكايىلەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە يېزىلدى. — ئاپتور.

ئاپتور: ج ك پ كۇچا ناھىيە سۈيەتلىك ئورۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى باش ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى(M1)



## نامزات تاللاش

مەھمۇتجان يانتاق

مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پېنسىيىگە چىقىشقا يېقىن ئۆز ئورنىدا ئولتۇرىدىغان ئادەمگە ۋە ئىدارىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، قول ئاستىدىكىلەردىن ئۈچ كىشىنى تاللاپ سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇنىڭ سورايدىغان سوئالى: «ئەگەر ئىدارىمىزنىڭ ھويلىسىدىكى بىر تۇپ دەرەخ تۇيۇقسىز قۇرۇپ كەتسە، سىلەر بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىلەر؟» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

— مەن قۇرۇغان دەرەخنى قومۇرۇۋېتىپ، ئورنىغا باشقا كۆچەت تىكىمەن، — دېدى بىرىنچى كىشى.

— مەن دەرەخنىڭ نېمە ئۈچۈن قۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن شارائىت ۋە تۇپراققا ماس كېلىدىغان كۆچەت تىكىمەن، — دېدى ئىككىنچى كىشى.

— مەن ئالدى بىلەن ئىدارىمىزنىڭ تازىلىق ئىشچىسىنى جازالاپ، ئۇنىڭغا دەرەخنى تۆلەتكۈزۈپ، ئاندىن ئورنىغا يېڭى كۆچەت تىكىمەن، — دېدى ئۈچىنچى كىشى.

نەتىجىدە بىر ئايدىن كېيىن ئۈچىنچى كىشى باشلىقنىڭ ئورنىغا ئىدارە باشلىقى بولۇپ سايلاندى.

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## ھەيرانباغ تەرەملىرى

## پاراسەت ۋە ھەزىل

«پىئانىنو شاھى» رېستىر بىر كۈنى كرېمل سارىيىدا ئويۇن قويۇپتۇ. ئۇ، كۈيىنى ئەمدىلا باشلىشىغا چار پادىشاھ يېنىدىكىلەرگە گەپ قىلغىلى تۇرۇپتىكەن، رېستىر پىئانىنونى شاپپىدە توختىتىپتۇ. ئەجەبلەنگەن چار پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— كەمىنە پۇقرالىرى جانابلىرى گەپ قىلىۋاتقاندا زېھنىم بىلەن ئاڭلاي دېدىم، — دەپتۇ رېستىر ئېگىلىپ تۇرۇپ كەمتەرلىك بىلەن.

* * *

رەسساملىققا قىزىقىپ قالغان بىر ھېرىسمەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە گېرمانىيىلىك مەشھۇر رەسسام ئادولېف ۋېنسىرگە دادلاپتۇ:

— نېمە بولغىنى دەيمىنا! بىر كۈندە سىزغان رەسىمىمنى سېتىشقا نېمىشقا بىر يىل كېتىدىغاندۇ؟

— ئەكسىچە ئىش تۇتۇپ باقسىڭىز بولغۇدەك، بۇرادەر، — دەپتۇ مەشھۇر رەسسام ھېلىقى ھېرىسمەنگە، — بىر پارچە رەسىمنى بىر يىل سىزسىڭىز، ئۇنى سېتىشقا، ھېنىگچە، بىر كۈنمۇ كەتمەيدۇ!

* * *

كانادانىڭ سابىق دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ستېرلانگ 1893-يىلى جۇڭگو خېبېينىڭ ناڭياڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغانىكەن. 1923-يىلى ئۇ ئۆلكىلىك پارلامېنت سايلىمىغا قاتنىشىپتۇ. ئەمما

قارشى گۇرۇھتىكىلەر ئىستاكانلىرىدىكى كالا سۈتىنى ئىچكەچ ئولتۇرۇپ: «ئۇ دېگەن جۇڭگولۇقنىڭ سۈتىنى ئىمەپ چوڭ بولغان، شۇڭا ئۇنىڭ جىسمىدا جۇڭگولۇقنىڭ قېنى بار» دەپ جار سېلىشىپتۇ. ستېرلانگ «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ئۇسۇلى بىلەن شۇنداق ھەزىللىك سوئالدىن بىرنى قويۇپتۇ:

ــ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كالا سۈتى ئىچىپ چوڭ بولغانلار. ئۇنداقتا، سىلەرنىڭ جىسمىڭلاردا كالىنىڭ قېنى بارمۇ؟!

* * *

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا ئەنگلىيە ئىشچىلار پارتىيىسىدىن بولغان دىپلوماتىيە ئەمەلدارى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋياچېسلاۋ مولوتوف بىلەن مۇنازىرىلىشىۋېتىپ، «يولسىزنىڭ تىلى تۇتۇق» دېگەندەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ، مولوتوفنىڭ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى تۇيۇقسىز يادىغا ئاپتۇ ـ دە، قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ:

ــ مولوتوف ئەپەندى، سىز دېگەن ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان: مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم بولسا ئۆمۈر بويى كان قۇدۇقىدا جاپا چەككەن ئىشچىلاردىن. قېنى، دەڭە، قايسىمىز ئىشچىلار سىنىپىغا بەكرەك ۋەكىللىك قىلالايدىكەنمىز؟

زېرەك مولوتوف تەمكىنلىك بىلەن شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ــ شۇنداق! مەن راستىنلا ئاقسۆڭەك ئائىلىدە تۇغۇلغان؛ ئەمما، ھازىر ھەر ئىككىلىمىز ئۆز سىنىپىمىزغا ئاسىيلىق قىلىۋاتىمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ!

* * *

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا جەڭ پاراخوتلىرىنى ياساش بازىسىغا خۇپىيانە تۇتۇش قىلىۋاتقانىكەن. شۇ چاغدىكى رەئىس جۇمھۇر فرانكلىن دېلانو روزۋېلتنىڭ يېقىن بىر ئاغىنىسى ئىشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى كوچىلاپ سوراپتۇ. روزۋېلت ئۇنىڭ قۇلىقىغا «مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالامسىز؟» دەپ پىچىرلاپتۇ.

ــ ئەلۋەتتە ساقلايمەن! ــ دەپتۇ ھېلىقى كىشى ئىشەنچ بىلەن.

ــ ئۇنداقتا، مەنمۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلايمەن، ــ دەپتۇ روزۋېلت شۇئانلا.

---

* ماۋزۇ ئۇيغۇرچە نەشر تەرجىمە مۇھەررىرى تەرىپىدىن قويۇلدى.

«سەرخىل فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل 14 ـ سانىدىن رابىگۇل ۋەلى تەرجىمىسى

### «كىشىلىك ھايات تەسىراتلىرى» دىن تەرمىلەر:

## ئۇسۇل قانچىكى ئاددىي، ئۈنۈملۈك بولسا شۇنچە ئېتىبارسىز قالىدۇ

كولۇمبۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنى بايقاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئۇنىڭ سەپىرىنى قۇتلۇقلاپ زىياپەت بېرىپتۇ.

زىياپەتكە داخىل بولغان كىنەز، تۆرە، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار قىلچە نام ـ نىشانى يوق كولۇمبۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن مەسخىرە قىلىشقا باشلاپتۇ:

ــ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار ئۇنىڭ؟ مەن دېڭىز سەپىرىگە چىققان بولسامۇ ئۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاپالىغان بولار ئىدىم!

ــ شۇنداق ئەمەسمۇ؟! دېڭىز سەپىرىدە بىر يۆنىلىشنى بويلاپ يۈرۈۋەرسە قۇرۇقلۇققا يېتىپ بارىدىغان گەپتە!

ــ ئويۇننىڭ ئورنىدىكىلا ئىشكەنغۇ! بۇنداق ئىشقا كىم يولۇقۇپ قالسا، شۇنىڭ نامى چىقىدۇ.

ــ كولۇمبۇ دېگەن بۇ سولتەكنىڭ راستىنلا پېشانىسى ئوڭكەن!

سورۇندىكىلەرنىڭ زەھەردەك ئاچچىق ـ سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان كولۇمبۇ كولۇمسىرىگىنىچە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ:

ــ ھۆرمەتلىك خانىملار، ئەپەندىلەر، مۇنداق بىر ئويۇن ئويناپ باقساق: قېنى، كىم بىر تال تۇخۇمنى شىرەنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرغۇزالايدۇ؟

كۆپچىلىك بەس ـ بەستە سىناپ بېقىپتۇيۇ، ئەمما ھېچقايسىسى تۇخۇمنى شىرە ئۈستىدە تىك تۇرغۇزالماپتۇ.

ــ بىز تۇرغۇزالمىغان يەردە، ئۇنىڭ تۇرغۇزالىشى ناتايىن، ــ دەپتۇ ئارىدىن بىرەيلەن.

كولۇمبۇ تۇخۇمنى ئېلىپ شىرەگە يېنىك بىرنى ئۇرۇۋېتكەن، پايىنىكى ئازراق چېقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كولۇمبۇ تۇخۇمنىڭ ماكچايغان پايىنىكىنى تۆۋەن قىلىپ، شىرەگە قويغانىكەن، تىك تۇرۇپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ سورۇندىكىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن چۇرقىراشقىلى تۇرۇپتۇ:

ــ ئانچىكىلا بىر ئىشكەنغۇ ... ؟

ــ كىم قىلالمايدۇ ئۇنى ... ؟

ــ ...

ــ شۇنداق. بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتەن ئاددىي. مەن باشتا ئېيتقان: بۇ دېگەن كىچىككىنە بىر ئويۇن، ــ دەپتۇ كولۇمبۇ كولۇمسىرەپ تۇرۇپ، ــ لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، سىلەر

بايا نېمە ئۈچۈن بۇ چارىنى ئويلاپ يېتەلمىدىڭلار؟

**هاسىلكالام:** تالاي ئادەمنىڭ نەزىرىدە باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاسانلا قولغا كەلگەن. ھالبۇكى، ئاشۇ ئىش ئۆزىمىزنىڭ بېشىغا كەلسە بەسى مۈشكۈل تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇۋەپپەقىيەت يولىدا قوللانغان چارىمىز قانچىكى ئاددىي بولسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئېنىقكى، ئۇسۇل قانچىكى ئاددىي، ئۈنۈملۈك بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچە پەرۋاسىز قارايمىز.

# ئېسىل نەرسىدىن بىرىلا بولسا كۇپايە

بىر ئايال يازغۇچى قەلەمكەشلەر يىغىلىشىغا تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىپتۇ. ھونگرىيىلىك ياش بىر ئەر يازغۇچى ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ھېلىقى ئايال يازغۇچى ئۇستىۋىشى ئاددىي، كەمسۆز، كىچىك پېئىل ئىكەن.

ھونگرىيىلىك ياش يازغۇچى ئۇنى تونۇمايدىكەن. شۇڭا ئۇنى قاتاردا يوق ياش قەلەمكەشلەردىن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ ۋە پەرۋايىغا ئالماي مۇنداقلا سوراپتۇ:

— خانىم، سىز كەسپىي يازغۇچىمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنداقتا، ئېلان قىلىنغان داڭلىق ئەسەرلىرىڭىز باردۇ؟ بىرەر ـ ئىككىسىنى ئوقۇپ باقساق بولارمۇ؟

— ئانچە ـ مۇنچە رومان يېزىپ قويىمەن شۇ، ئېسىل ئەسەر دېگۈچىلىكمۇ يوق.

بايىقى ئويىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ياش يازغۇچى سۆزىنى داۋام قىپتۇ:

— رومان يازىمەن دەڭ! دېمەك، كەسپداشكەنمىز ـ دە. مەن ھازىرغىچە 339 پارچە رومان نەشر قىلدۇردۇم، سىزچۇ؟

— پەقەت بىرلا.

ياش يازغۇچى ئۇنىڭدىن كەمسىتكەن تەرزدە سوراپتۇ:

— ھە، بىر پارچىلا رومان يازدىم دەڭ. ھىم ...، دەپ بېقىڭە، كىتابىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— «پەرۋاز» — دەپتۇ ئايال يازغۇچى تولىمۇ تەمكىنلىك بىلەن.

ئايالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان تەكەببۇر ياش يازغۇچى داڭقىتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

بۇ ئايال ئەسلىدە پۈتكۈل ئۆمرىدە بىرلا رومان يازغان بولۇپ، ھالبۇكى، 339 پارچە رومانى بىلەن ماختانغان ھېلىقى ياش يازغۇچىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ھازىر ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز.

**هاسىلكالام: سېمىڭىزدە بولسۇنكى، قىلغان ئىشىمىزنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، سۈپىتى بىلەن پەخىرلىنىڭ. چۈنكى، ئىشلار مۆجىزىلىقىنىڭ ئاساسى — سۈپەتتۇر. بىر ئىشقا چىن ئىخلاس بىلەن كىرىشمەي، ئېلىپ ـ سېلىپ، سان قوغلىشىپ قىلغان ئىش ھەرقانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان بىر دۆۋە ئەخلەت، خالاس. قىسقىسى، ھەقىقىي ئېسىل نەرسىدىن بىرىلا بولسا كۇپايە!**

**(تەرجىماندىن ئىزاھات: بۇ رومان كېيىن كىنو فىلىمى ئىشلەنگەن. نامى «نامسىز يىللاردىكى ئادەملەر» ناملىق دۇنياغا مەشھۇر كىنو ئىدى)**

---

بەي چۈەنجېننىڭ «شىنخۇا» نەشرىياتى تەرىپىدىن 2008 ـ يىل ئۆكتەبىردە نەشر قىلىنغان «كىشىلىك ھايات تەسىراتلىرى» ناملىق كىتابىدىن **يۈسۈپجان داۋۇد شاھىدى** تەرجىمىسى. تىلماچ: كۇچا ناھىيە ئوچتۇستەڭ يېزا مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ خادىمى، ھازىر شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 8 ـ دىۋىزىيە 14 ـ پولكىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشتا

# ئاپتوبۇس ساقلاش

بىر توپ ئادەم بېكەتتە بىر ھازا ماشىنا ساقلىغاندىن كېيىن، كوچا ئاپتوبۇسىدىن بىرى كەپتىكەن، ھەممىسى ئاپتوبۇسقا دۈررىدە يامىشىپتۇ. ئاپتوبۇستا ئادەم ناھايىتى جىق بولغاچقا، قىستاڭچىلىقتا چىدىغىلى بولمايدىكەن. ئاپتوبۇس پۇشۇلدىغان كالىدەك قوزغىلىپ ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن بوش ـ بىكار ئاپتوبۇستىن يەنە بىرى كەپتۇ. بايىقى ئاپتوبۇسقا چىقالمىغانلار بۇ ئاپتوبۇسقا ئالدىرىماي چىقىپ، ئورۇندۇقلاردا خىرامان ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئاپتوبۇس ئارىدىن ئون نەچچە مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئالدىدا كەتكەن ھېلىقى ئاپتوبۇسنى ياندىغىنىچە غارقىراپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

**ھاياتمۇ شۇنداق. خۇددى («ئالدىرىغان ئاكام يولدا قاپتۇ») دېگەندەك، ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ چوقۇم مەنزىلگە بالدۇر، كېيىن ماڭغانلارنىڭ ئارقىدىن يېتىشى ناتايىن. قىسقىسى، گەپ، تەرلىگەنمۇ، ئەقىل ـ پاراسىتىگىمۇ باغلىق.**

---

«ھەپتىلىك تەرمىلەر» گېزىتىنىڭ 2009 ـ يىل 8 ـ ماي سانىدىن **ئابلەت مۇھەممەت توغراق** تەرجىمىسى. تىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

# تەرتىپسىز رىقابەتتىن غالىب چىقماس

قىسقۇچپاقا تۇتىدىغان بېلىقچىلار ھەمىشە قاپاققا ئوخشايدىغان بامبۇك سېۋەتنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىكەن. ئۇلار تۇنجى قىسقۇچپاقىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېلىقى بامبۇك سېۋەتكە سېلىپ، ئاغزىنى ھەم ئېتىپ قويىدىكەن. ئىككىنچى قىسقۇچپاقىنى تۇتۇۋالغاندىن

كېيىن بولسا، ئۇنىمۇ ھېلىقى سېۋەتكە سالىدىكەنۇ، ئەمما ئاغزىنى ئېتىپ يۇرمەيدىكەن.

ئەسلىدە، سېۋەتتىكى قىسقۇچپاقا يالغۇز بولسا، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ يۇرۇپ سېۋەتنىڭ ئاغزىغا يامىشىپ، سېۋەتنىڭ ياپقۇچىنى ئىچىپ چىقىپ كېتەلەيدىكەن؛ سېۋەتتىكى قىسقۇچپاقىلار كۆپ بولسا، «سەندىن مەن قالامدىغان» دېگەندەك تەرەپ ـ تەرەپتىن سېۋەتنىڭ ئاغزىغا يامىشىدىكەن. ئەمما سېۋەتنىڭ ئاغزىغا قىسقۇچپاقىدىن بىرىلا سىغىدىغان بولغاچقا، مىڭ تەسلىكتە سېۋەتنىڭ ئاغزىغا بارغان قىسقۇچپاقىنى قالغانلىرى تارتقۇشلاپ چۇشۇرۇۋېتىپ، ئۇنى دەسسەپ ئۆتۇپ، بەس ـ بەستە ئۇستىگە يامىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ قىسقۇچپاقىلار سېۋەت ئاغزىغا ياماشقانىنى ئۇدۇللۇق تارتىپ چۇشۇرۇۋېتىپ، تۇشىمۇ تۇشتىن يول تالىشىدىكەن. ئاقىۋەتتە، سېۋەتتىن ھېچقايسىسى چىقىپ كېتەلمەيدىكەن. دېمەك، بۇ بامبۇك سېۋەت شۇنداق خاسىيەتكە ئىگىكى: ئۇنىڭغا سولانغان قىسقۇچپاقا بىرلا بولسا، ئۇ چىقىپ كېتەلەيدۇ؛ كۆپ بولسا ھەرگىز چىقالمايدۇ.

*ھاسىلكالام: بۇنىڭدىن «تەرتىپسىز رىقابەتتىن غالىب چىقالماس» دېگەن زاكوننى يەكۇنلەش مۇمكىن.*

---

*مازۇر ئۇيغۇرچە نەشر تەرجىمە مۇھەررىرى تەرىپىدىن قويۇلدى.

جاڭ لىن ئىمزاسىدىكى بۇ پارچە «بۇگۇنكى تەرسلەر» گېزىتىدىن «ئىلھام ۋە پاراسەت» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل 1 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان، ئابلۇقەييۇم ئوبۇلقاسىم تەرجىمىسى، تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

# سەۋىيەڭدىن جۇرئىتىڭ ئەلا

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ سىنىپ كادىرى بوپباقمىغانىدىم. ھەم ئۆزۈمنى باشقۇرغۇچىلار ساھەسىنىڭ ئەھلى ئەمەس دەپ قارايتتىم. ئەمما، ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار كېڭىشىنىڭ ئەزاسىلىقىغا سايلىنىپ قالدىم. دەسلەپتە بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشىمگە كۆزۈم يەتمىگەنىدى. ئەمما، قىلىپ كۆرۈۋىدىم، ئويلىغىنىمدەك ئۇنچىۋالا تەسكىمۇ توختىمىدى. بۇ ئىشنى ئوبدان قىلغاچقىمۇ، كېيىن ئوقۇغۇچىلار كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندىم. بۇنىڭدىن، ئەسلىدە قىلىشقا كۆزىمىز يەتمىگەن ئىشلارنىمۇ كۆڭۈل قويساقلا ئوبدان قىلىپ كېتەلەيدىكەنمىزغۇ دېگەن ئويغا كەلدىم. خوش، ئۇنداق بولسا، نېمە ئۇچۇن ئاشۇنداق ئىشلارغا بالدۇرراق تۇتۇش قىلماي پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇرىمىز؟ نېمە ئۇچۇن نۇرغۇن ئىشقا پۇرسەت كېلىپ ھەممىنىڭ كۆزى شۇنىڭغا تىكىلىۋاتقاندا، ئۇنى باشقىلاردىن بۇرۇن گاچچىدە قولغا ئالمايمىز؟

مېنىڭ بىر ھېكايە يېزىپ، ئۇنى سەھنىلەشتۇرگەندىن كېيىن ئۆزۈم ئۆمەك تەشكىللەپ سەھنىگە ئېلىپ چىققۇم بار ئىدى. بۇ ئىشقا ئىككىلەنمەي تۇتۇش قىلدىم. يەنى ھېكايەمنى يازغاچ سەھنە ئەسرى قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگەندىم؛ ھېكايىنى سەھنىلەشتۇرگەچ ئۆمەككە ئەزا قوبۇللىدىم؛ ئويۇننى مەشىق قىلغاچ ئويۇن قويىدىغان زالنى ئۇقۇشتۇم. شۇنداق قىلىپ ھېكايىنى يېزىشقا يېرىم يىل،سەھنىلەشتۇرۇشكە ئىككى ئاي، مەشىققە بىر ئاي كەتتى. بىر يىلدىن كېيىن مەن تەشكىللىگەن ئوقۇغۇچىلار سەنئەت ئۆمىكى مەكتەپ زالىدا ئويۇن قويۇۋىدى، ھەممەيلەن «پاھ، مۆجىزە بوپتۇ!» دېيىشىپ كەتتى.

ئىلگىرى مەن بىرەر قېتىم ئۇسسۇلغا قولۇمنى كۆتۈرۈپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇسسۇلنى راسا ئوينىپ، سەھنىدىن چاڭ چىقىرىۋېتىش نىيىتىم بار ئىدى. دەسلەپتە پۇت ـ قولۇم ئۇسسۇلغا پەقەتلا كەلمىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن مەندە ئاستا ـ ئاستا بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. تۆت ھەپتىدىن كېيىن ھەر بىر مۇسكۇلۇم، ھەر بىر قەدىمىم مۇزىكا رىتىمىغا جۆر بولۇپ، ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەلەيدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىر برودۋېينىڭ سەھنىسىگە چىقتىم.

ئىلگىرى گەپ قىلغاندا ئانچە ـ مۇنچە كېكەچلەيتتىم. ئۆيدىكىلەر بۇ ئەيىبىمنى ئۆزگەرتىش ئۇچۇن ئائىلىغانىنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ داۋاسى بولمىدى. ئەمما، مەن بۇ ئەيىبىمنى بىر ئايدىلا ئۆزگەرتەلىدىم. بۇنىڭ ئامالى ناھايىتى ئاددىي ئىكەن. مەن ئالدى بىلەن مۇنازىرە ئۆمىكىگە كىردىم، ھەتتا خەلقئارالىق مەخسۇس مۇنازىرە مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ باقماقچىمۇ بولدۇم. ئەمما، بۇنىڭ ئۇچۇن قاتتىق تىرىشمىسام بولمايتتى. شۇڭا، گاھىدا ئاغزىمغا شېغىل سېلىۋېلىپ تەلۋىلەرچە سۆزلەپ بەردىم؛ ئادەمنىڭ تىلى ئاسان كەلمەيدىغان تەس سۆزلەرنى توختىماي مەشىق قىلدىم. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، كېكەچلىك ئەيىبىدىنمۇ ئاخىر قۇتۇلدۇم.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئىلتىماس سۇنغاندا ئۆلچەملىك جەدۋەلنى تولدۇرغاندىن سىرت، يەنە «Close ـ Up» ناملىق بىر قوللانما تۈزۈپ، ئۇنىڭدا رەسىم ۋە ئىزاھلار ئارقىلىق ستانفوردتىكى كەلگۈسى ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى سۈرەتلەپ چىقتىم. بۇ نەپىس قوللانما كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان «نادىر ئەسەر»ىم ئىدى. ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى مېنى ئاشۇنداق قىل دېگەنمۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ئىمكانىيىتى يوق پۇرسەتلەرنى ئىمكانىيەت يارىتىپ قولغا كەلتۈرەلەيدىغان ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۇچۇن شۇنداق قىلدىم. شۇ يىلى مەن ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا قا سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش كەسپى (MBA) بويىچە ماگىستىرئاسپىرانتلىققا ئوقۇشقا كەلگەن

بىردىنبىر تەيۋەنلىك ئوقۇغۇچى ئىدىم. پروفېسسورۇمنىڭ ئېيتىشىچە، تەيۋەندىن كېلىپ ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ساماندەك ئىكەن. مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى جەھەتتە باشقىلاردىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان مېنى تاللاپتۇ. چۈنكى، ئۇلارغا مېنىڭ «Close_Up» ناملىق قوللانمام ياراپ قاپتۇدەك، ھەتتا ماڭا «قولىدىن ئىش كېلىدىغان تالانتلىق ئوقۇغۇچى ئىكەن» دەپ باھا بېرىپتۇمىش.

ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، ئۆگىنىشتىن سىرت يەنە مەن قىلىدىغان، ئەمما دەماللىققا قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. شۇنداق قىلىپ ئاشۇ ئىشلارغا دادىل ئاتلاندىم. مەن ئۇچامغا سىرىق پىنجەك كىيىپ ۋال كوچىسىدا پراكتىكانت مەشغۇلاتچى بولدۇم. كۆنگە مىليونلىغان ئاقچا قولۇمدىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىكروسوفت، دېل ۋە ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتىدىمۇ ئىشلەپ باقتىم. ئىش ئورنۇم گەرچە باشقۇرۇش قاتلىمىدا بولمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ شىركەتلەرنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىپ، سودىنىڭ بىر پۈتۈن يۈرۈشۈش تەرتىپى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. تارىخنامىلەرنى ئاۋام-پۇقرا تارىختىكى نۇسرەت ۋە زاۋاللىقلارنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، شۆھرەتپەرەس ئۆكتەملەر ئىمپېراتورلارنىڭ يولىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. مەن بولسام، سودا ساھەسىدىكى ماگناتلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇم.

ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يازغۇچىلىقنىڭ ئەلمى-تەلمىنى ئىگىلىۋالدىم دەپ قاراپ، تەيۋەنگە قايتىپ بېرىپلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندىم. ئۆزۈمنىڭ قالماي ئون نەچچە پارچە كىتاب نەشر قىلدۇرۇپ، داڭلىق يازغۇچىلاردىن بوپقالدىم.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا زاھىدلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ جاھان كەزگۈم كېپقالدى. شۇنداق قىلىپ ئاۋۋال بېيجىڭغا باردىم، ئاندىن ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇب-شىمالىنى قويماي ئارىلاپ چىقتىم. سەپەر جەريانىدا شاڭخەيدىكى ئالىي مېھمانسارايلاردا مەزىلىك غاز جىگىرى يېگەن چاغلىرىممۇ، تىبەتلەرنىڭ چېدىرلىرىدا قاتتىق نان غاجىلىغان چاغلىرىممۇ بولدى. مەيلى جەبىر-جاپا تارتاي ياكى راھەت-پاراغەت كۆرەي، يۈرىكىمدە مەۋج ئۇرىدىغىنى خۇشاللىق ھېسلىرىلا ئىدى.

نومدا مۇنداق بىر قىسسە بار: ئىككى راھىب بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى باي، بىرى نامرات ئىكەن. ئەمما، ھەر ئىككىسىنىڭ ئارزۇسى نەنخەيگە بېرىپ تاۋاپ قىلىش ئىكەن. شۇنداق قىلىپ باي راھىب تاۋاپ سەپىرى ئۈچۈن بالدۇرلا خەرج-خىراجەت يىغىشقا تۇتۇش قىپتۇ. نامرات راھىب بىر دانە غېدىر بىلەنلا تاۋاپ سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ ۋە ئۆزۈنىڭ قالماي نەنخەينى ئۇڭۇشلۇق تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كەپتۇ. ئەمما، ھېلىقى باي راھىبنىڭ سەپەر تەييارلىقى تېخىچە پۈتمىگەنىكەن. ئۇ، نامرات راھىبتىن سوراپتۇ:

— يېنىڭدا پۇچۇق يارماق يوق تۇرۇپ قانداقلارچە نەنخەيگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كەلدىڭ؟

نامرات راھىب دەپتۇ:

— شۇنداق، نەنخەيگە بارمىسام كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدۇ. شۇڭا، بىر قەدەم ماڭساممۇ تاۋابگاھىمغا يېقىنلاشقاندەك بولىمەن، كۆڭلۈم تەسكىن تاپىدۇ. ئۆزلىرىدە كۆزلىرى يەتمىگەن ئىشقا تۇتۇش قىلغۇدەك دادىللىق كەم ئىكەن. مەن تاۋابقا بېرىپ كېپبولدۇم، ئەمما سىلى ھازىرغىچە سەپەر تەرەددۇتى بىلەن ...

**خۇلاسىكالام: ئارزۇلىرىڭ قانچە كۆپلۈك بولغان بىلەن، جۇرئىتىڭ بولمىسا بىكار. شۇڭا، قىلىشقا خۇش قىلالمايدۇ دېگەن ئىشلارنى قىل. شۇندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن؛ بولمىسا غەلىبىلار سېنىڭ ئىشىكىڭنى قوشۇلالمايسەن. بىلگىنكى، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن خۇشىپ-خەتەر ھامان قوشكېزەك. ئىش-ئوقىتىمۇ، كۆندىلىك تۇرمۇشىمۇ شۇنداق.**

**شۇڭا، مەن خۇش كۆزى يەتمىگەن ئىشلارغا ئۇرۇنۇپ كۆرۈشنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن.**

---

ۋاڭ ۋېنخۇا ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «دەۋرىمىز ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىل مارت(ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىدىن «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىل 9-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئىسمائىل يۈسۈپ** تەرجىمىسى.

تىلماچ: غۇلجا ناھىيە خۇدىيارىيۈزى يېزا ئورمان كەنتىدە دېھقان

# كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ساختا پۇل

ئۇ، قولىدىكى 20 يۈەنلىك ساختا پۇلغا قاراپ، قايسى دۇكاندىن مال سېتىۋالغاندا قايتۇرۇلغان پارچە پۇللار ئارىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالماي، كۆيدۈرۈۋەتمەكچىمۇ بولدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇ ناھايىتى 20 يۈەنغۇ؟! بىراق ئۇ يەنە ئويلاپ قالدى: «نېمىشقا كۆيدۈرۈۋەتكۈدەكمەن؟ باشقىلار خەجلىسە بولىدىكەنۇ، مەن خەجلىسەم بولمامدىكەن؟» شۇنداق قىلىپ بۇ پۇلنى نەچچە قېتىم خەجلىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، چېنىپ قالدى. ئاخىر ساختا پۇلنى بىر ئاماللارنى قىلىپ بالدۇرراق خەجلىۋەتكۈسى كېپكەتتى ۋە كەچلىك بازاردا خەجلىمەكچى بولدى.

بىر كۈنى كېچىدە ئۇ تار رەستىدىكى باس-باس بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر قاچا چۆچۈرە بۇيرۇتتى. ئەمما چۆچۈرە بەك قىزىقمۇ ياكى ھودۇقۇپ كەتكەچكىمۇ، چىلىق-چىلىق تەرلەپ كەتتى. ئۇ، چاپىنىنى سېلىپ ئورۇندۇققا ئارتىپ قويدى. بىر قاچا چۆچۈرىنى ھاپىلا-شاپىلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن ھېلىقى 20 يۈەنلىك ساختا پۇلنى چىقىرىپ خوجايىنغا تەڭلىدى:

— ئىشىم بەك ئالدىراشتى، ئاشقىنىنى تېزراق قايتۇرۇپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، ئاچا.

50 ياشلاردىن ھالقىغان ئايال خوجايىن قولىنى پەشتامىسىغا ئالمان-تالمان سۈرتتى-دە، ھېلىقى 20 يۈەننى ئېلىپ، پۇلنىڭ ئالدى-ئارقىسىغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاشقىنىنى دەرھال قايتۇردى.

ئۇ، ئاشقان پۇلنى ئېلىپلا ئاشپۇزۇلدىن چىقتى-دە، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي يۈرۈپ كەتتى. ئەمما، 30 قەدەمچە ماڭار-ماڭمايلا ئارقىسىدا بىرەيلەننىڭ: «ھەي مېھمان، توختاپ تۇرۇڭە!» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ: «ئاپلا، ئايال خوجايىن پۇلنىڭ ساختىلىقىنى بىلىپ قېلىپ قوغلاپ چىققان ئوخشايدۇ!» دەپ ئويلاپ، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ مېڭىۋەردى. ئەمما ئايال خوجايىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرگىنىچە توۋلىغىلى تۇردى. ئەمدى توختىماي ئامال يوق ئىدى.

— ۋىييەي، يەلتاپاندەكلا ماڭىدىكەنسىز، ھەش-پەش دېگۈچە ئۇزاپ كەتكىنىڭىزنى قارىمامدىغان! — دېدى ئايال خوجايىن، — ھېلىمۇ ۋاقتىدا كۆرۈپتىمەن ... قارىڭە، چاپىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز ...

ئۇ بايا ئاشپۇزۇلغا كىرگەن چاغدا ئۇچىسىدىكى چاپاننىڭ مانا ئەمدى ئايال خوجايىننىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— قاراپ بېقىڭ، يانچۇقىڭىزدىكى نەرسىلەر ساقمىكىن؟ — دېدى ئايال خوجايىن.

ئۇ، چاپاننى قولىغا ئېلىپ يانچۇقىدىكى كىملىك ۋە بايىلا ئالغان 800 يۈەن مائاشىنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دېدى:

— رەھمەت،ئاچا.

— ئۇكام، پۇل تاپماقنىڭ تەسلىكىدە ئۇنداق بىخەستىلىك قىلماڭ!

قانداقتۇر بىر خىل تۇيغۇدىن ۋۇجۇدى تويۇقسىز ئېللىغان بۇ خېرىدار يانچۇقىدىن 20 يۈەننى چىقىرىپ ئايال خوجايىنغا تەڭلىدى:

— رەھمەت، ئاچا ، بۇ مېنىڭ ئازىراق كۆڭلۈم.

— كۆڭلىڭىز تېگىل بولدى، ئۇكام، ئەمما پۇلىڭىزنى ئالالمايمەن.

— ئەمىسە، بايا مەن سىزگە بەرگەن كونا پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ماۋۇ يېڭىسىنى ئېلىڭ.

— ياقەي، كونىسىمۇ، يېڭىسىمۇ ئوخشاشلا پۇلغۇ!

— ھە ... بۇ ... مۇنداق ئىش ئىدى. ئىسىم قۇرۇسۇن، ئۇ پۇلغا مۇھىم بىر تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ قويۇپتىكەنمەن دەڭە ...

— ھە، ئۇنداق بولسا بوپتۇ ئەمىسە، ئۇ پۇلنى سىزگە قايتۇرۇپ بېرەي.

...

ئايال خوجايىن ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يانچۇقىدىن چاقمىقىنى ئېلىپ ياندۇردى-دە، ھېلىقى 20 يۈەنلىك ساختا پۇلنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

---

جياڭ ۋېنشېڭ ئىمزاسىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2009-يىل ماي(ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىغا بېسىلغان. **راخمانجان روسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى. تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىنىڭ پېنسىيونېرى

# غەپلەت

(مىكرو ھېكايە)

## ئابدۇرەھمان ھەببۇللا

— بوۋا، بوۋا، يەر تەۋرىدى، تېز بول! دەرھال سىرتقا چىقىپ كېتەيلى!

— جىم ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگىنە، بالام. نەدىكى يوق گەپنى قىلىدىكەنسەن، نەدە يەر تەۋرىسۇن، ھەممە يەر ساپساق، تىنچلىق تۇرمامدۇ.

— بوۋا، راست دەۋاتىمەن، قارىغىنە! لامپۇچكا پۇلاڭلاۋاتىدۇ.

— لامپۇچكا دېگەن شامال چىقسىمۇ پۇلاڭلايدۇ. بىرەر تال ساقىلىممۇ قىمىرلاپ قويىماي دېمىسە، نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن. ئادەمنى ئارامىدا تېلېۋىزور كۆرگىلى قويغىنە، يوق گەپنى قىلماي.

— قارا! ئىشەنمىسەڭ شىرە ئۈستىدىكى قاچىلارمۇ تاراقشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھە، ئەسلى قورسىقىڭ ئېچىپ كېتىپتىكەندە! سەل تۇرۇپ تۇر، فىلىم تۈگىسىلا نان ئېپبېرەي.

— بوۋا! بەك قورقۇۋاتىمەن. تېز بول، ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ كېتەيلى. ئەنە! تېلېۋىزورمۇ مىدىرلاشقا باشلىدى.

— ھوي! راست، تېلېۋىزوردىكى كۇڭجۇنىڭ* ئاپىسىمۇ دەلدەڭشىپ كېتىۋاتىدىيا؟ كۇڭجۇنىڭ ئاپىسىنىڭ بۈگۈن مىجەزى يوقمۇ ياكى راستتىنلا يەر تەۋرىدىمۇ؟

— ئا! ھا!!...

دەل شۇ چاغدا گۈلدۈر-قاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆينىڭ تۆت تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بوۋايمۇ، نەۋرىسىمۇ، كۇڭجۇنىڭ ئاپىسىمۇ ئۆي ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى.

---

* كۇڭجۇ-كورىيىنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «يەنە بىر كۆرسەم» دىكى پېرسوناژ.

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە قاغىلىق بازىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى (M2)

بۇ سالدىكى خەنزۇچە تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ مۇھەررىرى: سېيىت تىلىۋالدى (تەكلىپلىك)




# ئەمادىن كەلگەن ئىلھام

## سى يۈ

نيۇ ـ يوركتىن پويىزدا بوستونغا كېتىۋاتاتتىم. يېنىمدا ئولتۇرغان ياشانغان يولۇچىنىڭ ئەما ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم.

دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمنى يېزىشىمغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان مۇئەللىمىممۇ ئەما بولغاچقا، ئەمالار بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇڭدىشالايتتىم. ھېلىقى ئەما يولۇچىغا بىر ئىستاكان قەھۋە دەملەپ بەردىم.

بۇ دەل لوس ئانژېلېستىكى قەبىلىلەر توقۇنۇشۇۋاتقان چاغ بولغاچقا، بىز قەبىلىلەر ئارىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتلەر توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدۇق. ھېلىقى ئەما يولۇچى ماڭا مۇنۇلارنى دەپ بەردى:

ئۇ، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاچقا، كىچىكىدىن تارتىپلا نېگىرلارنى پەس كۆرىدىكەندۇق. ئۆيىدىكى ياللانما خىزمەتچىلىرىمۇ نېگىر ئىكەندۇق. ئۇ، جەنۇبتا تۇرغان چاغلىرىدا نېگىرلار بىلەن بىرەر قېتىممۇ ھەمداستىخان بولۇپباقمىغانىكەن ھەم نېگىرلار بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇپ باقماپتىكەن. ئۇ، شىمالدا ئوقۇۋاتقاندا، بىر قېتىم ساۋاقداشلىرىنىڭ زورى بىلەن ئۇلارنى دالا تاماقىغا تەكلىپ قىپتۇ ۋە باغاققا «ھەرقانداق كىشىنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇقمىز!» دېگەن گەپنى ئېزاھلاپ قويۇپتۇ. جەنۇبتا ئومۇملاشقان بۇ گەپ «نېگىرلار نېرى تۇرسۇن!» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك سىنىپتا چۇقان كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنى فاكۇلتېت مۇدىرى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ تازا ئەدەپلەپتۇ.

ــ ئۇ چاغلاردا ناۋادا نېگىرلارنىڭ دۇكىنىغا كىرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، پۇلنى دۇكانچىنىڭ قولىغا بەرمەي پوكەيگە قويۇپ قوياتتۇق، چۈنكى قولىمىزنىڭ نېگىرلارنىڭ قولىغا تېگىپ كېتىشىنى خالىمايتتۇق، ــ دېدى ئەما يولۇچى.

ــ ئۇنداقتا، نېگىر قىزغا ئۆيلىنىشىنى راۋا كۆرمەيتىكەنسىز ـ دە؟ ــ دەپ سورىدىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەما يولۇچى قاھ ـ قاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

ــ ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنىمۇ خالىمايدىغان تۇرساق، تويلىشىش مۇمكىنمۇ؟! كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، مەن ئۇ چاغلاردا ئاق تەنلىكلەر نېگىرلار بىلەن تويلاشسا ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ شەنىنى بۇلغايدۇ، دەپ قارايتتىم.

ئەما يولۇچىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ، بوستوندا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقاندا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپتۇ. گەرچە جېنى ئامان قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزى تۇتتۇلۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمالار دوختۇرخانىسىدا ئەمالار يېزىقىنى، ھاسا تۇتۇپ يول يۈرۈشنى ئۆگىنىپ، بارا ـ بارا ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئېلىشقا ئادەتلىنىپتۇ.

يۈرەكتىن يۈرەككە يول

ــ ئۇ چاغدائۇدۇلۇمدىكى كىشىنىڭ ئاق تەنلىك ياكى نېگىرلىكىنى ئاڭقىرالماسلىق مەن ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب ئىدى، ــ دېدى ئەما يولۇچى، ــ پىسخىك يېتەكچىمگە ئىچىمدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆكتۈم، ئۇمۇ ماڭا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوبدان چۈشەنچىلەرنى بەردى. ئۇنىڭغا بەك ئىشەنگەچكە، ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردىم. ئۇ بارا ـ بارا قابىل ئۇستازىم ۋە ئىچكۆيەر دوستۇم بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا تويۇقسىزلا ئۆزىنىڭ دەل نېگىر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نېگىرلار ھەققىدىكى قارىشىم ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەردى. مانا ھازىر مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى ئادەمنىڭ ئىرقى ئەمەس، بەلكى خىسلەت ـ پەزىلىتى.

پويىز بوستۇنغا يېتىپ كەلدى.

ــ شۇنداق. ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىلىش بەدىلىگە نېگىرلارنى پەس كۆرۈش ئىللىتىدىن قۇتۇلدۇم، شۇڭا بەختىيارمەن، ــ دېدى ئەما يولۇچى پويىزدىن چۈشىدىغان چاغدا.

ئۇ، ۋوگزالدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئايالىنى مېھرى بىلەن قۇچاقلىدى. ئايالىنىڭ چاچلىرى ئۈچتەك ئاقارغان نېگىر موماي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

پاھ، شۇنىڭغا ھەيرانمەن: چولپاندەك كۆزلىرىم تۇرۇپمۇ يۈرىكىمدە ئۆچ ـ ئاداۋەت، نېمدېگەن بەختسىزلىك ـ ھە!

كۆز كۆپ ھالدا ئادەمنى ئازدۇرىدىكەن ھەتتا ئالدىۋېتىدىكەن. مېنىڭچە، پانىي دۇنيانىڭ بەختىيارلىرى ئەمالار بولسا كېرەك. چۈنكى، ئۇلار دۇنيانى كۆزى بىلەن ئەمەس بەلكى يۈرىكى بىلەن كۆرىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

---

بۇ يازما «ئاۋام ئوقۇشلۇقى» گېزىتىدىن «ياشلار مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىل فېۋرال (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان، **ئابدۇكېرىم ئابباس** تەرجىمىسى، تىلماچ: قەشقەر ۋىلايىتى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ خادىمى

# جاھان ئەھلى بىر ئائىلە

## ساندرا.ج.بىن

قايسىبىر ئالىم: «بىر دۆلەتتە، ھەتتا بىر ئائىلىدە ياشايدىغان ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئىككى مىللەت مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىنمۇ چوڭ بولىدۇ» دېگەنىكەن. ئەجەبا، تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى ئوخشاش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر جۇڭگولۇقلار بىلەن ئامېرىكىلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىنمۇ چوڭمىدۇ؟

ئۆزۈمنىڭ ئائىلىسىنى ئېلىپ ئېيتسام، بەزىمىز كلاسسىك مۇزىكىلارنى ياقتۇرىمىز، بەزىمىز زامانىۋى جاز مۇزىكىلىرىغا ئامراق؛ بەزىمىز ئوينالغانلىكى ئوپېرالارنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي كۆرىمىز، بەزىمىز تىياتىر ناخشىلىرىنى مۆڭگى يوق، دەپ ئۆچ كۆرىمىز. قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ بەزىلىرى ئادەمخۇمار كەلسە، بەزىلىرى يالغۇزلۇقنى خالايدىكەن؛ بەزىلىرىمىز مۇنازىرىگە خۇشتار زىيالىيلار، بەزىلىرىمىز بېلىق تۇتۇش ياكى ئەتىكى ھاۋارايى ئەھۋالى دېگەندەكلەرگە قىزىقىدىغان ئەمگەكچىلەر. شۇنداق. تەبىئىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەملەر ئارام كۈنلىرى جەم بولۇپ قالساق، بىزدە باللىقىمىزدىكى كەپسىزلىكلىرىمىزنى ئەسلەشتىن ئۆزگە ئورتاقلىق يوق دېيەرلىك. سىياسىي جەھەتتىكى ئىختىلاپلىرىمىزچۇ تېخى! ئىشقىلىپ، بىر-بىرىمىزنى بىزەمۇ چۈشەنمەيمىز.

يازغۇچى ۋە تىلشۇناس ستېۋىن پېڭكىر شۇنداق دېگەنىدى: «ئەنئەنىۋى ئىنسانشۇناسلىقنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەقىلگە سىغمايدىغان غەلىتە ئامىللار ھەققىدىكى ۋائىزلىقلىرى ئاخىر ئىنسانلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ ... بۇ ھەم ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، بىزنى مەپكۇرلىرىمىزنىڭ ئورتاقلىقىدىن قەتئىينەزەر ‹تونۇشلار› ۋە ‹ناتونۇشلار› دېگەندىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا ئايرىپ تاشلايدۇ». دېمىسىمۇ، پېڭكىر بۇ نۇقتىنى سەممىزگە سېلىپ ئۇلۇغ ئىش قىلغانىكەن.

ئۇ يەنە مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ:

ناۋادا تاشقى پلانېتا ئادىمىدىن بىرى زېمىنغا چۈشكۈدەك بولسا، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئۇ ئەزەلدىن قىياس قىلىپ باقمىغان يوقىرىقىدەك پەرقلىرى ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىگە بەكلا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئورتاقلىقلىرى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغان بولار ئىدى. ئۇ، ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك ـ تۈمەن خىل گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى PDA(كومپيۇتېردىكى تۈرلۈك ئۇچۇرنى ئانالىز قىلىدىغان ئۈسكۈنە)سىگە كىرگۈزۈپ، ئاندىن چۈشىنىدۇ. قېنى، دەپ بېقىڭە: ئاشۇ تاشقى پلانېتا ئادىمىنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى نېمە بىلەن تۈگەللىنەر؟

جاھاندىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ گېپىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى بولىدۇ؛ دۇنيادىكى 800 خىلدىن ئارتۇق تىلنىڭ ھەممىسىدە ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زاماننى بىلدۈرىدىغان گراممatikىلىق شەكىللەر، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن دوستلۇق، غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن خۇشاللىق ... نى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق خاراكتېرگە ئىگە كەلىمىلەر ساماندەك.

دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ھېلىقى تاشقى پلانېتا ئادىمىنىڭ ئىنسانلارنى گەرچە تۈرق ـ قىياپەت، ئەپت ـ تەلەت جەھەتتە پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بىر تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان شېۋىلىرىدە گەپلىشىدىكەن، دەپ چۈشىنىشى تۇرغانلا گەپ.

پېگكىر يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر دېگەن ئىنسانلارنىڭ گىرەلەشمە مەدەنىيىتى ۋە مۇرەككەپ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئورتاقلىقلىرىنى ئېچىپ بېرىلىپ تەتقىق قىلىدىغان زامان. پەرقلەر ھەققىدىكى شەرھ بايانلىرىمىز يېتىپ ئاشتۇ. بۇ ھەقتىكى زىيادە ئەزۋەيلەشلەر ئاخىر بېرىپ ئىنسانلارنى بىر-بىرىدىن بەزدۇرۇپ، مىڭ يىللاپ گۇمان ۋە قورساق ئۆرۈشىغا سالدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى چۈشىنىشمەسلىك ئەۋجىگە چىققاندا، بىر-بىرىمىزنى ئىنكار قىلىپ، ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئادىمىي خىسلەتلەردىن ۋاز كېچىشكە قىستاپ، ھەتتا بىر-بىرىمىزنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈشكە، قىرغىن قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. دېمەك، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرقلەرنى جاۋۇلداپ سۆزلەپ، بىر-بىرىمىزدىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان بالىلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنى ئىنسانىيەت ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى قاتارىدا قويۇپ ئويلىنىدىغان، ئورتاقلىقلىرىمىزنىڭ پەرقلىرىمىزگە قارىغاندا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى جاكارلايدىغان ۋاقتىمىز كەلدى».

سىرتىمىزدىن شۇنداقلا قارايدىغان بولساق، ھەممىمىز ئوپئوخشاش. مەسىلەن، يامغۇرلۇق كۈنلەردە بېيجىڭ كوچىلىرىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرگە نەزەر سېلىپ باقايلى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يامغۇرلۇق كىيىۋالغاچقا، قايسىسىنىڭ جۇڭگولۇق، قايسىسىنىڭ چەت ئەللىك، قايسىسىنىڭ خەنزۇ، قايسىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمايسىز. چۈنكى، كۈللى ئىنساننىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ئوپئوخشاش. ھەممىزنىڭ بىردىن بېشى، بىر جۈپتىن پۇت-قولى بار؛ ھەممىمىزنىڭ قاش-كۆزى ۋە قۇلاق-بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئىككىدىن؛ سۆزلەشكە، يېيىشكە يارىتىلغان بىردىن ئېغىزىمىز بار.

ھەرقانداق ئادەمدە ھېسسىيات بولىدۇ. گويا «كاسابلانكا» دېگەن ناخشىدا كۈيلەنگەندەك: «سۆيگۈ دېگەن يەنىلا سۆيگۈ، ئاھ ۋە ھەسرەت پەقەت نادامەت!»

«سۆيگۈ» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچىدىكى ئۇقۇم دائىرىسى ئوپمۇ ئوخشاش. مېھىر-مۇھەببەت ۋە قايناق ھېسسىيات ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ؛ ئاشۇ ھېس-تۇيغۇ ئىنسانلارنى ئەسىرلەشىشقا، سىردىشىشقا دالالەت قىلىپ تۇرىدۇ. بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ بىر-بىرىگە مېھرى بار-يوقلۇقىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قانداق ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى، ياكى ئارازلىشىپ ئاجرىشىپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن-يەتمىگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ بىرگە تۇرغان چاغدىكى روھىي ھالىتىگە قاراپلا ئاڭقىرالايمىز: يېنىمىزغا ئاستا كەلگەن بىراۋنىڭ نەلىك ئىكەنلىكىنى، تىلىمىزنىڭ بىر ياكى ئەمەسلىكىنى شۇنداق قاراپلا جەزم قىلالايمىز. بۇ دەل بەدەن تىلىنىڭ كارامىتى. يېنىمىزدا تۇرغان بىراۋنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىسەكمۇ، ئۇنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى كەيپىياتى، سۆزلىرىنىڭ ئۇرغۇسى، ئاۋازىنىڭ جاراڭلىق ياكى مۇڭلۇقلۇقىغا قاراپلا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ھۆكۈم قىلالايمىز.

پېگكىر: ھېسسىيات ۋە مەدەنىيەت خۇسۇسىغا ياتىدىغان ئورتاقلىقلار مىللەت ۋە دۆلەت ئايرىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئىنسانلار ئارىسىدىكى پەرقلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. دۇرۇس، ھەرقانداق مەدەنىيەتتە گۈزەللىك ئەڭ قەدىرلىنىدۇ؛ بىرەر چىرايلىق — ئوماق بوۋاقتىن، ساھىبجامال ئايالدىن ياكى قاملاشقان ئەر كىشىدىن ئافرىقىلىقلارمۇ، ئاسىيالىقلارمۇ، ياۋروپالىقلارمۇ ئوخشاشلا زوقلىنىدۇ. ھەرقانداق مەدەنىيەتتە ئائىلىنى قوغداش، جىنايەتچىنى جازالاش ... قاتارلىقلار يادرولۇق مەزمۇن قىلىنغان. جىنايى قىلمىشلارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى شەرھلەرمۇ ھەرقايسى مىللەت ئارىسىدا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

شۇڭا نۆۋەتتىكى جاھان ئەھلىگە شۇنداق نىدا قىلىنماقتا: بىر-بىرىمىزنىڭ تاشقى پەرقلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشايلى، ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنايلى، ھەتتا ئۇنداق پەرقلەرنى تېخىمۇ قەدىرلەيلى. ئورتاقلىقىمىز ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنەيلى. چۈنكى جاھان ئەھلى بىر ئائىلە! ئاددىي ئەمما تىرەن مەنىدە ئېيتىلغان بۇ بىر جۈملە بىزنىڭ يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك «ئائىلە»دە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھالبۇكى، بىر ئائىلىدە بىللە ياشىماق ئاسان ئەمەس. شۇڭا، ھەممىمىز ئورتاق تىرىشايلى.

---

«ئىنگلىز تىلى دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىل 5-سانىدىن ئېلىنغان مەتتۇرسۇن ئىسلام تەرجىمىسى. تىلماچ: نىيە ناھىيە سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى

# «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» غا رەددىيە

## ئامارتيا سېن

*تەرجىماندىن:*

*يېقىنقى يىللاردىن بېرى خانتىڭتوننىڭ خەلقئارادا ئالاھىدە بازار تاپقان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيىسى ئۇيغۇرلارغىمۇ خېلى ئەترابلىق تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ھالبۇكى، غەربتە بۇ نەزەرىيىگە قارشى بولغان نەزەرىيىلەرمۇ خېلى كۆپ ئىدى. خانتىڭتوننىڭ بۇ نەزەرىيىسى ئېنى چاغدا ئوتتۇرىغا چىققان بىر نۇقتىنى چۆرىدىگەن تۈرگۈن نەزەرىيىنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىدى، خالاس. بۇ نەزەرىيىنىڭ بۈگۈنگىچە غۇلغۇلا پەيدا قىلىپ كېتىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب، ئۇنىڭ بېرلىن تېمى ئۆرۈلگەندىن كېيىن دۆلەتلەر ياكى مىللەتلەردىن كۆرە خىلمۇخىل مەدەنىيەتنىڭ دۇنيا سىياسىيسىنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللار بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغانلىقىدا ئىدى. ئۇ، بۇندىن كېيىنكى دۇنياۋى زىددىيەت-توقۇنۇشلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوت يىلتىزى ئىدېئولوگىيە ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت كۈرىشى بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەتلەر*

*ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئېھتىمال، بۇ نەزەرىيىگە قارشى نەزەرىيىلەر ئۇيغۇرلارغا كەڭرى تونۇشتۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ نەزەرىيە سوئال - سوراقسىز قوبۇل قىلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن نۆۋەتتە غەربتە خانتىڭتونغا قارشى پىكىرلەردە بولۇۋاتقان ئالىملار ئىچىدىن 1998 - يىلى ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمىدە نوبېل مۇكاپاتى ئالغان، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىساد ۋە پەلسەپە پەنلىرى پروفېسسورى ئامارتيا سېن (Amartya Sen) نىڭ بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق. بۇ يەردە بۇ كىشىنىڭ نەزەرىيىلىرىگىمۇ ئوخشاشلا تەنقىدىي پوزىتسىيىدە بولۇش زۆرۈرلۈكىنى ئۇنتۇماسلىق لازىم. بۇ، ئىلىم ساھەسىدىكى ئەقلىي بىر تەلەپ. نۆۋەندىكى پارچە ئامارتيا سېننىڭ 2006 - يىلى نەشر قىلىنغان «كىملىك ۋە زوراۋانلىق» (Identity and Violence) ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» غا قارشى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىدۇر. شارائىت يار بەرگەندە، بۇ كىتابنىڭ تولۇق نۇسخىسى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.*

## مەدەنىيەت مەھبۇسلۇقى

تەسەۋۋۇردىكى يەككىلىكنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىشلىتىلىشى كۆپ تالاش - تارتىشقا سازاۋەر بولغان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نۇقتىئىنەزەرىگە ئەقلىي ئارقا كۆرۈنۈش سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان ئاددىي ھالدىكى تۈرلەرگە ئايرىش ئىدىيىسىدە تېپىلىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەر يېقىندىن بۇيان، بولۇپمۇ سەمۇئېل خانتىڭتوننىڭ تەسىر قوزغىغان كىتابى « مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» نىڭ نەشردىن چىقىشى بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەندى، بۇ خىل مۇلاھىزە ئۇسۇلىدىكى چاتاق، توقۇنۇش ياكى توقۇنۇشماسلىق مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى خاس تۈرلەرگە ئايرىشتىن باشلىنىدۇ. دەرۋەقە، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نۇقتىئىنەزىرى ئۇقۇم جەھەتتە ئاتالمىش مەدەنىيەتلەر چېگرىلىرىنى بويلاپ خاس تۈرلەرگە ئايرىشتىن ئىبارەت باشقۇرغۇچى كۈچكە بېقىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي بۆلۈنۈشلەرگە يېقىندىن ئەگىشىپ يۈز بېرىشى بىرلا نۇقتىدىن كۆزىتىلگەن. خانتىڭتون غەرب مەدەنىيىتىنى «ئىسلام مەدەنىيىتى»، «ھىندى مەدەنىيىتى».«بۇددا مەدەنىيىتى» قاتارلىقلار بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ يەردە دىنىي پەرقلەر ئارىسىدىكى ئاتالمىش زىددىيەتلەر تاراشلاپ ياساپ چىقىلغان، بىردىنبىر ھۆكۈمران ۋە كەسكىن بۆلۈنۈش مەنزىرىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇۋېتىلگەن.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيادىكى كىشىلەرنى تەبئىي ھالدا يەنە باشقا نۇرغۇن بۆلۈش سىستېمىسىغا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەربىرى ھاياتىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. مىسالەن، مىللەت، ئولتۇراقلاشقان جاي، تەبىقە، كەسىپ، ئىجتىمائىي ئورۇن، تىل، سىياسىي ۋە ھاكازالار. دىنىي تۈركۈملەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى كۆپ تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار ھەرگىزمۇ باشقا پەرقلەرنى يوقىتىۋېتەلەيدىغان كۈچكە ئىگە بولغان ئەمەس. ئۇلارنى پۈتكۈل يەرشارىدىكى كىشىلەرنى تۈرگە ئايرىشنىڭ بىردىنبىر سىستېمىسى دەپ بىلىشىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. دۇنيا ئاھالىسىنى «ئىسلام دۇنياسى»، «غەرب دۇنياسى»، «ھىندى دۇنياسى»، «بۇددىزم دۇنياسى» غا تەۋە دەپ ئايرىغاندا، بۇ يەردىكى كۈچلۈك ئالدىنقى شەرت كىشىلەرنى يەككە يۈرۈشلۈك مۇقىم ئۆزگەرمەس قاپلار ئىچىگە جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن خۇپىيانە خىزمەت قىلغان بولىدۇ. باشقا بۆلۈنۈشلەر ( ئائىلىۋى، بايلار ۋە نامراتلار ، ھەرخىل تەبىقە ۋە كەسىپلەر ، ھەرخىل سىياسىي پوزىتسىيىدىكىلەر ، ھەرخىل مىللەت، ئولتۇراق جايلار ، تىللار ئارىسىدىكى بۆلۈنۈشلەر ۋەھاكازالار) نىڭ ھەممىسى كىشىلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنى كۆزىتىشنىڭ مەزكۇر ئاتالمىش ئەڭ مۇھىم يولى تەرىپىدىن غەرق قىلىنغان بولىدۇ.

مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ مۇشكۈلاتى، بىز ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان توقۇنۇش مەسىلىسىگە كېلىشتىن بۇرۇنلا باشلىنىدۇ. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە يالغۇز يەككە تۈرلەرگە ئايرىشقا تايىنىش پەرىزى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. دەرۋەقە، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشامدۇ؟» دېگەن سوئال ئىنسانىيەتنى ئەڭ ئالدى بىلەن روشەن پەرقلىق ۋە يەككە ھالدىكى مەدەنىيەتلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ ھەمدە خىلمۇخىل ئىنسان زاتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئەيتاۋۇر خىلمۇ خىل مەدەنىيەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر سۈپىتىدە قاراشقا بولىدۇ دېگەن پەرەز ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئاساسلىق چاتىقى، مەدەنىيەتلەر چوقۇم توقۇنۇشامدۇ دەپ سورىلىشتىن بۇرۇنلا كۆرۈلىدۇ.

بۇنداق ئاددىيلاشتۇرۇلغان قاراش، مېنىڭچە، تېپىك ھالدا ناھايىتى تۇتۇق بولغان دۇنيا تارىخى چۈشەنچىسى بىلەن باغلانغان. بۇ خىل تارىخ چۈشەنچىسى، بىرىنچىدىن، مۇشۇ مەدەنىيەت كاتېگورىيىلىرى ئىچىدىكى كۆپ خىللىقنىڭ دەرىجىسىنى، ئىككىنچىدىن، ئاتالمىش مەدەنىيەتلەرنىڭ رايون چېگرىلىرىدىن ھالقىغان مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشلەرنىڭ دائىرىسى ۋە تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ (بۇ ھەقتە 3 - بابتا تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ). شۇنداقلا، ئۇنىڭ قايمۇقتۇرۇش كۈچى ئۇشبۇ توقۇنۇش نۇقتىئىنەزىرىنى قوللىغۇچىلار (ئۆزىنى قارىغۇلارچە چوڭ كۆرگۈچى غەربلىكلەردىن تارتىپ ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىگىچە) نىلا ئەمەس، بەلكى يەنە يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇرماقچى بولغانلارنىمۇ چۈشەپ قويالايدۇ.

مەدەنىيەتكە تايىنىلغان بۇنداق تەپەككۇرنىڭ ئاجىزلىقلىرى «مەدەنىيەتلەر ئارا سۆھبەت» پىلانلىرى (بۇ كۈنلەردە قارىماققا مۇشۇنىڭ كويىدا كۆپ بولۇۋاتىمىز) غا نىسبەتەن خەۋپلىك

بولۇپلا قالماستىن، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشلىرى نەزەرىيىلىرىگىمۇ ئوخشاشلا خەۋپلىكتۇر. كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستانىلىكنى مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى دوستانىلىك سەۋىيىسىدە كۆرۈپ ئىزدەش، كۆپ قىرلىق ئىنسانلارنى ناھايىتى تېزلا ئايرىم-ئايرىم يەككە بۆلەكلەر ھالىتىگە ئەكېلىپ قويىدۇ ھەمدە ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان چېگرا ھالقىغان ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشلەر ئۆچۈن مول ۋە رەڭگارەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن خىلمۇخىل پائالىيەتنى، جۈملىدىن ئىنسانىيەت ئورتاق ھالدا كۆتۈل بۆلىدىغان سەنئەت، ئەدەبىيات، ئىلىم-پەن، ماتېماتىكا، ئويۇن، سودا، سىياسىي قاتارلىق ساھەلەرنى چەكلەپ قويىدۇ. دۇنياۋى تىنچلىققا بولغان ئىجابىي مەنىدىكى تەلپۈنۈشلەر تۈپتىن خاتا بولغان ئىنسانىيەت دۇنياسى چۈشەنچىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان چاغدا ئىنتايىن سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

## دىنلار فېدېراتسىيىسىدىن ھالقىش

دۇنيا خەلقىنى داۋاملىق ھالدا دىنغا تايىنىپ تۇرۇپ تۈرلەرگە ئايرىش يەنە كېلىپ غەربنىڭ دۇنياۋى تېررورىزم ۋە توقۇنۇشلارغا بولغان ئىنكاسىنى ئىنتايىن كالامپاي قىلىپ قويماقتا. «باشقا كىشىلەر» گە بولغان ھۆرمەت دۇنياۋى ئۆزئارا تەسىر ئىچىدىكى خىلمۇخىل كىشىنىڭ دىنىي ۋە دىندىن خالىي ساھەلەردىكى كۆپ قىرلىق پائالىيەتلىرى ۋە ئۆتۈقلىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇش بولماي، بەلكى ئۇلارنىڭ دىنىي كىتابلىرىنى ماختاش بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە. بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىيسىدىكى مەنىسى تۇتۇقلىشىپ كەتكەن سۆز- ئاتالمىش «ئىسلام تېررورىزمى» غا دۇچ كەلگەن غەرب سىياسىي سەھنىسىدىكى زىيالىيلار قوشۇنى ئەمدى ئىسلامغا تەبىر بېرىش ياكى قايتا تەبىر بېرىشكە كۆچەپ ئۇرۇنماقتا.

ھالبۇكى، يالغۇز دىنىي تۈركۈملەرگە ئايرىشقا مەركەزلىشىش كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ تۇرىدىغان باشقا مۇھىم مەسىلىلەر ۋە ئىدىيىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپلا قالماي، بەلكى دىنىي دائىرىلەر ئاۋازىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىشىغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، گەرچە دىنىي جەھەتتە تاسادىپىي ھالدا مۇسۇلمان بوپقالغان نۇرغۇن كىشى، مەلۇم بىر موللىنىڭ تەشەببۇس قىلغىنى بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاتالمىش ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەسمىي قانۇنىي باياناتچىلىرى بوپقالىدۇ. رەڭگارەڭ، كۆپ تەرەپلىمە پەرقىمىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيا تۇيۇقسىزلا ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپى ئەمەس، بەلكى دىن ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ فېدېراتسىيىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بىرتانىيىدە كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتنىڭ مەجبۇرىيىتى ھەققىدىكى چوڭقۇر قاراش دۆلەت ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇسۇلمان مەكتەپلىرى، ھىندى مەكتەپلىرىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان دۆلەت ئىقتىسادىغا تايىنىدىغان خرىستىيان مەكتەپلىرىگە تولۇقلىما شەكلىدە مەيدانغا كېلىپ تەرەققىي قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ مەكتەپلەردە گۆدەكلەر خىلمۇخىل كىملىك سىستېمىسى ھەققىدە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئېرىشىشتىن بۇرۇنلا يەككە خىلدىكى تەۋەلىك دائىرىسىگە مەھكۇم قىلىنماقتا. سەل ئىلگىرى، شىمالىي ئېرېلاندىيىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپلەر كاتولىك ۋە پروتېستانت دىندىكىلەرنىڭ بۆشۈكىدىن باشلاپ تۈرگە ئايرىلغان چېگرىنى بويلاپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا يىراقلىشىشقا تۈرتكە بولغانىدى. ئەمدى بىرتانىيىدە شۇ خىلدىكى «بايقالغان» كىملىكلەرنىڭ ئالدىن بەلگىلىنىشىگە يول قويۇلماقتا، بۇ ئەمەلىيەتتە بىرتانىيە ئاھالىسى ئارىسىدا تېخىمۇ كۆپ ياتلىشىشنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىماقتا.

دىنىي ياكى مەدەنىي تۈرلەرگە ئايرىش، ئەلۋەتتە يەنە دۈشمەنلىككە تولغان بۇرمىلاشلارنىڭ مەنبەسى بوپقالىدۇ. مەسىلەن، ئۇ مەلۇم خىلدىكى قوپال چۈشەنچە شەكلىدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ئامېرىكا لېيتىنانت گېنېرالى ۋىللىيام بويكىننىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشنى تەسۋىرلەپ ئېيتقان قۇلاقنى يارغۇدەك ياڭراق ھەم مەشھۇر خىتابى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ: « مەن بىلىمەن، مېنىڭ خۇدايىم ئۇنىڭكىدىن ھەيۋەت» دەيدۇ ئۇ. ئۇنىڭچە، خرىستىيان خۇداسى «ھەقىقىي خۇدا، مۇسۇلمانلارنىڭ بولسا بىر مەبۇد»مىش. بۇنداق قاراملىقنىڭ ئۆچىغا چىققان ئەخمىقانە تەرىپىنى كۆرۈۋېلىش بەكمۇ ئاسان. شۇ سەۋەبتىن ئىشىنىمەنكى، بۇنداق «تىزگىنسىز زەمبىرەكلەر»نى قوپاللىق بىلەن تاشلاشنىڭ خەتىرى نىسبەتەن چەكلىك بولىدۇ. ھالبۇكى، نۆۋەتتە مۇسۇلمان پائالىيەتچىلەرنى قارشىلىقتىن يانىدۇرۇش مەقسىتىدە غەربتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلامغا مۇۋاپىق تەبىر بېرىش سىياسەتلىرى — «تىزگىنلىك زەمبىرەكلەر» نىڭ خەتىرى تېخىمۇ زور بولسا كېرەك. ئۇلار ئىسلامنىڭ تىنچلىقپەرۋەر دىن ئىكەنلىكى ھەمدە «ھەقىقىي مۇسۇلمان» كەڭ قورساق شەخس بولۇشى كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام تېررورچىلىرىنى زوراۋانلىقتىن تارتىپ چىقارماقچى بولماقتا. ئىسلام قارشىلىشىش پەيدا قىلىدىغان دىن دېگەن قاراشنى ئىنكار قىلىش بۈگۈنكى كۈندە ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ھەم پەۋقۇلئاددە مۇھىمدۇر. بىراق بىز يەنە «ھەقىقىي مۇسۇلمان» نىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىگە ئاساسەن سىياسىي تېرمىنلار بىلەن تەبىر بېرىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ چوقۇم زۆرۈرلۈكى ياكى پايدىسى بولىدىغانلىقى ۋە ياكى ھەتتا مۇمكىن بولىدىغانلىقىغا سوئال قويۇشىمىز كېرەك.

## مۇسۇلمانلار ۋە بىلىمنىڭ كۆپ خىللىقى

بىر كىشىنىڭ دىنى ئۇنىڭ ھەممىنى قاپلىغان ھەم بىردىنبىر كىملىكى بولۇشى زۆرۈر ئەمەس. بولۇپمۇ، ئىسلام بىر دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسۇلمانلار ھاياتىنىڭ نۇرغۇن ساھەسىدىكى مەسئۇلىيەتچان تاللاشلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ. دەرۋەقە، بىر مۇسۇلماننىڭ دۈشمەنلىشىش ئىدىيىسىدە، يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ باشقا دىنلارغا پۈتۈنلەي كەڭ قورساق پوزىتسىيىدە بولۇشى مۇمكىن ئىشتۇر. بۇنىڭلىق بىلەن

بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇسۇلمان بولۇشتىن توختاپ قالمايدۇ.

ئىسلام تارىخى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىنى پەرقلەندۈرۈشتە مەغلۇب بولساق، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تېررورىزمغا بولغان ئىنكاسىمۇ بىزنى ئىنتايىن قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. مۇسۇلمانلار خۇددى دۇنيادىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاشلا نۇرغۇن، خىلمۇخىل ئىستەككە ئىگە. ئۇلارنىڭ بارلىق مۇھىم دەپ بىلگەنلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن ئىبارەت يەككە كىملىكى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ( بۇ ھەقتە 4 ـ بابتا كۆپرەك توختىلىمەن.) ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكى، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىنىڭ كاتتىۋاشلىرى پەقەت مۇسۇلمان بولماقنىڭ يۈزىسىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا بارلىق كىملىكىنى باستۇرماقچى بولىدۇ. بىراق، شۇنىسى ئاجايىپ غەلىتىكى، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولغانلارمۇ قارىماققا مۇسۇلمانلارنى پەقەت ئىسلامىي تۈستىن باشقا شەكىلدە كۆرەلمەيۋاتقاندەك تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار تاسادىپىي ھالدا مۇسۇلمان بوپقالغان شۇ خىلمۇخىل ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىرلىق تەبىئىتىنى كۆرۈشتىن كۆرە، ئىسلامغا قايتا تەبىر بېرىشكە ئۇرۇنماقتا.

كىشىلەر ئۆزلىرىنى خىلمۇخىل تەرەپتىن كۆرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، بىر بېنگاللىق مۇسۇلمان پەقەت مۇسۇلمان بولۇپلا قالماي، بېنگال تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مۇزىكىسىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىدىغان بىر بېنگاللىقتۇر. ئۇنىڭ تەبىقە، جىنس، كەسىپ، سىياسىي، ئېستېتىك زوق ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك باشقا كىملىكلىرىنى تىلغا ئالمايلا قويايلى. بېنگالنىڭ پاكىستاندىن بۆلۈنۈپ چىقىشى ھەرگىزمۇ دىنغا ئاساسەن بولغان ئەمەس، چۈنكى بۆلۈنمىگەن چاغدىكى پاكىستاننىڭ ئىككى قانىتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق مۇسۇلمان كىملىكىگە ئىگە ئىدى. بۆلۈنۈش تىل، ئەدەبىيات ۋە سىياسىيغا مۇناسىۋەتلىك بولدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتمۈشى ياكى ئەرەب ئەنئەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ پەقەت دىنىي ئېتىقادلارغىلا ئالاھىدە مەركەزلىشىشى، ئەرەب ۋە مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرى ناھايىتى كۆپ تۆھپە قوشقان ھەم مۇسۇلمان ۋە ئەرەب كىملىكىنىڭ بىر قىسمى بولالايدىغان ئىلىم ـ پەن ۋە ماتېماتىكىغا ئېتىبار بەرمەسلىكى رېئال مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەستۇر. بۇ ئەنئەنىنىڭ مۇھىملىقىدىن قەتئىينەزەر، قوپال تۈرلەرگە ئايرىش باشقىلارنى دىنىي چوڭقۇرلۇقلاردىن ئىپتىخارلىق ئىزدەشكە قويۇپ، ئىلىم ـ پەن ۋە ماتېماتىكىنى «غەرب ئىلىم ـ پېنى» سىۋۇتىگە سېلىش خاھىشىدا بولىدى.

ھەتتا «مۆتىدىل ئىسلام» نى تەلۋىلەرچە ئىزدەۋاتقان غەربلىكلەر سىياسىي قاراشلاردىكى مۆتىدىللىك بىلەن دىنىي ئېتىقادتىكى مۆتىدىللىكنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىمەكتە. بىر كىشى كەڭ قورساق سىياسىي پوزىتسىيە بىلەن بىللە كۈچلۈك دىنىي ئېتىقادقا (ئىسلام ياكى باشقا) ئىگە بولۇشى مۇمكىن. 12 ـ ئەسىردە ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدا ئىسلام ئۈچۈن باتۇرلارچە جەڭ قىلغان ئىمپېراتور سالاھىددىن ئەييۇبىي ھېچقانداق توقۇنۇشسىز ھالدا، قوينى تار ياۋروپادىن قېچىپ كەلگەن مەشھۇر يەھۇدىي پەيلاسوپ مايمونىدېس (Maimonides) قا ئۆز ئوردىسىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بەرگەن. 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، بىدئەت گىئوردانو برۇنو رىمدا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەندە، بۈيۈك موغۇل شاھ ئەكبەر (ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ تۇغۇلغان ھەم مۇسۇلمان پېتى ئۆلگەن) ئاگرادا ئاممىۋى دىنىي ئەركىنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئازسانلىقلارنىڭ ھوقۇقىنى قانۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت زور تېپتىكى ئىشنى پۈتتۈرۈپ تۇراتتى.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتا شۇكى، ئەكبەر مۇسۇلمان بولۇشتىن قالماي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەڭ قورساق سىياستى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئەركىن بولالىغان. بۇ خىل كەڭ قورساقلىق ئىسلام تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ياكى چەكلەنگەن ئەمەستۇر. يەنە بىر موغۇل شاھ ئائۇراڭزەب (Aurangzeb) بولسا ئازسانلىقلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى رەت قىلغان ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم سالغان. ئەكبەر سېخىي ھەم كۆپ خىللىققا يول قويۇلغان سىياستى سەۋەبىدىن مۇسۇلمان بولۇشتىن توختاپ قالمىغاندەك، ئۇمۇ ھەم شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان بولۇشتىن قالمىغان.

ئىنسان كىملىكىنىڭ تاللاش مۇمكىنچىلىكى يوق يەككىلىكىدە چىڭ تۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ئوبرازىنى چۈشۈرۈپلا قالماستىن بەلكى دۇنيانى تېخىمۇ زور قانلىق توقۇنۇشلارغا باشلاپ كىرىدۇ. لېكىن بۇ ھەممىمىز ئوخشاشىمىز دېگەنلىك ئەمەس. بىز ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە تولغان يەرشارىمىزدا ئىناقلىقنى قۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئۈمىد كىملىكىمىزنىڭ كۆپ خىللىقىدىدۇر.

---

* باش ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئىنگلىزچىدىن دىلمۇراد مەھمۇد تەرجىمىسى. تىلماچ: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا لېكتور، ھازىر ئەنگلىيىدە ئىلىم تەھسىلدە (M2)، (M1)

بۇ سان 2009 ـ يىل 10 ـ ئىيۇلدا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ ئىيۇلدا نەشىردىن چىقتى.

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن(M3). بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)



تالانتلىق شائىر، يازغۇچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان پەرھاد ئىلياس ئەپەندى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2009 ـ يىل 4 ـ سان (ئومۇمىي 298 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 ـ نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58－22　定价：6元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ــ 58 باھاسى: 6 يۈەن

# مۇقەددەس زېمىن، سىرلىق دىيار

— فوتوگراف ئابلىكىم ئەمەت ئەسەرلىرىدىن











